# خاتالىق كىمدىن ئۆتۈۋاتىدۇ؟

( ئىستىقلال ھەرىكەتلىرى توغرىسىدا قىسقىچە مۇلاھىزە )

ئابدۇرەھىمجان ئابدۇرەشىد

شەرقى تۈركىستان ئازاتلىق نەشرىياتى
2011

مەسئۇل مۇھەررىر : تۇرغۇنجان ئالاۋۇدۇن
كوررېكتور، مۇقاۋا لايىھىلىگۈچى : كۈرەش

شەرقى تۈركىستان ئازاتلىق نەشرىياتى نەشىر قىلدى
2011 ـ يىلى 5 ـ ئاپرىل مىيۇنخىن 1 ـ نەشرى

ئېلخەت : Abdurehimjan64@hotmail.com

تېل : 0049 179 82 00 182

# خاتالىق كىمدىن ئۆتۈۋاتىدۇ؟

( ئىستىقلال ھەرىكەتلىرى توغرىسىدا قىسقىچە مۇلاھىزە )

## ئابدۇرەھىمجان ئابدۇرەشىد

ئېغىرلىق كۆتۈرۈشتە پىششاڭ ئىشلىتىشنى بىلگەندىن باشلاپ ئىنسانلارنىڭ ئەقلى قابىلىيىتى جىسمانى ئاجىزلىقىنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇپ كەلمەكتە. كۈچ يەتمىگەن ھەرقانداق مۇشەققەتتە جەزمەنكى ئەقىل ھەرىكەتلىنىشى كېرەك. چۇمۇلە ئۆزىنىڭ ۋەزنىدىن ئون سەككىز ھەسسە ئارتۇق ئېغىرلىق كۆتۈرەلەيمىش. بۇ گەپنىڭ ئىلمىيلىكىدىن مەلۇماتىم يوق. ئەمما « بىز نېمىشكە چۇمۇلىچىلىك غەيرەت كۆرسۈتەلمەيمىز؟ »ـ دەپ كايىپ قالىدىغانلارغا ـ چۇمۇلىنىڭ پىزىلوگىيىلىك قۇرۇلمىسىدا پىششاڭ قانۇنىيىتى ۋە ئالاھىدىلىكى مەۋجۇت ئىكەن، بۇ ئەۋزەللىك ئىنساننىڭ ئىچكى قابىلىيىتى بولغان ئەقىلگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان ـ دەپ، ئەسكەرتمەكچى بولدۇم. ئىنساننىڭ مەنىۋىياتىدىكى ئىمان، ۋىجدان، ئەقىدە، جاسارەت قاتارلىق جەۋھەرلەردىنمۇ بەكرەك قىممەتلىكى ئەقىلدۇر. ئۇنى دەل جايىدا، تولۇق ئىشلىتەلىگەنلەر غالىپ، بەختلىك، تالەيلىك كىشىلەردۇر. ئەكسىچە بولغاندا ئېغىرلىق ئاستىدا يانچىلىدۇ خالاس .

قولىغىزدىكى بۇ كىتاپتا ئىنقىلاۋى ھاياتىمىزدا نىمىنىڭ يىتىشمەيۋاتقانلىقى توغۇرلۇق تەھلىل يۇرگۇزۇلگەندىن سىرت، مەغلۇبىيەتلەرنىڭ يوشۇرۇن سىرلىرى، سىرلارغا چىتىشلىق قىسمەن ھادىسىلەر تەكرار ئوتتۇرغا قويۇلىدۇ. خۇلاسىلاپ ئىيتقاندا بۇنىڭدىن ئاۋالقى ئىش ـ ھەرىكەتلەر قايسى يۆنۇلۇشتە، قانداق شەكىلدە ئىلىپ بىرىلىشى كىرەك ئىدى ؟ ـ دىگەن مەقسەت ئالغا سۇرۇلىدۇ. لىكىن بۇنىڭدىن كىيىن قانداق قىلىش كىرەكلىكى يەنىلا يىپىق پىتى قالىدۇ. قىسقىسى بۇ كىتاپتىكى پىكىر، قاراشلار مۇلاھىزە بولۇشتىن بەكرەك  مۇنازىرە ئىكەنلىكى ئىنىق. شۇڭا ۋەتەن مىللەتنىڭ غىمىنى قىلىشتىن ئاۋال مۇنازىرىنى ياخشىراق قانات يايدۇرۇپ، ئاندىن مۇلاھىزىلەپ، ئەقىل ئارقىلىق چىقىرىلغان  يەكۇن بىلەن تۇتۇش قىلساق بەلكى ئۆزۇمىزدىن چەكسىز ئىغىر يۇكنىڭ ئاستىدا يىمىرلىپ كىتىشىمىزنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولار دىگەن ئۇمۇتتىمەن. شۇ مۇناسىۋەتتە مۇنازىرىلەر كىتاپ شەكلىدە كۆپچۇلۇككە سۇنۇلدى.

# 1

« ئۆتنى كىم تۇتسا شۇنىڭ قولى كۆيىدۇ » ـ دەپ، بىر چەتتە قاراپ تۇرسىڭىز، ئوت ئۇچقۇنلىرى سىزگىمۇ چاچراپ كېتىشى مۇمكىن.... ياكى ئوتنى تۇتۇپ قولى كۆيگەندىن كېيىن كۆيۈك ئازاۋىدا « دات » لىسا يۈرىكىڭىزنىڭ قېتىدا يوشۇرۇن بىر كۆيۈك ئازاۋى سىزنىمۇ كۆيدۈرۈشى ئېنىق..... ئەگەر ئوت ئۇچقۇنلىرى سىزگە چاچرىماي، ئوتنى تۇتقۇچىنىلا كۆيدۈرگەندە، ئۇنىڭ « دات» لىرى سىزگە ئازاپ ھېس قىلدۇرمىسا، ياكى ئۇنىڭ ئازاپلىرىدىن سىز شاتلانسىڭىز ئۇ چاغدا سىزدىكى ئادىمىلىكتە مەسىلە بار دېگەن گەپ.....

ئۇيغۇر دەۋاسىغا ئارلىشىش ئوت بىلەن ئويناشقانلىق. ئۇيغۇرنىڭ غېمىنى يېيىش ئوتقا ياغ چاچقانلىق. ئۇيغۇرنىڭ ئىشىدىن ئۆزىنى يىراق تۇتقانلىق ئوتتا كۆيگۈچىدىن شاتلانغانلىق. ئۇيغۇر مەسىلىسى شۇنداق مۇرەككەپ بىر ماجرا. « تۆمۈر خەلىپەنى لىشىڭپۇ ئالدىدى»، « خوجانىيازنى شىڭشىسەي ئالدىدى»،« ئەخمەتجان قاسىمىنى ستالىن ئالدىدى » ياكى « تۆمۈر خەلىپە مەنسەپ تاماسىدا تۇزاققا چۈشكەن»، « خوجانىياز شىڭشىسەيگە سېتىلىپ سابىت داموللىنى تۇتۇپ بەرگەن، ئۇۋالىغا ئۆزى جازالاندى»، « ئەخمەتجان قاسىمى ستالىنغا باش قويۇپ ئاخىرى ئۆز بېشىنى يېدى».... دېگەندەك پەلپەتۇش گەپلەر بىلەن بىر دۆلەتنىڭ تەقدىرىدىن تارىخى يەكۈن چىقىرىپ كېلىۋاتىمىز .

ھازىرقى گەپنى يەنە شۇ يۇمشاق ئالىپتېكىن ئەپەندىدىن باشلىساق، ئۇ زات ئاساسەن غەرپتە يېتىلگەن، غەرپتە ياشىغان، پىكرى، خىيالى، ئەمەلىيىتى غەرپچە ـ رېئاللىققا ئادەتلەنگەن كىشى بولۇپ ئۇيغۇر دەۋاسىدىن ئىبارەت بۇ ئوتنى تۇتۇشتىن بەكلا ئەنسىرىگەن، لېكىن بۇ ئوتتىن ھەم يىراق كېتەلمىگەن، « ئوتنى كىم تۇتسا شۇنىڭ قولى

كۆيىدۇ» ـ دەپ، بىر ياقتا قاراپمۇ تۇرالمىغان، ئوتتا قولىنى كۆيدۈرىۋېلىپ « دات» لىسا  ھەم ئازاپ ھېس قىلغان ئەمما دەردىنى ئۆزىلا بىلىپ، باشقىلارغا ـ يەنى ئەتراپىدىكىلىرىگە چۈشەندۈرەلمەي دەرت تارتقان تىپىك دەرتمەننىڭ  بىرىدۇر.

بۇ ئوتنىڭ ھەم تۈتقىلى ھەم تاشلىۋەتكىلى بولمايدىغان بىر پاجىئە بولغانلىقى ئۈچۈنمىكىن : « ئۈككىلار مېنى تەشكىلاتنىڭ ئىچىگە سۆرەپ كىرىمىز دېمەڭلار. سىلەر تەشكىلاتنى ماڭدۇرۇپ، دەۋا دەستۈگۈرنى قىلىڭلار، غەرپ بىلەن بولىدىغان ئالاقە، مۇناسىۋەتلەردە مەن سىرىتتىن سىلەرنى قوللاپ، سىرىتتىن قوللىغۇچىلارنى جەلىپ قىلىپ ماسلىشاي، ئەمما مېنى ئىچىگە كىرگۈزۈپ قويساڭلار ئىشنىڭ ئىچىدە ھەممىمىز بوغۇلۇپ قېلىشتىن ئەنسىرەيمەن» ــ دەپ، ئالىپ تېكىن ئەپەندى ئارقىغا داجىپ تۇرسا، كىملەردۇر ئۇنىڭ تەشكىلاتقا باش بولۇپ ۋەزىپە ئېلىشىنى دەۋاغا شەرت قىلىۋېلىشقان ئىدى .

ــ ئۇ باش بولۇشقا بىردىن بىر سالاھىيەتلىك كىشى، ئۇ دېپلۇمات، ئۇ غەرپتە يېتىلگەن، ئۇ غەرپلىكنى ھەتتا غەرپلىكنىڭ ئىشىت مۇشۇكلىرىنىڭمۇ مىجەز ـ خارەكتېرىنى بىلىدۇ، ئۇ غەرپلىك بىلەن تەرجىمانسىز گەپلىشەلەيدۇ، ئۇ غەرپ تىللىرىدا نۇتۇق سۆزلەيدىغان بولسا يىغىن زالى ھەيۋەتكە تولىدۇ، ئۇ دەۋا ئۇستىدە تۇغۇلغان، ئۇنىڭ دادىسى داھى.... شۇنداق كۆپلىگەن ئالاھىدىلىكى بىلەن دەۋاغا باش بولۇشقا سالاھىيەتلىك  بىرلا شەخس ئىكەنلىكى مۇقىملاشتۇرۇلدى. لېكىن ئالىپ تېكىن ئەپەندى زادىلا ئارقىغا داجىپ تۇرىۋەردى. « ۋاي ئالتۇننى زەرگەر سوقسۇنەي، قوينى قاساپ سويسۇنەي.... ئەپەندىم دەۋاغا باش بولمىسا ھاماچام قىسىر قالتەي...» دېيىشىپ، ئەپەندىمنىڭ پاقالچىكىگە مەھكەم ياماشقانسىرى ئۇ جاناپ يىغلامسىراپ تۇرۇپ ئارقىغا داجىيتتى .

« ئۇنداق بولسا بۇ ئوغرى ئۇيغۇر دەۋاسىغا قارشى ئوخشىمامدۇ، نېمىشكە كەينىگە سىيىدۇ بۇ؟ »، « چوقۇم بۇنىڭ يىپ ئۇچى تەيۋەنگە باغلاقلىق، بۇنى تەيۋەن باشقۇرۇپ ئۇيغۇر دەۋاسىغا ئارلاشماسلىققا مەجبۇرلىغان»، « بۇ راھەت پەرەست ئادەم، جاپا تارتىشنى خالىمايدۇ، دوپپىسى يەرگە چۈشۈپ كەتسىمۇ پۇل خەجلەپ باشقىلارغا ئالدۇرىدۇركى ئۆزى يەرگە ئېگىششنى خالىمايدۇ، بۇنداق هورۇن ئادەمدىن ئۇيغۇرغا ۋاپا كەلمەيدۇ......» ، « تۈپى يۇزۇڭگە ئۇيغۇر دەۋاسىدىن ئۆزىنى قاچۇرغان ھەي مەلۇن! »، « ئىسسىت ساڭا قىلغان ئەقىدە!»،« سېنى داھىمىز دەپ چوقۇنغان شۇ ئۇيغۇرنىڭ ئەقىدىسىگە تۈپى! ......» مانا مۇشۇنداق تۈگىمەس ھاقارەت، نەپرەت، تەنە تە ئەددى، ئەيىپ نۇقسانلار ئارقىسىدا « ئۇكىلار مەن سىرىتتىن ھەمكارلىشاي دېسەم سىلەر مېنى زادىلا چۈشەنمىدىڭلار ۋە قوبۇل قىلمىدىڭلار. چۈشەنمىسەڭلارمىغۇ مەيلىتى لېكىن قېرىغاندا تىل ـ ھاقارەتكە چىدىماق تەس ئىكەن. ماقۇل، مەن باش بولاپ بىرەي ـ دېدى ئالىپ تېكىن ئەپەندى 2002 ـ يىلى نويابىر مىيونخىندا چاقىرىلغان « خەلقئارالىق ئۇيغۇر ۋەكىللىرى بىرلەشمە يىغىنى » دا. لېكىن ئارىدىن ئالتە ئاي ئۆتۈپ « ئۇكىلار، بۇ ئەھۋالىمىز بىلەن ھېچنەرسىنى ۋۇجۇتقا چىقىرالمايمىز، بىرلەشمە تەييارلىق كومىتېتىدا ئېلىنغان قارارلارنىڭ بىرسىمۇ بېجىرىلمىدى، قېنى پۇل، قېنى ئىشخانا، قېنى تەشۋىقات، ھەتتا ئارىمىزدا خىتاينىڭ كىشىلىرى بىلەن ئاپپاق ـ چاپاق بولۇپ يۈرگەنلەرمۇ باركەن، بۇ ھالدا چوڭ بىر تەشكىلات قۇرۇپ مەيدانغا چىقساق بەك ئاسان رەسۋا بولۇپ كېتىمىز...... مەن بۇ ئىشتىن باش تارتىمەن...» ـ دېدى ئالىپ تېكىن ئەپەندى « داھى» لىقتىن ئىستىپا بېرىپ. يەنە تۈكۈردۇق ئۇنىڭ يۈزىگە، تىللىدۇق، ھاقارەتلىدۇق، تىللاپ ھارمىدۇق. كىملەردۇر بۇ ئىككى باش بولۇپ بىرلىشەلمەيۋاتقان دەۋاغا ئۇنى پەقەتلا شەرت قىلىۋالدى. « ئۇ

بولمىسا ۋەتەن ئازات بولمىسىمۇ مەيلىكى دەۋا بىر ياقىلىق بولمايدۇ » بولۇپ قالدى.

ئۇ ئىستىپا بېرىپ ئاردىن ئون ئاي ئۆتكەندە « بوپتۇ ئۇكىلار، بۇ ئىشنى بۇنداق تاشلاپ قويغىلى بولمايدۇ، بىر ياقىلىق بولايلى، مەنمۇ بۇ ئوتنىڭ ئىچىدىلا كۆيگىچە ئىچىدىلا كۆيۈپ كېتەي، كېلىڭلار بىرلىشىڭلار، بىرلىشەيلى! » ـ دېدى. 2004 ـ يىلى ئاپرىل ئالىپتېكىن ئەپەندى باشچىلىقىدا « دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى » بولۇپ « دۇنياۋى مەركەزلەشكەن » بىر دەۋا قۇرۇلمىسى ۋۇجۇتقا كەلدى. يەنە بېسىقمىدى. ـ كىملەردۇر « ئالىپتېكىن ئاپتونومىيەچىمىش » ، كىملەردۇر « ئالىپتېكىن خىتاي پەرەستىمىش»، كىملەردۇر « ئالىپتېكىن : بىز قۇرماقچى بولغان شەرقى تۈركىستان دۆلىتى هاكىمىيەتنى دىندىن ئايرىۋەتكەن، دېموكراتىك دۆلەت بولىدۇ دەپتىمىش، ئۇ دىنسىز ئىكەن، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ماڭغانمۇ ئىماندىن ئاجرايدۇ»، كىملەردۇر« ئالىپتېكىن مۇستەقىلچى ئەمەسمىش»، كىملەردۇرـ « فىدراتىسەچىمىش» ـ دېيىشتى. ئۇ زاتنىڭ 2 يىللىق « داهى» لىق هاياتى شۇنچىلىك كۆڭۈلسىز ئۆتكەندىن كېيىن ئاخىرقى « خىزمەت خۇلاسىسى » : ئالىپتېكىن ئەپەندى 2 يىل ئىچىدە تۆۋەنى پارلامېنت ئەزالىرى ۋە باش مىنىستىرلاردىن يوقۇرسى ب د ت باش كاتىۋى كوفى ئاننانغىچە بولغان ئورگان ۋە شەخسلەرگە 5 مىڭ پارچىدىن ئارتۇق خەت ـ چەك، فاكس، ئېلخەت يوللىدى ـ دەپ دوكلات قىلىنغاندا ـ « ئۇنداق بولسا ئەپەندىم پوچتاخانىدا ئىشلىگەن ئوخشىمامدۇ » دېيىلىپ چاۋاك چېلىندى.

مانا بۇ ئوت شۇنداق كۆيدۈرگۈچى ئوتكى، ئۇنى هەم تاشلىۋېتەلمەيسىز، ياكى تۇتالمايسىز. ئېهتىياتچان، دېپلوماتىيەگە ئۇستا بىر ئەرباپ ئۇيغۇر دەۋاسىدا ئاشۇنداق قاقمىلارغا چۈشۈپ چىقتى. ئاسماندىن يۇلتۇز

چۈشكەندەك رابىيە قادىر خانىم تۈرمىدىن ئەركىن دۇنياغىلا چىقىۋىدى، دەۋا تېخىمۇ يوغان ئىككى قۇتۇپلۇق بولۇپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ ئۇنىڭ ئۇيغۇر دەۋاسىغا رەھبەر بولۇشى شەرت بولۇپ قالدى. بۇ ۋەزىيەتنى رابىيە قادىر خانىممۇ سەزگەن ۋە قايغۇرغان چېغى، شەرتنى قوبۇل قىلدى. دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنى ئۇستىگە ئالدى. گەپ بۇنىڭ بىلەن تۈگىمىدى: ئالىپتېكىن ئەپەندى ئاران تۇرغان ئىكەن، رابىيە خانىمغا تاشلاپ بېرىپ ئۆزىنى قۇتۇلدۇردى، بۇ بەك قۇ ئادەم ئاۋال تاشلاپ بېرىپ، ئارقىسىدىن پۈتلايدۇ. .........گەلەر تۈگىمىدى.

ئەمدى بۇ ئوتنى مەھكەم قۇچاقلىۋالغان رابىيە قادىر خانىمغا كېلەيلى .

## 2

بۇ كۆيدۇرگۈچى ئوتنى تۇتۇشقا رابىيە قادىرخانىمنى ھېچكىم مەجبۇرلىغىنى يوق . رابىيە قادىر خانىممۇ بۇ ئوتنى تۇتۇپ ئۆزىنى كۆيدۈرۈپ كېلىۋاتقان ھەرقانداق بىر ئۇيغۇرغا ئوخشاشلا ئۆزلىكىدىن تۇتقان ۋە تۇتۇشتىن چېكىنمىمىدى. ئۇنىڭ ھېكايىلىرىدىكى كەچمىش كۆيۈكلىرىدىن كۆپچۈلۈك خەۋەرسىز ئەمەس. ھەممىگە مەلۇم بولغان يېرىدىن باشلىساق، ئۇ 1999 ـ يىلى « ئۇيغۇرنىڭ دەردىنى غەرپكە يەتكۈزىمەن» ـ دەپ، ئامېرىكا ئىستىخباراتىغا ماتېريال تاپشۇرماقچى بولغانلىقى ئۇنىڭ ئوتقا ئۆزىنى ئاتقانلىقىنىڭ دەب ـ دەبەلىك مۇراسىمى بولسا كېرەك......توغرا، ئۇيغۇرنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇمەن، ئۇيغۇرنى ئازاپتىن قۇتقۇزىمەن، ئۇيغۇرنى راھەتكە ئېرىشتۈرىمەن ـ دەپ، ئۆزىنى ئوتقا

تاشلىغان ئۇيغۇر ساناپ تۈگەتكۈسىز كۆپ. لېكىن كۆزلىگەن مەقسەتكە ئىنتىلىش يولىدىلا كۆيۈپ كۈل بولۇپ كەتكەنلىرىنىمۇ ساناپ تۈگىتەلمەيسىز .

بۇ يەردە ۋەتەندىكىلەرنى كۆزدە تۇتۇش بىر ئاز نامەرتلىك بولۇپ قالار. چۈنكى ۋەتەندە ئۇيغۇر ئۇچۇن ئوتنى تۇتۇش گويىاكى يانار تاغدىن پارتىلاپ چىقىۋاتقان ۋولقانغا ئۆزىنى تاشلىغانلىق. ئۆزىنىڭ كۈلگە ئايلىنىپ كېتىدىغانلىقىغا ئۆزى لىنىتە كەسكەنلىك. شۇڭا بۇ يەردە ۋەتەن سىرتىدىكىلەرنى نەزەردە تۇتۇش كېرەك .

شۇ نوقتىدىن ئالساق ھەممىلا ئۇيغۇر ئۆزىنى ئوتتا كۆيۈۋاتقاندەك ھېس قىلىشى مۇمكىن. ھەممىلا ئۇيغۇر ئۇيغۇر ئۇچۇن ئوتنى تۇتۇۋاتقاندەك، ھەممە ئۇيغۇر كۆيۈپ كۈل بولۇپ كېتىۋاتقاندەك ئازاپلىنىۋاتقان بولۇشى مۇمكىن. پەرۋانە ئىسمىلىك كىچىككىنە نازۇك بىر ھاشارەت بار. ئۇنىڭ قاناتلىرى يىپىشقاق توزۇندىدىن ئىبارەت بولۇپ، بىرنەرسىگە تېگىپ كەتسە قاناتلىرى توزۇپ ئۇچۇشتىن مەڭگۈلۈك توختايدۇ. ئەنە شۇ ھاشارەتمۇ ئوتقا ئۆزىنى ئېتىشقا ئاشىقمىش. ئاشىقلار يازغان مىسرالىردا ئۆزلىرىنى پەرۋانىگە ئوخشۇتۇپ، مەھبۇبىسىنىڭ ۋىسالىنى ئوتقا ئوخشۇتۇپ ئۆزىنىڭ ئاشۇ مىسكىن پەرۋانىدەك كۆيۈپ كۈلگە ئايىنلىنىپ كېتىۋاتقانلىقىنى، مەھبۇبىسى بولسا رەھىمسىز ئوتقا ئوخشاش ئۇنى ۋىسالدىن بەھرىمان قىلماستىن ئەكسىچە كۆيدۈرۈپ كۈلگە ئايلاندۇرىۋاتقانلىقىنى ئوبرازلىق تەسۋىرلەيدۇ. بىزنىڭ ۋەتەن سىرتىدىكى ئۇيغۇرلىرىمىزمۇ ئاشۇ پەرۋانىدەك نازۇك. ئوتتىن خېلە يىراق تۇرۇپمۇ پىرىسلاپ كۆيۈپ كېتىۋاتىدۇ. ئۇيغۇر دەۋاسىدىن ئىبارەت، ئۇيغۇرنىڭ دەردىنى يىغلاشتىن ئىبارەت بۇ ئوتنى كېيىنكى تۆت يىلدىن بېرى رابىيە قادىر خانىم قولىغا ئېلىۋالغان بولسىمۇ، بۇ ئوتتىن قىتئەلەرچە يىراقلاردا تۇرغان ئۇيغۇرلىرىمىز كۆيۈپ كېتىۋاتقاندەك

تۇرىدۇ. چەتئەللەردىكى بارلىق ئۇيغۇرلار ئۇيغۇر دەۋاسىنىڭ ئوتىدا كۆيۈپ كېتىۋاتقاندەك ھېسسىياتتا بولسا كېرەك. ھەتتا ئۇيغۇر ئۇچۇن بىرەر ئىش قىلىپ بېقىشنى ئويلاپ باقمىغانلارمۇ، ئۇيغۇر ئۇچۇن بىرەر قېتىم نامايىشقا چىقىپ باقمىغانلارمۇ، ئۇيغۇر ئۇچۇن بىرەر تەڭگە ياردەم قىلىپ باقمىغانلارمۇ، ئۇيغۇر ئۇچۇن بىرەر قۇر خەت يېزىپ باقمىغانلارمۇ، ئۇيغۇر ئۇچۇن بىرەر ئابزاس خەت ئوقۇپ باقمىغانلارمۇ، ئۇيغۇر ئۇچۇن بىرەر تەشكىلاتقا ئەزا بولۇپ باقمىغانلارمۇ، ھەتتا ۋەتەندە قالغان ئۆز ئاتا-ئانىسىغا، بىر تۇققان قېرىنداشلىرىغا بىر پاخلان كەلگۈدەك سادىقە-ئېھسان قىلمىغانلارمۇ ئۇيغۇرنىڭ دەۋاسىدا ئوتتا كۆيۈپ كېتىۋاتقاندەك ھېسس قىلىشلىرى مۇمكىن. شۇنىڭ ئۇچۇن دوقمۇش، دوقمۇشلاردا رابىيە قادىرنىڭ خاتالىقى شىكايەت قىلىنىۋاتقان بولسا كېرەك. ۋەتەندە خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇنىڭ ئۈستىدىن تام خەت يېزىپ ئەيىپلىگىنىگە ماس قەدەمدە، بىزنىڭ ۋەتەن سىرتىدىمۇ كوچا دوقمۇشلىرىدا، ياكى تورلاردا ئۇنى ئەيىپلەش ئادەتكە ئايلىنىپ كەتتى. ھەتتا چەتئەلدە ئوقۇپ يېتىشكەن « بىلىملىكلىرىمىز » مۇ ئۇنىڭ نۇتۇقلىرىنى سىن فىلىملىرى بىلەن چۈشۈرۈۋېلىپ، يىراق يېقىندىن كەلگەن مېھمانلىرىغا قويۇپ بېرىپ: ئۇيغۇر دەۋاسىنىڭ داھىسى مۇشۇ ھالدا تۇرسا ۋەتەنىنىڭ ئازاتلىقىدىن قانداقمۇ سۆز ئاچقىلى بولسۇن ـ دېيىشىدىكەن تېخى. ئۇلارمۇ ئۆزلىرىچە بۇ ئوتتا كۆيۈپ تۇرىشىدىكەن. شۇڭا بۇ ئوتنى قولى بىلەن تۇتۇپ قالغانلارنىڭ جېنىغا ۋاي بولۇپ كېتىدىكەندە !

دېمەك ئۇيغۇرنىڭ ئىشىغا ئارلىشىش، ئۇيغۇرنىڭ دەردىنى يىغلاش سېپى ئۆزىدىن ئۆز ئۆزىنى ئوتقا ئاتقانلىق بولىدىكەن. لېكىن بەزەن ئۈستىلارمۇ يوق ئەمەسكەن بۇ يولدا. ئوتنى باشقىلارنىڭ قولى بىلەن تۇتىدىغان، ياكى قىلىن پەلەي كىيىپ تۇتىدىغان شۇنداق ئۇستىلارنىمۇ ئۇچرىتىپ قالىدىكەنسىز .

ئاتاقلىق ئىنقىلاۋى شائىر، جۇمھىر رەئىسى ئەخمەت ئىگەمبەردى جاناپلىرى مۇنداق دەيدۇ: « بىزنى ھېچ ئىش قىلمىدىڭ، ھۆكۈمەتنى قۇرۇپ قويۇپ يېتىپ ئۇخلاشتىڭ ــ دەپ ئەيىپلەيدۇ ئاۋاملار. لېكىن بىز شەرقى تۈركىستانلىقلارغا ھۆكۈمەت قۇرۇپ بەردۇق. شۇمۇ چوڭ ئىش! چۈنكى ۋەتەن ئازات بولغاندا ھۆكۈمەت قۇرىمىز دەپ ، دە ــ تالاش قىلىشمايلا بىز قۇرغان مۇشۇ ھۆكۈمەت بىلەن دۆلەتنى ئىدارە قىلىپ كېتىدۇ كەلگۈسىدە. » مانا بۇ جاناپ كۆرۈنۈشكە ئوتنىڭ ئىچىدە موللاق ئېتىپ يۈرگەندەك مەنزىرىدە. لېكىن قولىغا قىلىن پەلەي كىيىۋالغانلىقىنى ئۆزىدىن باشقىلار زادىلا پەرق ئىتەلمەيدىغان پۇختا بىر ئۇستىلىق. شۇنىڭدەك ئوتنى لاخشىگىر بىلەن تۇتىدىغانلارمۇ كۆپ ئۇچراپ تۇرىدۇ. مەسىلەن بىر كۇنى قارىسىڭىز مەن خىتاينى ئېتىپ، قوغلاپ چىقىرىپ ۋەتەننى ئازات قىلىۋېتىمەن- دەپ، مىلتىق كۆتۈرىۋالغان بولسا، باشقا بىر كۈنى قارىسىڭىز مىلتىقنىڭ ئۇچىنى ئىگىپلا سىياغا چىلاپ قەلەمگە ئايلاندۇرىۋالىدىكەندە، : خەلقىمىز قەھرىمانلىرىنى قوغداشنى بىلمەيدىكەن، شۇڭا ئۇلارنى قەلەم بىلەن ئويغۇتۇش كېرەك بولۇپ قالدى ــ دەپ، سىنارىيە يېزىشقا كىرىشىپ كېتىدىكەن. مانا بۇ ئوتنى لاخشىگىر بىلەن تۇتىدىغان ئۇستىلارنىڭ ھۈنىرى ئىكەن. ئەمما سىز ئۇنداقلارنى « ئەلەمدىمۇ بار، قەلەمدىمۇ بار، كامالەتكە يەتكەن ئۇستاز!» دەپ، تورلاردا گۈلدەستىلەرنى، ياكى چىرايلىق نازىنىنلارنىڭ رەسىمىنى يوللاپ كۆڭلىنى ئېلىشقا تىرىشىدىكەنسىز. ئەمما بۇ ئوتنى قولى بىلەن تۇتمىغۇچە، ئوتنىڭ ئىچىگە گەۋدىسى بىلەن كىرمىگۈچە پۇخادىن چىقمايدىغانلارمۇ باركەن. لېكىن بەك نادىر كۆرۈلىدىكەن. رابىيە قادىر ئاشۇ نادىرلارنىڭ تىپىك ۋەكىلى ياكى ئۆزى.

# 3

رابىيە قادىر خانىمنى مەدھىيەلىگەنلەر، قوللىغانلار « تەخسىكەش»، « كۆتەرمىكەش»، « ئۇنى قارغۇلارچە ماختاپ خاتالىقتا ئىتتەرگۈچى» ، « قارقوساق غالچىلار» ـ دېگەندەك دەكە ـ دەشنامغا مۇۋەپپەق بولسا، ئۇنى ئەيىپلىگەنلەر، تەنقىتلىگەنلەر، باتۇرلارچە كۆرەك كېرىپ ئالدىغا چىقىپ تۇرۇپ ئۇنىڭ « خاتالىقلىرى » نى پاش قىلغانلار، ھەتتا تىل تەككۈزگەنلەر « ۋەتەن دەۋاسى ئۇچۇن باش قاتۇرغۇچىلار»، « دەۋانىڭ يۆنۈلۈشىنى پىرىنسىپلىق تىزگىنلەپ تۇرغۇچىلار»، « ۋەتەن ئۇچۇن جان كۆيدۈرگۈچىلەر» ...... بولۇپ ئالقىشلىنىپ كەلدى.

رابىيە قادىر خانىم ئۇيغۇرلارغا قانداق زىيانكەشلىك قىلدى؟ ئۇ ۋەتەن مىللەتكە قايسى شەكىلدە زىيانكەشلىك قىلدى؟ ئۇنىڭ تۇپكى خاتالىقى قايسىلار؟ ئۇ قايسى ئۇسلۇپتا تەنقىتلىنىۋاتىدۇ؟ ئۇنىڭ ئۇستىدىن پاش قىلىنىۋاتقان ماتېرىياللارنىڭ خارەكتېرى قانداق يۆنۈلۈشتە كېتىۋاتىدۇ؟ ئۇنىڭ ئۇستىدىن توختىماي ئەيىپنامە تۇرغۇزىۋاتقانلار كىملەر؟ ئۇنىڭ ئۇتۇقلىرى، ئۇنىڭ نەتىجىسى توغرىسىدا نېمىشكە قەلەم تەۋرىمەي، پەقەتلا « خاتالىقلىرى، كەمچىلىكلىرى، ئەيىپ ـ نۇقسانلىرى » پاش قىلىنىپ تۇرىدۇ؟

ـ مانا بۇ سۇئاللارنى ئەستايىدىل ئويلۇنۇپ، پىكىر يۈرگۈزۈش « ئۇيغۇرنىڭ ئوتىدا كۆيىۋاتقان» ھەربىر ئۇيغۇرنىڭ مۇھىمماتلىرىدىندۇر. ئۇنداق بولسا ئېرىنمەي كۆپرەك ۋاقىت ئاجىرتىپ بىر قېتىم ئويلۇشۇپ باقايلى. رابىيە قادىر خانىمنىڭ ئۇستىدىن بولۇۋاتقان بۇ تۈگىمەس شىكايەتلەر قانداق باشلانغان؟ ئۇ « خاتالىق » ئۆتكەزگەندىن كېيىن،

ئۇنىڭغا ئاگاھلاندۇرۇش بەرگەندىن كېيىن، ئۇ زادىلا تۈزەتمىگەندىن كېيىن ئۇنى قاتتىق ئەيىپلەش ۋە تەنقىتلەش، تىل تەككۈزۈش باشلانغانمۇ ياكى ئۇ « خاتالىق » ئۆتكۈزۈشتىن بۇرۇنمۇ ئۇنىڭ ئۈستىدىن پىكىرلەر بولغانمىدى؟ يەنى ئۇنىڭ « خاتالىقى » بىرىنچى سەۋەپمۇ، ياكى ئۇنى « توغرا يولغا باشلاۋاتقان ئادىل تەنقىتلەر» بىرىنچى سەۋەپمۇ؟ ــ بۇيەردە خىتاينىڭ ئەڭ ھىلىگەر، قۇۋ، شەيتانىنى تاڭ قالدۇرىدىغان تەدبىر ــ چارىلىرىنى نەزەردىن ساقىت قىلىپ قويساق، پىكىر ــ مۇلاھىزىلىرىمىزنىڭ تۇگۈنىنى يېشەلمەسلىكىمىز تەبىئى. خىتاي قۇۋلۇق، شۇملۇق ئىشلىتىشتە شۇنچىلىك رەزىلدۇركى، بىز ئۇرخۇن ۋادىلىرىدىكى ئەجداتلىرىمىزدىن قالغان مەڭگۈتاش پۈتۈكلىرىدىن خىتاينىڭ ھىلىگەر، نەيرەڭچى مىللەت ئىكەنلىكىگە ئوچۇق دەلىل ، ئىسپات تاپالايمىز. يەنى خىتايلار گومىنداڭ دەۋرىدىن ئىتىبارەن، ياكى كومموٌنىست دەۋرىدىن ئىتىبارەن قۇۋلۇق، شۇملۇق ئىشلىتىشكە ئادەتلىنىپ قالغان، سەل تەجرىبىسىزرەك، بىزگە ئوخشاش گالۋاڭراق خەق ئەمەس. ئۇنداقتا خىتاي رابىيە قادىر خانىمغا قارىتا قانداق قۇۋلۇق، شۇملۇقلارنى، قايسى نەيرەڭلەرنى ئىشقا سالدى؟

ــ ئامېرىكىدا خىتاينىڭ ئۈستىدىن توختىماي شىكايەتنامە، ئەرزنامە يېزىپ، خىتاينى پاش قىلىپ، زادىلا ئارام بەرمىگەن سىدىق ھاجى روزى ئەپەندىنى تېنجىتىش ئۈچۈن خىتاينىڭ بۇ ئائىلىگە قاراتقان دەسلەپكى جازا پىلانى رابىيە قادىر خانىمنى گۆرۆگە ئېلىش، شۇ ئارقىلىق سىدىق ھاجى روزىنىنىڭ زۇۋانىنى بېسىقتۇرۇش ئىدى. لېكىن خىتايدىنمۇ ئۈستا، ھىلىگەر غەرپ سىياسەتچىلىرى خىتاي تۈرمىسىدە ئازاپ چېكىۋاتقان رابىيە قادىر خانىمنى « كىشىلىك ھوقۇق قەھرىمانى» قىلىپ دۇنيا جامائەتچىلىكىگە تونۇتتى. ئۇنىڭ دەۋاسىنى توختاتماي يىللاپ داۋاملاشتۇردى. بىزلەرمۇ ئۇنىڭ رېسىمىنى تاختىلارغا چاپلاپ، دۆلەت، دۆلەتلەردە نامايىش قىلىپ، ئۇنىڭ ئوبرازىنى مىللى دەۋارىمىزنىڭ

سىمۋولى قىلىنىۋالغان ئىدۇق! خىتاي رابىيە قادىر خانىمدىن زىرىكتى، ياكى ئۇنى تالاشقانلارغا « بىرىنىۋېتىپ» ئارام تاپماقچى بولدى. ياكى ئۇنىڭ غەرپ دۇنياسىدىكى سۆلىتىدىن، ئۇنىڭ ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى سىمۋوللۇق ئوبرازىدىن يەنە پايدىلانماقچى بولدى.... ئىشقىلىپ ئۇنى 2005 ـ يىلى 17 ـ مارت تۈرمىدىن چىقىرىپ ئامېرىكىغا تاپشۇرۇپ بەردى. ئۇ تۈرمىدىن چىقىپ دەل ئۈچ ئاي بولغاندا گېرمانىيەگە سەپەر قىلدى. ئۇنى گېرمانىيەدىكى ئۇيغۇرلار بېشىدا كۆتەرگۈدەك ئالقىشلىغانلىقى سىن فىلىملەر ئارقىلىق دۇنياغا تارقالدى. مەرھۇم كۈرەش سۇلتان ئەپەندى ئىجات قىلغان ۋە ئۆزى ئورۇنلىغان « ئۇيغۇرلارنىڭ ئانىسى رابىيە قادىر» ناملىق ناخشا، نەق مەيدان خاتىرىسى، ئالقىش سادالار سىن فىلىمى بىلەن دۇنياغا تارقالدى. ياكى قولدىن قولغا ئۆتۈپ ئەڭ ياقتۇرۇپ ئاڭلايدىغان سەنئەت نومۇرى ۋە قوللاپ ئاۋاز قوشىدىغان ئىنقىلاۋى مارشتەك تەسىر قوزغىدى. شۇ قېتىمقى گېرمانىيەگە قىلغان تۇنجا سەپىرىدىلا ئۇنىڭ ئۇيغۇرلارغا سىياسى رەھبەر بولۇشى ئۇيغۇر خەلقى ۋە رەھبەرلەر تەرىپىدىن مۇقىملاشقان ئىدى. لېكىن ئۇ تېخى رەھبەر بولمايتۇرۇپ، ئۇ تېخى بىرەر تەشكىلى ۋە سىياسى خاتالىقمۇ سادىر قىلمايتۇرۇپ شۇ يىلى نويابىر ئايلىرىدىن باشلاپ ئۇنى ئاممىۋى جامائەت سورۇنى بولغان ئوچۇق توربەتتە قاتتىق ئەيىپلەش باشلىنىپ كەتتى. ئۇ ئەيىپنامىنى « ئەرۋا» ئىسىملىك نامەلۇم بىر ئاپتور قانات يايدۇردى. ئۇ ئارىلاپ تور باشقۇرغۇچىلارغىمۇ تەھدىت سېلىشنى ئۇنۇتمايتتى. « ئەگەر بۇ يازمامنى ئۆچۈرۈۋەتسە، ياكى ئۆچۈرتىۋەتسە بۇنىڭدىنمۇ يامانراقنى يازىمەن...» دېگەندەك خېلە قاتتىق گەپلەر ئۇنىڭ يوشۇرۇن قورالى ئىدى. كىشىلەر كۆزىگە سىغمىغان بىرلىرنى ـ مانا بۇ ئەرۋا ـ دەپ، رابىيە قادىر خانىمغا كۆرسىتىپ قويۇشنىمۇ ئادەت قىلىۋېلىشقان ئىدى. ئەرۋا يازمىسىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، بۇ تېما تاقالغاندىن كېيىن رابىيە قادىر خانىم ئەتراپىكى ھېچبىر

ئۇيغۇردىن گۇمانلانمىغانلىقىنى ئېيتتى. بىراق « بۇ ئەرۋا ئادەتتىكى بىرى ئەمەس، چوڭ بىر ئەرباپ. ئۇ خىتاينىڭ مەخپىيەتلىك ئىدارىسى بىلەن ئالاقىسى بار بىرسى! ئەمما بەك خەتەرلىك...» دەپلا بۇ تېمىنى تىلغا ئېلىپ يۇرۇشتىن ئۆزىنى قاچۇردى.

ئەرۋا راستىنلا شۇنداقمىدۇر؟ ئۇنى خىتاي مەخپىيەتلىك ئىدارىسى ئىشقا سالغانمىدۇر؟ ــ بۇ ھەقتە ئەرۋانىڭ بايانلىرىنى ئەسلەپ باقايلى : « بۇ بىر سودىگەر خوتۇن، ....ئالجىپ قالغان چېغى دەپ ئويلۇدۇم،.... سولتەك خوتۇن نېمە ئىش قىلماقچىكىنە- دەپ ئويلۇنۇپ قالدىم، ئۇ بەك غالجىر، ئۇ بەك ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەنىدەك كۆرۈنەتتى،... ئۇنىڭ ۋەتەنىدىكى قىلمىشلىرىنى مەن ھازىرچە تىلغا ئالماي تۇرىمەن....» دېگەنىدەك سۆز، ئىبارىلەر ئەرۋانىڭ يازمىلىرىدا ئۇچراپ تۇراتتى. مەنمۇ ئەرۋانىڭ ئاپتۇرلۇق ھوقۇقىغا چېتىلىپ قېلىۋاتقان بىرى بولغاچقا ئۇنىڭ يازمىلىرىدىكى ھەربىر مەزمۇنلارنى ئىنچىكىلەپ كۆزۈتۈپ ئوقۇيتتۇم. ئەرۋانىڭ خېتىدىكى :« ... ئۇنىڭ ۋەتەنىدىكى قىلمىشلىرىنى مەن ھازىرچە تىلغا ئالماي تۇرىمەن....» - دېگەن جۈملىسى ئۈستىدە ئۆزەم بىر قاراشقا كېلەلمەي، باشقا يېقىن پىكىرداشلارنى مۇھاكىمە قىلىشقا ئۈندىدىم. كۆپچۈلۈكمۇ مەن پەرەز قىلغاندەك « بۇ بەلكىم رابىيە خانىمنىڭ تىجارى ئىشلىرىدىكى باشقىلارنى نارازى قىلىپ قويغان تەرەپلىرىنى بىلىدىغان بىرى بولغان بولسا شۇ ئەھۋاللارنى يېيىپ، رابىيە خانىمنىڭ يۈزىنى تۆكۈشكە خىرىس قىلىۋاتقان ئوخشايدۇ » - دەپ قانائەتلىنىشكەن ئىدى. لېكىن رابىيە قادىر خانىمنىڭ خىتاي تۈرمىسىدە ئۇيغۇر ئۈچۈن شۇنچە يىل ئازاپ چەككەنلىكى ئۇنىڭ تىجارەت ئىشلىرى بىلەن باشقىلارنى نارازى قىلىپ قويغان تەرەپلىرىنى ھەسسىلەپ يۇياتتى. بۇ ھەقتە بىر نەرسىنى تىلغا ئېلىپ ئۇنىڭ يۈزىنى تۆكۈش ئېھتىماللىقى بەك تۆۋەن ئىدى. مەن رابىيە قادىر خانىمدىن ئەرۋا توغۇرلۇق يەنە بىر ئاز ئىلگىرلەپ مۇڭداشماقچى بولىۋىدىم، : بۇ گەپنى

تىلغا ئېلىپ پاراكەندە بولۇشنى بەك خالاپ كەتمەيمەن، ئىشقىلىپ ئەرۋا ماڭا بەك ئېغىر تەھدىت سالدى. ئۇ بەك قورقۇنچلۇق ئادم ــ دەپلا قايتا بۇ تېمىنى تىلغا ئېلىشىمنى رەت قىلغان ئىدى. شۇنىڭدىن ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەي 2006 ــ نويابىردا رابىيە قادىر خانىم گېرمانىيەدە چاقىرىلغان د ئۇ ق نىڭ رەئىسى بولۇپ سايلاندى. ئۇنىڭ جازاسى ئۈچۈن خىتاي هۆكۈمىتى ئۇنىڭ ئىككى ئوغلىنى ئارقىمۇ ئارقىدىن ئۇزۇن مۇددەتلىك قاماق جازاسىغا هۆكۈم قىلدى. لېكىن رابىيە قادىر خانىم يەنە ئىلگىرلەپ كېتىۋەردى. ئۇ ئۇيغۇر دەۋاسىنى غەرپكە ئاڭلىتىشتا ھەر كۈنى بىر نەتىجە يارىتىپ ماڭدى. ئۇنىڭ بىوگراپىيەلىك كىتاۋى نەشىر قىلىندى. پراگادا دۇنيا كىشىلىك ھوقۇق قەھرىمانلىرى سورۇنىدا تونۇشتۇرۇلدى. ئامېرىكا كوڭگرېسىدە ئۇيغۇرلار توغرىسىدا مۇھىم قارار ئېلىنىشىغا تۈرتكە بولدى. خىتاينىڭ تۈرلۈك زۇلۇملىرىنى پاش قىلىپ گۇۋالىقتىن ئۆتتى. بولۇپمۇ 2007 ــ يىلى 17 سىنتەبىر ئامېرىكا ئاۋام پالاتاسىدا ئېلىنغان 497 ــ نومۇرلۇق قارار خىتاينىڭ جېنىغا تېگىپ كەتتى. خىتاي بۇ مۇناسىۋەت بىلەن رابىيە قادىر خانىمدىن « ئۆچ ئېلىشنىڭ ئەڭ ئەجەللىك باسقۇچىنى ئىشقا سالدى » . يەنى ئۆز ۋاقتىدا ئەرۋا يىپ ئۈچىنى چىقىرىپ قويۇپ « ... ئۇنىڭ ۋەتەندىكى قىلمىشلىرىنى مەن ھازىرچە تىلغا ئالماي تۇرىمەن....» - دېگەنلىكىنىڭ ۋە رابىيە قادىر خانىم « بۇ ئەڭ قورقۇنچلۇق ئادەم، بۇ خىتاي مەخپىيەتلىك ئىدارىسىغا مۇناسىۋەتلىك ئەرباپ...» دەپ، قاتتىق سىلكىنگىنىنىڭ ئوچۇقلىمىسى ئوتتۇرغا چىقتى. يەنى 2007- يىلى 8- ئۆكتەبىر خىتاي مەخپىيەتلىك ئىدارىسى ( رابىيە قادىر خانىمنىڭ ئامېرىكىغا قويۇپ بېرىلىشىدىن ئىلگىرى) تۇرمىدە مەخپى چۈشۈرگەن سىن فىلىمىنى ئىنتېرنېت تورى ئارقىلىق دۇنياغا تارقاتتى. خىتاي بۇ فىلىمنى تارقىتىش ئارقىلىق رابىيە قادىر خانىمنىڭ ۋەتەن سىرتىدىكى سىياسى ئوبرازىنى يەرگە ئۇرۇشنى پىلانلىغان بولسىمۇ،

رابىيە  قادىر خانىم ئۆزىنىڭ ئەمەلى ھەرىكىتى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى تولۇق ئىسپاتلاپ تۇرغاچقا خىتاينىڭ « گۆرۆگە ئېلىپ باش ئەگدۇرۇش » سۈيقەستى بىر تېيىنلىك قىممەت يارىتالمىدى. لېكىن بىر نەرسە ئېنىقكى، كېيىنكى بىر يىلدىن بېرى رابىيە قادىر خانىمغا ئىزچىل ئەيىپ ـ نۇقسان ئارتىپ كېلىۋاتقان سورۇندا دەللاللىق رولىنى ئويناۋاتقان بەزەن « زىيالى» لار خىتاي تارقاتقان ئاشۇ فىلىمنى كۆرۈپلا رابىيە قادىر خانىمغا ئىنتايىن ئېغىر ھاقارەت ئېلان قىلغان ئىدى. بۇ يەردە شۇنچىلىك سىرلىق، شۇنچىلىك باغلىنىشلىق بىر مەخپى دىلو باركى، رابىيە قادىر خانىمنىڭ ۋەتەن مىللەت ئۈچۈن قازانغان ئۆتۈقلىرى كوللېكتىپ شەكىلدە تىلغا ئېلىنمايدۇ. ھەتتا ئۇنى قوللىغانلار، ئۇنى رىغبەتلەندۇرۇپ مەدھىيە ئوقۇغانلار ھاقارەتلىنىدۇ. بىراق ئۇنىڭ ئاتالمىش « خاتالىق » لىرى تېما قىلىنىپ بازارغا چىققان ھامان ئۇنىڭ خېرىدارلىرى شۇنچىلىك كۆپ، ئېچىلىپ سايرايدىغانلار، تارتىپ چىقىرىش ئۈچۈن يېڭنى شىمايلاپ مەيدانغا سەكرەيدىغانلار ئۆچرەت كۈتۈپ تېلىپ قېلىشىدۇ. ئەجەبا بۇ دىلونىڭ يەنە بىر يىپ ئۈچىدا كىملەر باردۇر....

# 4

2009 ـ يىلى 5 ـ ئىيۇل ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ مۇستەملىكە تارىخىدىكى ئەڭ دەھشەتلىك بىر كۈن بولدى. بۇكۈن خىتاي دۆلىتى يۈزىدىكى نىقابلىرىنى ئېچىپ تاشلاپ، پەقەت خىتايلار تەرىپىدە ئىكەنلىكىنى ئاشكارە جاكارلىدى ۋە خىتاي ئارمىيەسى خىتايلارنى قوغدايدىغانلىقىنى ئوچۇق كۆرسەتتى. خىتاي دۆلىتى، خىتاي ئارمىيەسى ۋە خىتاي پۇخرالىرى بىرلىكتە ئەسىر ئۇيغۇرلارنى ۋەھشىلەرچە قىرغىن

قىلىــــدى. يېڭــــى زامــــان ئىنســــانىيەت جەمئىيىتىـــــدە كۆرۈلۈشـــــى ئېھتىماللىقتىـن مەڭگۈ يىراق بولغان بۇ ۋەھشـى قىرغىنچىلىـق ۋەتەن ئىچىدىكى ئۇيغۇرلاردا قانداق تەسىر پەيدا قىلغانلىقى بىـزگە ئـانچە بەك ئېنىق ئەمەس. لېكىن بۇ تۇپراققا خوجايىنلىق قىلىش « ھوقـۇقى » نىڭ خىتايلارغا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى تولۇق ئىسپاتلاپ ، خىتاي خەلقى ئۈچۈن ئىشەنچ، ئۈمۈت ۋە جاسارەت بەخش ئەتكەنلىكى ھەممىگە ئايدىڭ . 5 ـ ئىيـۇل تـارىخى سـىناق كۈنىـدىن كېيىـن شـۇنى پەرەز قىلىـش مـۇمكىنكى، ۋەتەنىـدىكى ھەر بىـر ئۇيغـۇر ئۆزىنىـڭ يۇخرالىـق مەجبـۇرىيىتىنىلا ئـادا قىلىشـى كېـرەك لـېكىن ھەق تەلەپ قىلىشـى جىنايەت! ياكى ئۆزىنىڭ ئەسىر ئىكەنلىكىنى قوبۇل قىلىشى كېرەككى، ئەركىــن قەدەم تاشــلاش جىنــايەت! بــۇ ھۆكــۈم ھەربىــر ئۇيغۇرنىــڭ پېشانىسىگە بېسىلغان تامغا ئىكەنلىكى پەقەت ئاشۇ 5 ـ ئىيۇل قانلىق قىرغىنىــدىن كېيىــن ئۇيغۇرلارغــا ئوچــۇق ئۇختۇرۇلغــان بولــدى. ۋەتەن ئىچىــدىكى ھەر بىـر ئۇيغـۇر ئەگەر ياشـايمەن دېســە يـاكى ئۇستىـدىكى مەجبــۇرىيەتنى ســاداقەت بىــلەن ئــادا قىلىشــى، ئۆزىنىــڭ ئەســىر ئىكەنلىكىنـى قوبـۇل قىلىشـى كېـرەك . يـا بولمىسـا ئۆلـۈمنى تاللىشـى لازىم! يولنىڭ ئۈچىنچىسى يوق.

بــۇ قــانلىق كــۈن دۇنيــا جامــائەتچىلىكىگە، دېمۇكراتىــك غەرپ ئەللــىرىگە قانــداق چۈشــەنچە بەردى؟ دۇنيــا جامائەتچىلىكىــدە، غەرپ ئەللىرىـدە خىتايغـا بولغـان كـۆز قـاراش ئۆزگـەردىمـۇ؟ ئۇلارنىـڭ ئۇيغۇرغـا تۇتقان پوزىسىيەسىدە بۆرۈلۈش پەيدا بولدىمۇ؟

ـ ھــازىرقى مــۇھىم مەســىلە، ئۇيغۇرلارنىــڭ تــۆت كــۆز بىــلەن كۈتىـدىغىنىمۇ مۇشـۇ نوقتىـدا. دۇنيـا جامـائەتچىلىكى دېگەنـدىن كـۆرە، گەپنى سەل قىسقارتىپلا غەرپ ئەللىرى دېسەك بىر ئاز چۈشۈنۈشلۈك بولار دەيمەن. غەرپلىك بۈگۈنكىدەك دېمۇكراتلاشقىچە ، بۈگۈنكىدەك ئىنسانى

ئادالەتكە ئېرىشكىچە ئەسىرلەپ قان تۆككەن ۋە قېنى تۆكۈلگەن خەق ئىكەن. غەرپنىڭ ئىنسان قارىشىدا، غەرپنىڭ ئادالەت ۋە ئەركىنلىك قارىشىدا ھاياجانلىنىش، جىددىلىشىش، ئەسەبىلىشىشكە ئاساسەن ئورۇن يوق بولۇپ، ئۇزۇنغا سوزۇلغان سىراتېگىيە، ئاقىلانە تاكتېكا، ئىلمى پىلان، رېئاللىقتىن ھاسىل بولغان تەجرىبە، تەجرىبىنى ئۆرنەك قىلغان يېڭى يۈزلۈنۈش غەرپلىكنىڭ دۆلەت تۈزۈملىرىدىن تارتىپ جەمئىيەت تەرتىۋىگىچە ئومۇملاشقان مۇھىم سېستىم ئىكەن. بىرەر شائىرنىڭ جەڭگىۋار نەزمىلىرى، بىرەر ناتىقنىڭ سېھىرلىك نۇتۇقلىرى كىشىلەرنى جەڭ مەيدانىغا باشلاپ ماڭىدىغان ھادىسە غەرپتە تولىمۇ كىلاسىك جەمئىيەتكە مەنسۇپ ئۆتمۈشنىڭ ئادەتلىرىدىن سانىلىدىكەن. گەپنى ئەگىتمەي « 5- ئىيۇل قانلىق قىرغىنچىلىقى غەرپتە قانداق تەسىر پەيدا قىلدى؟ » دېگەن سوئالغا كەلسەك، ئەگەر 5 ـ ئىيۇل قانلىق پاجىئەسىنى ئۇيغۇرلارنىڭ خىتاي زۇلمىغا قارشى ئەركىنلىك تەلەپ قىلىش ھەرىكىتى - دەپ ئاتىغاندا بۇ پاجىئە ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ئەركىنلىكىگە ئېرىشىشىدە بېسىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك مىڭبىر مۇشەققەتلىرىنىڭ بىرسىگىمۇ ياماق بولالمايدىكەن! ئەگەر بۇ قانلىق قىرغىنچىلىقنى ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ مۇستەقىللىقى ئۈچۈن تۆلىگەن قانلىق بەدەل ـ دەپ قارالغاندا، غەرپتە بۇنداق بىر پىلانسىز، تاكتېكىسىز، سىتراتېگىيەلىك يېتەكلەنمىگەن، بىر قېتىملىق كىلاسىك ھادىسىگە ھېچقانداق قىزىقىش بولمايدىكەن. ئەگەر سىز بەك ھاياجانلىنىپ كېتىپ : « 5- ئىيۇلدىكى قانلىق ھادىسە ئۇيغۇرلار خىتايدىن ئايرىلىپ مۇستەقىل دۆلەت بولمىسا زادىلا بولمايدىغانلىقىنىڭ ئىسپاتى » دېسىڭىز، غەرپلىك سىزگە : « مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇش قانلىق باستۇرۇلۇش بىلەن ئەمەس، قانلىق باستۇرالاش بىلەن قولغا كېلىشى مۇمكىن!»- دەپ ، مىقىدا كۈلۈپ قويىدىكەن.

ئەمدى ئۆز گېپىمىزگە كېلەيلى. « فېدراتسىيەچى، ئاپتونومىيەچى، تەيۋەنچى » دېگەن لاتا قالپاق ئالپتېكىن ئەپەندىدىن ئېلىنىپ دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ باش ۋەزىپىسى ئارقىلىق رابىيە قادىر خانىمغا كېيىلىپ قالدى. رابىيە قادىر خانىمدىن ئىلگىركى ئەپەندىلەر ئاساسەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئارىسىدىلا يۇرگەنلىكى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ نۇتۇقلىرى تۇرلۇك تېلىۋىزور قانالىرى ئارقىلىق دۇنياغا تارقالمايتتى. ئۇلارنى يۇمشاقراق سۆزلەپ تۇرۇشقا، سەل جانغا چۇشلۇق گەپ قىلىشقا، يوتقانغا بېقىپ پۇتنى سۇنۇشقا ھېچكىم قىستىمايتتى. ئۇلارنى ھېچكىم « چۆنتىكىڭىزدە بەش تەڭگە يوق، پاخلان گۆشىگە كۆز يۇگۇرتمەڭ » دېمەيتتى. شۇنداق بولسىمۇ كۆپلىگەن تەشكىلاتلار، بىر مۇنچە رەئىسلار بىرلىشىپ ئاران ھاسىل قىلىنغان دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى نىڭ نىزامنامىلىرىگە ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈپ، « بىرەر غەرىپلىكنىڭ دىققىتىگە چۇشۇپ قالسا ئەجەپ ئەمەس» دەپ، بۇرۇنقى تەشكىلاتلارنىڭ نىزامنامىلىرىدىكى « شەرقى تۇركىستاننىڭ مۇستەقىللىقى ئۈچۈن كۇرەش قىلىدۇ » دېگەن ماددىلارنىڭ ئورنىغا « شەرقى تۇركىستان خەلقىنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگۈلەش ھوقۇقى ئۈچۈن كۇرەش قىلىدۇ» دەپ، بىر ئاز يۇمشۇتۇلغان ماددا كىرگۈزۈلگەن بولسىمۇ لېكىن سىرىق چاچلىق، كۆككۆز ئەرباپلار بۇ تاۋارغا نەزەر سېلىشمىغان ئىدى. شۇڭا ئۇ چاغلاردا ئۇلارنى بىرەر مۇخبىر تېلېۋىزور ئىكرانىغا تەكلىپ قىلمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ شەرقى تۇركىستاننى مۇستەقىل قىلىدىغانلىقى ياكى شەرقى تۇركىستان خەلقىنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگۈلەش ھوقۇقى ئۈچۈن كۇرەش قىلىدىغانلىقى ھېچكىمگە ئايان بولمىغان. ئەمدىلىكتە رابىيە قادىر خانىم ئۇيغۇر دەۋاسىنى قىلىمەن دەپ، قىتئەمۇ قىتئە، دۆلەتمۇ دۆلەت ئۇچۇپ يۆرۈپ، ئىچىمىزدە ساخلاپ يۇرگەن، خىرىدارلارغا كۆرستەلمىگەن دەسمىلىرىمىزنى غالتەككە چىقىرىپ قويدى! دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى، رابىيە قادىر خانىم «

ئۇيغۇرلارغا ئاپتونومىيە كېرەك! » ـ دەپ، بىر يەرلەردە تۇۋلاپ يۈرگۈۋاتقاندەك، بەزەنلەرنىڭ ئۆزىچە نارازىلىق ھاۋاسى پەيدا قىلىشقا ئۇرۇنۇشلىرى، « بىزگە مۇستەقىللىق كېرەكمۇ ياكى ئاپتونومىيەمۇ؟ » دېگەن لىنكنى بازارغا سېلىپ، جامائەت پىكرى قوزغاشقا تىرىشچانلىق كۆرسۈتۈشلىرى خۇددى ئافرىقا ئورمانلىرىدىكى قوتۇر بېسىپ كەتكەن ھورۇن مايمۇنلارنىڭ ئۆز ئارا پىشت چېقىشقانلىرىغا ئوخشاپ قالماقتا!

# 5

ئۆتكەن بىر ئەسىر نىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا جەڭ قىلىپ ئىككى قېتىم مۇستەقىل دۆلەت قۇردۇق ۋە دەرھال ئەسىرلىككە مۇپتىلا بولدۇق. شۇنىڭدەك كېيىنكى يېرىم ئەسىر تۈرلۈك تەشكىلات قۇرۇش، پاش بولۇپ ئېغىر جازالىنىش، تۈرلۈك ئىسيان قىلىش ۋە ئاممىۋى قانلىق باستۇرلۇش بىلەن خانە ۋەيرانچىلىقتا يېڭى ئەسىرگە كىردۇق. زامانىنىڭ ئۆتۈشى بىزگە ھېچقانداق يېڭىلىق كەلتۈرمىدى. مىللىتىمىزنىڭ بېشىغا كەلگەن سىياسى ۋە ئىجتىمائى كۈلپەتلەرنىڭ، ئىقتىسادى نامراتچىلىقنىڭ، ئۆز ـ ئارا ئىچكى تەپرىقىچىلىكنىڭ، ئۆزۈنغا سوزۇلغان مۇستەملىكە پاجىئەسىنىڭ تۈپ سەۋەبىنى نادانلىقتىن كۆردۇق. ئۆتكەن پۈتۈن بىر ئەسىر بويى يازغۇچى، شائىرلىرىمىز، ۋەزىپى ناتىقلىرىمىز، ناخشىچى ، سازەندىلىرىمىز نادانلىقنى ئەيىپلىدى، ئەقىلنى، بىلىمنى كۆيلىدى. مۇتەپەككۇر ئەدىپلىرىمىز، پەيلاسوپ دانالىرىمىز ئاجايىپ ئىلمى خۇلاسىلىرىنى ئاۋامغا تەقدىم قىلىشتى. شۇنىڭدەك « خائىنلىقنىڭ ئانىسى نادانلىق، مۇناپىقلىقنىڭ ئانىسى نادانلىق، ساتقۇنلۇقنىڭ ئانىسى نادانلىق، قورقۇنچاقلىقنىڭ ئانىسى نادانلىق، قاشاقلىق، ھورۇنلۇق، رەزىللىك،

پەسكەشلىك، نامەرت خۇمسىلىق، كۆتەرمىكەشلىك، سۇخەنچىلىك، دەللاللىكق، شوۋاكەشلىك، سولامچىلىق، پايلاقچىلىق، ئايغاقچىلىق ، تېنىنى ساتىدىغان رەسۋالىق، ھەزلەكلىك، ئوغۇرلۇق، يانچۇقچىلىق، قىمارۋازلىق، ھاراقكەش يۈندا خورلۇق، نېشىكەش مەينەتلىك.....» قاتارلىق بارلىق يامان ئىللەتلەرنىڭ ئانىسى نادانلىق ئىكەنلىكىنى بايان قىلىشتى ھەمدە « نادانلىق زادى قانداق نەرسە؟ ــ نادانلىق ساۋاتسىزلىقتىن كېلىپ چىققىدىغان سەۋەپ نەتىجىلىك ، ھەم تەبىئىلىككە ھەم ئىجتىمائىلىققا ئىگە ھادىسەدۇر. ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇشنىڭ چارىسى نېمە؟ ــ ئاقارتىش، ساۋاتسىزلىقنى يۇيۇش ۋە بىلىم ئىگىلەش نادانلىقتىن قۇتۇلۇشنىڭ چارىسىدۇر.» ــ دەپ، مۇقىملاشتى. شۇنىڭ بىلەن ئومۇمى جەمئىيەت ئاقارتىش ھەرىكىتىگە يۈزلەندى.

ئۆتكەن يۈتۈن بىر ئەسىر ئۇيغۇر جەمئىيىتى بىر قولىدا قەلەم نادانلىققا قارشى ئاقارتىش جېڭى، بىر قولىدا ئەلەم مۇستەملىكىچىگە قارشى ئازاتلىق جېڭى بىلەن بەنت بولدى. لېكىن بەختسىز ئۇيغۇر ھەرئىككىلا جەڭدە غەلبە قازىنالمىدى. خۇددى ئەلەم بىلەن قىلغان جەڭدە ئازغىنە نەتىجىگە ئېرىشىپ، قىسقىلا مۇستەقىل بولۇپ يەنە چۆكۈپ كەتكىنىدەك، قەلەمدىكى جەڭدىمۇ ئازراقلا نەتىجىگە ئېرىشكەندەك بولدى ــ يۇ، ئەمما نادانلىقتىن قۇتۇلالمىدى. ئۇيغۇرلارنىڭ بىر ئەسىرلىك ئاقارتىش جېڭى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى ساۋاتسىزلىقنى يۇيۇپ، ئاۋامنى خەت ئوقۇيالايدىغان، خەت يازالايدىغان ھالەتكە ئېلىپ كەلگىنى بىلەن نادانلىقتىن قۇتقۇزالمىدى. بەلكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە نادانلىق ئىنتايىن رەھىمسىز ھۆكۈمران ئورۇننى ئىگىلىدى. چۈنكى ئۇيغۇر جەمئىيىتى ئاشۇ نادانلىقتىن تۇغۇلىدىغان بارلىق يامان ئىللەتكە تولۇپ تاشتى. سىياسى ۋە ئىنقىلاۋى سەپتە خائىنلىق، مۇناپىقلىق، ساتقۇنلۇق، جاسۇسلۇق تازىلاپ تۈگىتەلمىگۈدەك كۆپ ھەم چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ كەتكەن بولسا، ئىجتىمائى ھاياتتا

ساناپ تۈگىتەلمىگۈدەك رەزىللىك، ئىنسان تەسەۋۋۇر قىلالمايدىغان ئىپلاسلىق يامراپ كەتتى. تېخىمۇ ئالدىنقى ئەسىرلەردىكىگە سېلىشتۇرغاندا مىللەتنىڭ ساپاسى پۈتۈنلەي چېكىنگەن ھالەتتە.

بۇنچىۋالا مەغلۇبىيەتنىڭ سەۋەبى، تىرىشقانسىرى ئارقىغا چېكىنىشىنىڭ سەۋەبى، مەۋجۇتلۇق ئۈچۈن كۈرەش قىلغانسىرى يوقۇلۇشقا يۈزلىنىشنىڭ سەۋەپلىرى زادى نېمە؟ بۇ ھەقتە بىز ئويلىنىپ كۆردۇقمۇ؟ قىلغان ئىشلىرىمىز، ئاققۇزغان تەرلىرىمىز، سىڭدۈرگەن مېھنەتلىرىمىز ئەستايىدىللىقتا، ئىلمىلىكتە، رېئاللىقتا ئويغۇن بىر ئۇسلۇپتا بولۇۋاتامدۇ ياكى قىلغان بارلىق قىلىقلىرىمىز ھېلىقى ئافرىقا ئورمانلىرىدىكى قوتور بېسىپ كەتكەن ھورۇن مايمۇنلاردەك ــ بىرى قولتۇقىنى قاشلاپ پېشىت چاقسا باشقا مىڭلىرى ئۇنى دوراپ قولتۇق قاشلىغاندەك، بىرى يىلاندىن قورقۇپ كۆزىنى ئالقىنى بىلەن ئېتىۋالسا باشقا مىڭلىرى ئۇنى تەقلىت قىلىپ كۆزلىرىنى ئېتىۋالغاندەك، بىرى قۇلىقىنى ئالقانداپ ئېتىۋېلىپ « ھۇ، ھۇ، قى قى» قىلسا باشقا مىڭلىرى قۇلاقلىرىنى ئېتىۋېلىشىپ قىقىلداپ پۈتۈن ئورمانلىقنى بېشىغا كەيگەندەك شۇنداق بىر دورامچىلىق، تەقلىتكەشلىك بىلەن بولۇۋاتقان ئىشلارمىدۇر!

گەپ سەل قوپال بولۇپ كەتسىمۇ تېرىكمەي ئويلىنىپ باقايلى. بىز ۋەتەننى ئازات قىلىش يولىدىكى قوراللىق ھەرىكەتلىرىمىزدە يېتەرلىك پىداكارلىق كۆرسەتتۇق. بار يوق كۈچىمىزنى ئىشقا سالدۇق. خۇددى تاقىسى يوق ئىشەك ئۆزىدىن قانچە ھەسسە ئېغىر يۈكنى بىلەن مۇزدا تېيىلىپ يىقىلغاندىن كېيىن قايتا تۇرۇش ئۈچۈن بارلىق كۈچى بىلەن تىرىشىپ، ھەتتا تۇمشۇقىنى تېرەپ بولسىمۇ ئورنىدىن تۇرۇشقا جان جەھلى بىلەن ئۇرۇنۇپ باققاندەك شۇنداق ئېغىر ۋەزىيەتتە تىرىشچانلىق كۆرسەتتۇق. لېكىن بىز زادىلا ئورنىمىزدىن تۇرالمىدۇق. بۇنىڭدىكى تۈپ

ۋە غوللۇق سەۋەپ ئۇستىمىزدىكى يۈكنىڭ بەك ئېغىرلىقى، گەۋدىمىز بىلەن يۈكىمىز ئارىسىدىكى نىسبەت خۇددى تاغ بىلەن چۈمۈلىدەك پەرقنىڭ بەك چوڭلىقىدۇر. يەنە بىر تەرەپتىن ئېلىپ ئېيتقاندا مىللىتىمىزگە ئۆزىنى پىدا قىلغانلار ئاز سانلىق بولۇپ يۈكنىڭ ئاستىدا يانجىلىپ كېتىۋاتسا كۆپ سانلىق خەلقىمىز ئۆز شەخسى ھەلەكچىلىكى بىلەن مەشغۇل. مەسىلەن ئۆتكەن ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا مەغلۇپ بولغان ھەر ئىككىلا جۇمھۇرىيىتىمىزنىڭ ئاغدۇرۇلىشى ۋە دۆلىتىمىزنىڭ چۆكۈپ يوقۇلىشى بىر قانچىلا ئادەم بىلەن باغلىق بولغان. ئوتتۇز ئۇچىنچى يىلىدىكى دۆلىتىمىز باش مىنىستىر سابىت داموللىنىڭ تۇتقۇن بولۇشى بىلەن مۇنقەرز بولغان بولسا، قىرىق تۆتىنچى يىلىدىكى دۆلىتىمىز ئەلىخان تۆرە ۋە ئەخمەتجان قاسىملارنىڭ تۇتقۇن بولۇشى بىلەن يوقالغان ئىدى. ئۇرۇشتا غەلىبە قىلغان بىر مىللەتنىڭ تەقدىرى بىر ئادەمگە باغلىق بولۇپ قالىدىغان بۇنداق بىر كىلاسسىك پاجىئە بىزدە نېمە ئۈچۈن كۆپ ئۇچراپ تۇرىدۇ؟ بۇنىڭ جاۋابى شۇنچىلىك ئاددى ــ بىزدە جاسارەت بار. بىزدە پىداكارلىق بار. بىزدە تەۋەككۈلچىلىك بار. بىزدە جانلىقلاردا بولۇدىغان تەبىئى خۇسۇسىيەتلەرنىڭ ھەممىسى بار. لېكىن ھەقىقى ئادەمدە، ھەقىقى ئىنساندا بولۇشقا تېگىشلىك ئاممىۋى قىزغىنلىق كەمچىن، مىللەتتە بولۇشقا تېگىشلىك مىللى ئاڭ، مىللەتچىلىك تۇيغۇسى، ئۆملۈك پائالىيەتچانلىقى بەك تۆۋەن. شۇڭا بىزنىڭ ئىنقىلاۋى ھاياتىمىزدا « ئوتنى كىم تۇتسا شۇنىڭ قولى كۆيىدۇ» ــ دېگەن سۆز كىشىلەر ئېڭىدا يىلتىز تارتقان.

ئەمدى قەلەم ساھەسىنى ئاختۇرۇپ باقىدىغان بولساق، ھېلىقى ھەممە شۇملۇقنىڭ، ئىپلاسلىقلارنىڭ مەنبەسى بولغان نادانلىق ئالدى بىلەن بىلىملىك كىشىلىرىمىزدە ئەڭ ئېغىر ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىش ئانچە قىيىن ئەمەس. بىزنىڭ ساۋاتلىق ئەرباپلىرىمىزنىڭ بىلىم خېمىتۇرۇچىنى خىتاي سالغان. خىتاي ئۆز مىللى مەنپەئەتىگە

خىلاپ ئىش قىلىدىغان كالۋا مىللەت بولغان بولسا بىزنىڭ ئۈستىمىزدىكى يۈك بۇنچىۋالا ئېغىرلىشىپ كەتمىگەن بولاتتى. بىزدە دوكتورلار يېتىپ ئاشقۇچە بار. بىزدە پىكىر ئەھلى ، يازارمەنلەر سامانداك تولا. نېمىشكە ئىنساندا، ئادەمدە، مىللەتتە بولىدىغان خۇسۇسىيەت شۇنچىلىك زەئىپ؟ يازارمەنلىرىمىزنىڭ ھەممىسىلا مىللەتنىڭ بېشىغا كەلگەن، كېلىۋاتقان ۋە كېلىدىغان ئىجتىمائى بالايى ئاپەتنىڭ تۈپ سەۋەبى تەپرىقىچىلىك، تەپرىقىچىلىكنىڭ مەنبەسى بىلىمسىزلىك، نادانلىق ـ دەپ، بايان قىلىشىدۇ - يۇ، ئۆزلىرى تەپرىقىچىلىكنىڭ ئۇرۇقلىرىنى تۈر، تۈرلىرى بىلەن چېچىشقا شۇنچىلىك ھېرىسكى، باشقا بىرى مېنىڭدىن بۇرۇن بۇ ئىشنى بېجىرىپ كەتمىسۇن ـ دەپ، ئالدىرايدۇ. گەپ يازالاشتا، پىكىر بايان قىلالاشتا، تەھلىل يۈرگۈزەلەشتە ئەمەس، بەلكى بىلىم قۇتىسىغا سېلىنغان خېمىتورۇچىنىڭ كېلىپ چىقىشىدا! خىتاي بىزنىڭ ساۋاتلىقلىرىمىزنىڭ مېڭىسىگە ئۇيغۇر ئۈچۈن ئويلىيالمايدىغان، ئەگەر ئۇيغۇر ئۈچۈن ئويلىسا تەتۈر ئويلايدىغان، ياكى مايمۇندەك تەقلىت قىلىپ ئويلايدىغان بىر تۈرلۈك خېمىتورۇچ ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغان بولۇشى ئومۇمى ئەمەلىيىتىمىزدىن بىلىنىپ تۇرۇپتۇ. نېمىشكە شۇنداق قىلمىسۇن. بولمىسا ئۆزلىرىنىڭ ئىشىغا تۇپا چاچقان بولمامدۇ.

ئۇيغۇردىن باشقا ئەسىر مىللەتلەرنىڭ ھەر تۈرلۈك غېمىنى شۇ مىللەت ئەھلىدىكى بىلىم ئىگىلىرى، سەنئەتكارلىرى، باي مۈلۈكدارلىرى ، سىياسى خادىملىرى ئۈستىگە ئالغان بولىدىكەن. ئەمما ئۇيغۇرلاردا دەل ئۇنىڭ ئەكسىچە. نېمىشكە شۇنداق بولىدۇ؟ ـ ئۇيغۇرلارنىڭ بىلىم ئەھلىلىرى خىتاي زاۋۇتىدا پىشقلاپ ئىشلەنگەن بىر تۈرلۈك نەپىس تاۋاردۇر. ئۇيغۇرلارنىڭ مۈلۈكدارلىرى ئىشلەپ چىقارغۇچى ئەمەس، خىتاي ئىشلەپ چىقارغان ساختا ماللارنى ساتىدىغان سېتىقچىدۇر. ئۇيغۇرنىڭ سەنئەتكارلىرى ئىجادىيەتچى ئەمەس بەلكى

خىتايىنى تەقلىت قىلىدىغان كۆچۈرمىچىلەردۇر. ئۇيغۇرنىڭ سىياسەتچىلىرى دەل خىتاي بىر قوللۇق يېتىشتۈرگەن، بىر نان ئۈچۈن ئىشلەشنى ئۆزلىرىگە شەرەپلىك ۋەزىپە دەپ قوبۇل قىلغان پەسكەش ئىشتىلاردۇر. شۇنىڭ ئۈچۈنلا ئۇيغۇرنىڭ غېمى ئىنتايىن ئاز ۋە ئاجىز قاتلامغا يۈك بولۇپ كەلمەكتە.

ئەمدى ۋەتەن سىرتىدىكى ئەھۋالىمىزغا كەلسەك، تىلغا ئالغۇچىلىك بىر گەپ يوق. ۋەتەن مىللەت دەپ قايناپ يۈرگەنلىرىنىڭ كۆپۈنچىسى بىر پۇتلۇقلار. يەنى بىر پۇتى تالادا. ئىقتىسادى ساھەدە ھېچقانداق ئورۇن يوق. بىلىم قاتلاملىرىدا بولسا ئۇلارنىڭ بىلىمىنىڭ يېرىمى خىتايغا ئائىت، يېرىمى چەتئەللىكلەرگە، ئەسلىدىكى خىمىتۈرۈچلىرىنى ئويلىساق تېخىمۇ ئېچىنىشلىق. ئۇلاردىكى بىلىم ئەبجەش. ئەمما ئۇيغۇر بىلەن، ئۇيغۇرنىڭ مىللى مائارىپى بىلەن قىلچىمۇ باغلىنىشى يوق. چەتئەلدە ئۇيغۇر سىياسەتچىسى تېخى تۇغۇلمىدى. ئۇيغۇر ياشايدىغان قايسىلا دۆلەتكە نەزەر سالماڭ ئۇيغۇر ئىشلەمچى، ياكى سېتىقچى. تېخى ئىنتايىن كۆپ بىر قىسىم ئۇيغۇر شۇ ھالىغا باقماي، ئۆزلىرىنىڭ ھېلىقى ئافرىقا ئورمانلىرىدىكى قوتور بېسىپ كەتكەن ھورۇن مايمۇنلارغا ئوخشاپ قېلىۋاتقانلىقىغا باقماي ھەقىقەتنى كۆرىدىغان بولسا يىلاننى كۆرگەن مايمۇنلاردەك كۆزلىرىنى ئىتتىۋېلىشىپ « قى قى، ھۇھۇ » قىلىشىپ، بۇ كەڭ، ئەركىن دۇنياغا سىغىشمىغۇدەك پاراكەندە بولۇشلىرى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ. بىرسى گەپدانلىق قىلىپ ( بەلكى باشقا بىر مىللەتنىڭ ئاقىللىرىدىن قالغان كىلاسىك سۆز بولۇشى مۇمكىن ) « مىللەت ئۇرۇشتا تۇگىمەيدۇ بەلكى سۈكۈتتە تۈگەيدۇ » دەپ قويغان ئىكەن، بۇ سۆزنى تەقلىت قىلىپ قى قى، ھۇ ھۇ قىلغانلار شۇنچىلىك كۆپ بولدىكى، خۇددى قۇرئاننىڭ ئايەتلىرىنى نەقىل قىلغاندەك شۇنچىلىك مۇقەددەس قىلىۋېلىشتى. ئۇرۇش، جەڭ دېگەن خالىغاندا مىلتىقنى بەتلەپ ئېتىپ ئوينايدىغان، خالىغاندا مىلتىقنى

سىياغا چىلاپ خەت يېزىپ ئوينايدىغان ئويۇنچۇق ئەمەس. ئۇ ئەڭ يوقىرى ئىلىم ماھارەت، سىتراتېگىيە، تاكتىكا تەلەپ قىلىدىغان نەپىس بىر سەنئەتتۇر.

# 6

شۇنداق ــ ئۇرۇشتا، جەڭدە ئادەم ئۆلىدۇ، لېكىن ئۇرۇشقا كىرگەن پۈتۈن بىر مىللەت ئۆلۈپ تۈگەپ كېتىشى ناتايىن. ئۇيغۇرلار كىيىنكى ئۈچ ئەسىر تىنجىغان مىللەت ئەمەس. ياكى ئىچكى ئۇرۇشقا كىرگەن، ياكى تاجاۋۇزچى، باسمىچى دۈشمەنگە قارشى ئۇرۇش قىلغان، لېكىن ھازىرغىچە تۈگەپ كەتمىدى. ئۇيغۇر دۆلەتچىلىكىنىڭ چۆكۈش باسقۇچى ساتقۇن ئاپپاق خوجا ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدىن باشلاندى ــ دېسەك، چۆكۈشنىڭ ئالدىنقى شەرتى بولغان ئىچكى يىمىرىلىش، ئىچىدىن چىرىش باسقۇچىمۇ ئاز دېگەندە ئۈچ ئەۋلات ھۆكۈمرانلارنىڭ دۆلەت ئىدارە قىلىشتىكى چىرىكلىكىنى، قابىلىيەتسىزلىكىنى، زاۋاللىققا يۈزلىنىشىنى نەزەردىن ساقىت قىلىۋېتەلمەيمىز. شۇ دەۋردىكى ئىچكى ئۇرۇشتا بولسۇن، ياكى موڭغۇل، مانجۇ باسمىچىلىرىنىڭ قىرغىنچىلىقىدا بولسۇن ئۇيغۇرلار ئەڭ ئېغىر لاتاپەتكە ئۇچرىغان، ئامموۋى قىرغىن قىلىنغان مىللەت ئىدى. 1750 ــ يىلىدىن 1950 ــ يىلىغىچە بولغان ئىككى ئەسىر ئۇيغۇرلارنىڭ قېنى دەريا بولۇپ ئاققان دەۋر بولدى. ئۇيغۇر تارىخىدا ھېچقاچان يولغا قويۇلۇپ باقمىغان قۇللۇق تۈزۈمى، ئەسىرلەرنى قۇل قىلىپ ئېلىپ سېتىش قائىدىسى 1750

ـ يىلىدىن 1900 ـ يىللىرىغىچە بولغان 150 يىل ئارىسىدا ئەڭ ئېغىر ھۆكۈم سۈرگەن ئىدى. 1750 ـيىللىرىدىن ئېتىبارەن پۈتۈن بىر مىللەت ئەسىر، قۇل بولۇپ، ئىنتايىن ئاز ساندىكى يەرلىك ياللانما ئەمەلدارلار، بېقىندى مۇلۇكدارلاردىن باشقا ئومۇمى جەمئىيەت قۇللۇق تۈزۈمىگە مەھكۇم بولغان. قۇللۇق تۈزۈمى يولغا قويۇلغان جەمئىيەتتە مەھكۇم، ئەسىر مىللەتنىڭ قايسى ھالغا چۈشۈپ قالىدىغانلىقىنى كىتاپتىكى يازمىلاردىن ئوقۇپ چۈشۈنىۋالىدىغان ھادىسە ئەمەس. ئۇنى بىلىش ئۈچۈن شۇ زۇلۇمنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن خەلقنىڭ ئەمەلى ھاياتىدىن ئىزدىنىش كېرەك.

قانچە ئەۋلات قانلىق باستۇرۇلۇپ، يەتمىش پۈشتى قۇل قىلىۋېتىلگەن ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئۆتكەن ئەسىردىكى ھاكىۋاقتىلىقىغا قارايدىغان بولساق، قۇللۇقنىڭ نەتىجىسىنى ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئۇيغۇرلار تولۇق ئويغانغان چاغدا ئىنتايىن بەك كېچىكىپ ئويغانغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇيغۇر كۆزىنى ئېچىپ ئەتراپقا قارىغۇدەك بولغاندا كۆككە تاقاشقۇدەك مۇز تاغ قەلئەلىرى بىلەن قورشاۋغا ئېلىنغانلىقىنى بىلدى.

ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ شۇنداق تەبىئى بىر قانۇنىيىتى باركى ئەجداتلىرىدىن ئۆتكەن خاتالىقلا ئەۋلاتلىرى جاۋاپكار بولۇشى كېرەك! دەرۋەقە بۇ ئىنتايىن توغرا، ئادىل قانۇنىيەت. چۈنكى دادىسى ئەقىللىق، ئەمگەكچان، تەدبىرلىك باللار تالەيلىكلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالىدۇ. ئۇنىڭ ئەكسىچە ھورۇن، ھاماقەت، بىكار تەلەپ، ئوغرى، قىمارۋاز، ئەخلاقسىز، ناكەسلەرنىڭ باللىرى تالەيسىز،

بەختسىز بولۇپ دادىسىنىڭ ئورنىنى ئالىدۇ. بۇ قانۇنىيەت بويىچە ئېيتقاندا هەربىر دادا ئۆز ئەۋلاتلىرىنىڭ تەقدىرىنى يازىدىغان پۈتۈكچىدۇر.

ئەجداتلار بىزگە دۆلەت قالدۇرمىدى، بەلكى زومچەك، زومچەك قەبرىستانلىقلارنى مىراس قالدۇردى. بۇ قەبرىستانلىقلار شانلىق تارىخقا يېزىلغان مەغلۇبىيەتلەرنىڭ قانلىق ئىزنالىرى ئىدى. « مىللەت ئۆرۈشتا تۆگىمەيدۇ بەلكى سۈكۈتتە تۆگەيدۇ!» دەرۋەقە ئىككى يېرىم ئەسىر قالدۇرمىدى يوق، تۈزلۈكتە ئۆرۈش قىلىپمۇ تۆگىمىگەن ئەجداتلارنىڭ بۇگۈنكى ئەۋلاتلىرى سۈكۈتتە تۆگەپ كېتىش خەۋپىگە دۇچ كەلدى! بىراق ئۇيغۇرلار « مىللەت ئۆرۈشتا تۆگىمەيدۇ بەلكى سۈكۈتتە تۆگەيدۇ!» دېگەن بۇ ھەقىقەتنى تونۇپ يەتكەنلىرىدە تۈزلۈكتە، مۇداپىئەلىنىدىغان قەلئەسى يوق ئوچۇق دالادا ئۆرۈش قىلسا ئۆرۈشتا قىرىلىپ تۆگەپ كېتىدىغان دەۋرگە كىرىپ قالغانلىقىنى بايقاپ چۆچۈپ كەتتى!

بىز بۇ يەردە « خاتالىق » ئۆتكۈزگەن ئەجداتلارنىڭ سۆزلىكىلىرىنى غاجىلىماقچى ئەمەسمىز. ئەمما تارىخنى يەكۈنلىمىگەن، خاتالىقتىن يەكۈن چىقارمىغان، ئەجداتلىرى ئۆتكۈزگەن خاتالىققا ۋارىسلىق قىلغان مىللەت بىزدەك ھاڭۋاقتى، بايقۇشلاردىن بولۇپ قالىدۇ. تارىخنى تەكرارلاش خاتالىقتۇر، خاتالىقنى تەكرارلاش مەغلۇبىيەتتۇر ــ تارىخنى تەكرارلاش مەغلۇبىيەتتۇر!

ــ « ئۇرۇشــتا ، جەڭــدە مىلــلەت تۇگــمەيــدۇ، مىلــلەت سـۇكۇتتە تۇگـەيـدۇ، ئەجـداتلىرىمىز ئىككى يېرىم ئەسىر دۈشمەنگە قارشى تۇزلۇكتە ئۇرۇش قىلىپمۇ تۇگەپ كەتمىگەن، بىز سۇكۇت قىلىپ تۇگەپ كېتىۋاتىمىز ــ ئەۋلاتلارنى ساخلاپ قېلىش ئۇچۇن دالاغا چىقىپ، تۇزلۇكتە جەڭ قىلايلى، ئۆزىمىزنى ئەۋلاتلار ئۇچۇن قۇربان بېرەيلى! » مانا بۇ بۇگۇنكى تارىخ قارىشىمىز، مانا بۇ بۇگۇنكى تارىخى خۇلاسە!

ئەمــدى ئــۇرۇش توغرىســدا گەپ بولغــانكەن، بــۇرنىمىزنى بــۇ مەۋزۇغىمۇ بىر ئاز تىقىپ ئۆتەيلى. ئۇرۇش زادى قانداق ھادىسە؟ ئۇيغۇرلار ئۇرۇش قىلسا كىمگە قارشى، كىم بىلەن ھەمكارلىشىپ، قەيەردە، قايسى شارائىتتا ئۇرۇش قىلىدۇ؟ ــ ئۇيغۇرلارنىڭ كىمگە قارشى ئـۇرۇش قىلىدىغانلىقى ئېنىقلىنىدىغان، سورىلىدىغان مۇجمەل نەرسە ئەمەس. ئۇيغۇرنىڭ پەقەت بىرلا دۈشمىنى بار. ئۇيغۇر خىتايغا قارشى ئـۇرۇش قىلىدۇ. ئېنىقراق ئېيتقاندا ئۇيغۇرنىڭ ئۇرۇش قىلىش ئوبيېكتى خىتاي باسمىچى ھۆكۈمىتى ۋە شەرقى تۈركىستاننى بېسىپ ياتقان قوراللىق خىتاي ئارمىيەلىرىدۇر. بۇنى ئۇيغۇر تۇرماق، پۈتۈن دۇنيا بىلىدىغان مەسىلە. لېكىن ئۇيغۇر ئـۇرۇش قىلسا كىمنىڭ ھەمكارلىقى بىلەن قىلىدۇ؟ ــ دېگەن سـۇئال بىزنىڭلا بېشىمىزنى قايدۇرۇپ قالماستىن ھەتتا دۈشمىنىمىز بولغان خىتاينىمۇ قايمۇقتۇرۇپ قويىۋاتقان مۇرەككەپ، چىگىش بىر مەسىلەدۇر. چۇنكى خىتايغا قارشى بىز بىلەن ئۇرۇشتا ھەمكارلىشىدىغان دۆلەتنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى خىتايمۇ تېخى تەسەۋۋۇر قىلغىنى يوق!

« ئۇرۇشتا مىللەت تۈگىمەيدۇ، سۈكۈتتە تۈگەيدۇ» دېگۈچى، ئۇرۇش خۇمار، قورقماس يۈرەك، باتۇر ئەزمەتلىرىمىزنىڭ ئۇرۇشقا بولغان پوزتسىيەلىرىنى ۋە نەتىجىلىرىنى ئالدى بىلەن بىر قېتىم كۆرۈپ باقايلى. ئۇرۇشنى « ئىجاد قىلغۇچى مەمتىمىن ھەزرەت»، « جىھادنى ئىجاد قىلغۇچى ھەسەن مەخسۇم قوشۇنى»، « ئۇرۇشنى ۋە جىھادنى بۆشۈكىدە بوغۇپ خىتاي ئۈچۈن خىزمەت كۆرسەتكەن خائىن، مۇناپىقلار»، مۇشۇ بولغانمىدى « مىللەت ئۇرۇشتا تۈگىمەيدۇ، سۈكۈتتە تۈگەيدۇ» دېگۈچىلەرنىڭ مىللەتكە ئېلىپ كەلگەن جەڭ ئۇتۇقلىرى! ئۇيغۇر تارىخىدا يۈز بەرگەن بۇ ھادىسىدىن ئۇيغۇر ئۇرۇشچىلىرىنىڭ ئەقىل پاراسەتلىرىگە، دانا تەدبىرچانلىقىغا، ھەربىي مۇتەخەسسىسلىكىگە بولۇ ۋەقەدىن خەۋەر تاپقان پۈتۈن دۇنيا ئەھلى ھەيران قالغاندۇر بەلكى! ھەتتا خىتايغا قارشى ئۇرۇش قىلىپ، ئاخىرى خىتاي بەرمەكچى بولغان مەنسەپكە ئالدىنىپ سىرتماقتا ئۆلگەن تۆمۈر خەلىپىنىڭ روھىمۇ يۈز يىلدىن كېيىن يەنە شۇنداق« ئەقىللىق» نەسلىنىڭ ئۆز يولىدىن ماڭغانلىقىنى كۆرۈپ ياقىسىنى چىشلىگەندۇر بەلكى! ئۇلار قانداق قىلىپ تۆمۈر خەلىپىنىڭ يولىدىن ماڭدى ـ دەمسىز؟ تۆمۈر خەلىپە قۇرئان تۇتۇپ قەسەم بەرگەن دىنى « قېرىندېشى » لى شىڭفۇ ناملىق تۇڭگاننىڭ ۋەدىسىگە ئىشىنىپ، خىتاي قورۇپ قويغان تۇزاققا چۈشكەن بولسا، ماۋۇ باتۇر، ئەقىللىق ئۇرۇشچىلىرىمىز ئىرقىي قېرىنداشلىرى بولغان تۈرك ۋە تۈركىيەلىرنىڭ خەيرخالىقىغا، سادىقە، ئىھسانلىرىغا دۇم چۈشۈپ، بىر قانچە دانە مىلتىقنىڭ ئۈچىنى كۆرسىتىپ قويىشى بىلەن « قورالىق ئۇرۇش قىلىپ ۋەتەننى ئازات قىلماقچى » بولۇشتى.

ئەمدى گەپ بۇ يەرگە كەلگەندە پەردىنى قايرىۋېتىپ، ئوچۇقراق بايان قىلىپ ئۆتەيلىچۇ!

ـ « ستراتېگىيە، تاكتىكا » ناملىق ئىككى نەپەر قوش كېزەكنىڭ بارلىقىنى بىلمەيدىغان ئادەم بولمىسا كېرەك. گەپنى بىر ئاز يورغىلىتىپ سوۋېيت ـ ئافغان مۇناسىۋىتىدىن باشلىساق چۈشىنىشكە ئاسانراق بولارـ دەپ ئويلايمەن. دۇنيانى پەقەت ئىككىلا پارچىگە بۆلۈشۈپ ئىدارە قىلىش، دۇنيانى پۈتۈن ئىلىكلىرى بىلەن سۈمۈرۈش ئەڭگىلىز ۋە رۇسلارنىڭ تاتلىق چۈشلىرىدىن ئىدى. دېڭىز قاتنىشى راۋاجلىنىپ ئەڭگىلىز سۈمۈرگۈچىلىرى چوڭ ئاتلاپ ئالغا ئىلگىرلىگەنسىرى، رۇسلارنىڭ ئىشتىھاسى مۇزلىمايدىغان ئىسسىق دېڭىزلارغا ئىنتىلدى. چۈنكى رۇسلارنىڭ دېڭىز يولى قىش پەسلىدە كارغا كەلمىگەنلىكتىن ھەم ئافرىقا، ئوتتۇر شەرق قاتارلىق يەر ئاستى بايلىققا تىقىلىپ كەتكەن تۈپراقلارغا تۇتاشمىغانلىقتىن يېڭى بىر دېڭىز قاتنىشى ئېچىشقا مەجبۇرلىناتتى. بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن پارس قولتۇقىنى ئىگەللىشى كېرەك ئىدى. رۇسلار بۇ غايە ئۈچۈن ئىككى ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىت سەرپ قىلىپ جەنۇپقا توختىماي ئىلگىرلىدى. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى رۇسلارنىڭ غەربى ياۋرۇپا، ئوتتۇر شەرق، شىمالى ئافرىقىلارغىچە ئىدىئولوگىيەلىك تەسىر كۆرسۈتۈشىگە پۇرسەت يارىتىپ بەردى. چۈنكى بۇ ئۇرۇشتا ياۋرۇپا ۋە ئەڭگىلىز ئىمپېراتورلۇقى ئاجىزلاپ، يېڭىدىن ئېغىر سانائەتكە قەدەم باسقان رۇسلارنىڭ قەد كۆتۈرۈشىگە زېمىن ھازىرلانغان بولدى. رۇسلار ئوتتۇر شەرقتىكى يەر ئاستى بايلىقلارنى سۈمۈرۈش ۋە

مۇزلىمايدىغان دېڭىز قاتنىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن تۇپراق تېرتورىيەسىنى ئىراق ۋە ئىرانغىچە كېڭەيتىشى كېرەك بولۇپ، بۇ پىلاننى ئۈرۈش بىلەن ئەمەس، تېنچ ئىدىئولوگىيە ئارقىلىق « ئىتتىپاقداش » شەكىللەندۈرۈش بىلەن ئىشقا ئاشۇرماقچى بولدى.

رۇسلارنىڭ سوتسىيالىستىك ئىدىئولوگىيەسى ئوتتۇر ئافرىقا، سۈرىيە، ئىراق قاتارلىق كۆپلىگەن ئەرەپ مۇسۇلمان دۆلەتلىرىگە چوڭقۇر يىلتىز تارتقان بولسىمۇ، فىرانسىيە، ئەنگىلىيەنىڭ يوشۇرۇن ھىمايىسى ئارقىسىدىكى ئىرانغا زادىلا يوچۇق ئېچىلمىدى. رۇسلارنىڭ چىگرا ھۇدۇدى ئىلگىرلەپ نەجىبۇللا رەھبەرلىكىدىكى ئافغانىستاننى ئۆز ئىچىگە ئېلىش بىلەن بىرگە بۇتھۇ ئەلى زۇلفىخار رەھبەرلىكىدىكى پاكىستاننى سوتسىيال ئىتتىپاققا كىرگۈزۈپ بولدى. دەل شۇ پەيتتە ئىسسىق دېڭىز ۋە يۇتۇن ئوتتۇر شەرقنىڭ رۇسلارغا يەم بولۇپ كېتىش خەۋپىنى تولۇق تونۇپ يەتكەن ئامېرىكا، فرانسىيە، ئەنگىلىيە ئىتتىپاقى ئىران ــ ئىراق ئۇرۇشىدىن ئىبارەت ئوتتۇر شەرق ئۇرۇشنى قوزغاپ، رۇسلارنىڭ تېنچ سىڭىپ كىرىشىنىڭ ئالدىنى توسماقچى بولدى. 1977 ــ يىلى بۇتھۇ ئەلى زۇلفىخارنى دارغا ئېسىپ، پاكىستاندا ھەربىي ئۆزگىرىش قىلغان زىيائۇل ھەق غەربنىڭ يوشۇرۇن قوللىشى بىلەن رۇس باسمىچىلىرىنىڭ ئالدىنى توسۇش ئۈچۈن ئافغانىستاندا « مۇجاھىدلار» ئۇرۇشى قوزغاشقا تۈرتۈش قىلدى. ئون يىللىق ئىران ــ ئىراق ۋە ئافغان ــ رۇس ئۇرۇشى نەتىجىسىدە دۇنيانى ۋە ئىسسىق دېڭىزنى ئىگىلەش ئۈچۈن ئىككى ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىت كۈچ سەرىپ قىلىنغان رۇس ستراتېگىيەسى بىر

قېتىملىق مەغلۇپ بولدى! ھەتتا سوۋېيىت سوتسىئال جاھانگىرلىكى چۆكۈپ، ۋارشاۋا ئىتتىپاقى ئەسكى چاپاندەك تىتىلىپ كەتتى. ئارقىدىنلا بىر مىللەتنى ئىككىگە ئايرىغان بېرلىن تېمى يىقىلدى. ھەتتا رۇسلار « مەڭگۈلۈك » يۇتۇۋالغان تۈركىستان تۇپراقلىرىمۇ رۇسلارنىڭ ئاشقازىنىنى يىرتىپ قەد كۆتۈرۈپ چىقتى! لېكىن ئىش بۇنىڭ بىلەن تۈگىگىنى يوق. ئافغانىستان ئەينى ۋاقىتتا رۇس ئىمپىرىيەسىنىڭ پارىس قولتۇقىغا كىرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا ئامېرىكا ۋە ئەنگلىيەنىڭ مۇھىم بازىسى بولغان بولسا، بۈگۈن دەل ئۇنىڭ ئەكسىچە ئامېرىكىنىڭ شەرققە، ئوتتۇر ئاسىياغا، غەربى جەنۇبى كاپكاز تۇپراقلىرىغىچە ئىلگىرلىشىنىڭ ئالدىنى توسۇش ئۈچۈن رۇس ۋە خىتاينىڭ مۇداپىئەلىنىش بازىسى بولۇپ قالدى. يەنى ئافغان ــ رۇس ئۇرۇشىدا ئافغانلارنىڭ غەلىبە قىلىشىدىكى ھەل قىلغۇچى كۈچ ئامېرىكا بولغىنىدەك، بۈگۈنكى ئافغان ــ ئامېرىكا ئۇرۇشىدا ئەگەر ئافغانلار غەلىبە قىلماقچى بولىدىغان بولسا جەزمەنكى ھەل قىلغۇچى كۈچ رۇس بىلەن خىتاي بولۇپ قالىدۇ.

ئەمدى ئەسلىدىكى گەپكە قايتساق، ئەينى ۋاقىتتىكى ئافغانىستاننىڭ رۇس كېڭەيمىچىلىرىگە قارشى ئامېرىكا بىلەن ئېلىپ بارغان يوشۇرۇن ھەمكارلىقى ئافغانىستان ئۈچۈن ستراتېگىيەلىك مەسىلە بولماستىن، پەقەت ۋاقىتلىق، قىسقا مۇساپىلىك تاكتىكا بولۇپ لېكىن ئامېرىكا ئۈچۈن رۇسنىڭ كېڭىيىشىنىڭ ئالدىنى توسۇشتا ئەڭ مۇھىم ستراتېگىيەلىك ھەمكارلىق ھېساپلىناتتى. شۇنىڭدەك بۈگۈنكى ئافغان ــ رۇس

يوشۇرۇن ھەمكارلىق مۇناسىۋىتى ئافغان ئۈچۈن يەنىلا تاكتىكىلىق، قىسقا مۇساپىلىك ھەمكارلىق بولۇپ ئەمما رۇسلار ئۈچۈن ۋە خىتاي ئۈچۈن مۇھىم ستراتېگىيەلىك مەسىلىدۇر. رۇسلار ئافغانىستانغا قىزىقمىغان قىياپەتتە كۆرۈنۈپ، ئامېرىكىغا تاشلاپ بەرگەن بولۇۋالدى. بىراق ئامېرىكا ئافغانىستان بىلەن ھەپىلىشىپ، پارىس قولتۇقىغا بولغان ستراتېگىيەسىدە پاسسىپ ئورۇنغا چۈشتى. رۇسلارنىڭ كۈتكىنىمۇ دەل شۇ ئىدى. چۈنكى ئامېرىكا ئافغان ئۇرۇشىدا يېڭىلمەسلىك ئۈچۈن بارلىق زېھنىنى ئاجىرتىشى كېرەك. بۇ پۇرسەتتە رۇسلار ئارقىلاپ كىرىپ ئىراننى ئۆز تەسىرى ئاستىغا ئالالايدۇ. ئەھۋال دەل شۇنداق بولدى. ھازىرقى ئافغان ـ ئامېرىكا ئۇرۇشى بىر ھېساپتا رۇسلارنىڭ ئىسسىق دېڭىزغا بولغان ستراتېگىيەسىنى غۇۋا ئەكس ئەتتۈرۈۋاتقاندەك بىر مەنزىرىنى بارلىققا كەلتۈردى. بۇ مەنزىرە رۇس ـ ئىران ئاتوم مۇناسىۋىتىدە نامايەن بولماقتا. رۇسىيەنىڭ ئىراننى ئاتوملاشتۇرۇش غەرىزى ئامېرىكىنى ئىسسىق دېڭىزدىن يىراقلاشتۇرۇش ئۈچۈن قوللىنىۋاتقان كوزۇرىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. ھېچ بولمىغاندا ئەگەر رۇسىيە پارىس قولتۇقىنى ئىگىلەش ئىمكانىيىتىنى زادىلا يارىتالمىسا ئامېرىكىغىمۇ ئىمكان بەرمەسلىك كېرەك! مانا بۇ ستراتېگىيەدۇر.

بۇ يەردە بىز تونۇپ يەتمەكچى بولۇۋاتقان مۇھىم مەسىلە شۇكى، ئەگەر رۇسىيەنىڭ ئىسسىق دېڭىزنى ئىگىلەش ستراتېگىيەسىگە ئامېرىكا قارشى تۇرمىغان بولسا ئافغانىستان ئاللىبۇرۇن رۇسلارنىڭ ئېرىتمىسىدە ئوتتۇر ئاسىيادىكى

دۆلەتلەردەك مىللىي ئالاھىدىلىكىنى يوقۇتۇپ، سىلاۋيانلىشىپ بولاتتى ۋە ئوتتۇر ئاسىيا دۆلەتلىرىمۇ تۈرلەلمىگەن بولاتتى. يەنە شۇنىڭدەكلا ئامېرىكىنىڭ ئوتتۇر ئاسىياغا، كاپكاز رايونلىرىغا قارىتىۋاتقان ستراتېگىيەسىگە رۇسلار بىلەن خىتاي قارشى تۇرمايدىغان بولسا ئافغانىستان ئامېرىكىنىڭ 57 ـ شتاتىغا ئايلىنىپ بولاتتى. دېمەك ئۇرۇش قىلىپ تۇگىمەيۋاتقان ئافغانىستانلىقلارنىڭ «ئۇرۇشى» ماھىيەتتە ئەڭ كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ مەنپەئەت توقۇنۇشىدۇر.

ئەمدى ئۇرۇش خۇمار ئۇيغۇرلار گەپ قىلىپ باقسۇن! ـ قوراللىق ئۇرۇش قىلىپ ۋەتەننى ئازات قىلىدىغان، ۋەتەن ئازات بولغاندا دېمۇكراتىك دۆلەت قۇرىدىغان دانا قۇماندان مەمتىمىن ھەزرەتلەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ ستراتېگىيەسىنى قوبۇل قىلغان؟ قايسى دۆلەتلەرنىڭ ستراتېگىيەسىگە تايانغان؟ ياكى قايسى دۆلەتلەرنىڭ تاكتىكىلىق ھىلە ـ نەيرەڭلىرىگە ئۇسۇل ئوينىغان؟ ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىپ، ئاللاھنىڭ كەلىمىسىنى يوقۇرى كۆتەرمەكچى بولغان، شەرقى تۈركىستاندا ئاللاھنىڭ شەرىئىتىنى ھۆكۈمران قىلماقچى بولغان مۇجاھىدلار قوشۇنى ھەسەن مەخسۇملار قايسى دۆلەتلەرنىڭ، قايسى ئېقىملارنىڭ ستراتېگىيەسىنى قوبۇل قىلغان؟ ئۇلار قايسى ماددى كۈچكە تايانغان؟ ـ بۇ ئىككى ئۇرۇشچى ئېقىم ئەگەر ئۆز ـ ئارا ئۇرۇشۇپ قالماي، بەلكى كۈچلۈك ئىتتىپاق تۈزۈپ خىتايغا قارشى بىر سەپتە ئۇرۇش قىلغان بولسا ـ دەپ پەرەز قىلايلى، ئۇلار زادى قايسى دۆلەتنىڭ ھەمكارلىقى بىلەن بۇ ئۇرۇشنى ئېلىپ بارغان بولاتتى؟

# 7

ئالدىنقى باپتا « مەنپەئەت » توغرىسىدا بىر ئاز سۆزلەپ ئۆتتۇق. ئەمدى بىر ئاز كەڭرەك توختىلىپ ئۆتەيلى. مەنپەئەتنى « كىشىلىك مەنپەئەت »، « مىللى مەنپەئەت» ـ دەپ ئىككى چوڭ تۈرگە ئايرىش ئادەتلىنىپ كەلگەن. كىشىلىك مەنپەئەت « خۇسۇسى مەنپەئەت »، مىللى مەنپەئەت « ئومۇمنىڭ مەنپەئەتى » ـ دەپمۇ تىلغا ئېلىنىدۇ. خۇسۇسى مەنپەئەتچىلىك خاھىشى شەخسىيەتچى، ئاچ كۆز ـ دېگەندەك سەلبى سۆزلەر بىلەن ئەيىپلىنىپ، ئومۇمى مەنپەئەتچىلىك بولسا ئالىجاناپ، ئاق كۆڭۈل ـ دېگەندەك ئىجابى سۈپەتلەر بىلەن مەدھىيلىنىپ ئومۇملاشقان. خۇسۇسى مەپەئەتچىلىك قاباھەتكە، ئومۇمى مەنپەئەتچىلىك گۈزەل ئەخلاققا ۋەكىللىك قىلىش ۋە شۇنداق قاراش تولىمۇ ئۇزۇن ئۆتمۈشلەردىن كېلىۋاتقان ئەنئەنە بولغان بولسىمۇ لېكىن ئاساسەن سوتسىئالىستىك جەمئىيەت كىشىلەر ئېڭىدا كونكرېتلەشتۈرۈپ، مۇئەييەن سېستىمىغا، پەلسەپىۋى قىممەتكە ئىگە قىلىپ ھەتتا دۆلەتلەرنىڭ تۈپ سىياسەتلىرىگىچە سىڭدۈرگەن بولدى.

ئومۇمى مەنپەئەتچىلىكنى مەدھىيلەش، شەخسى مەنپەئەتچىلىكنى سۆكۈش خاھىشى ئىنسانلار « يوقۇرى تەبىقە، تۆۋەن تەبىقە» دىن ئىبارەت ئىككى قاتلامغا ئايرىلغان زامانلاردىن باشلاپ كىشىلەر ئېڭىدا يىلتىز تارتىپ، كېيىنچە يوشۇرۇن ئاڭدىن رېئال جەمئىيەتكە تەسىر كۆرسەتتى. يوقۇرى تەبىقىلەر ئاز سانلىقتا، تۆۋەن تەبىقىلەر كۆپ سانلىقتا ئايلىنىشىغا ئەگىشىپ ئومۇمى مەنپەئەتچىلىك خاھىشى بىلەن خۇسۇسى مەنپەئەتچىلىك خاھىشى ئارىسىدا زىدىيەت كەسكىنلەشتى. قۇلدارلىق جەمئىيىتى قۇللۇق تۈزۈم، فىئودال جەمئىيەت ھاكىم

مۇتلەقلىق تۈزۈم، دېموكراتىك جەمئىيەت كاپىتالىستىك تۈزۈم، كوممۇنىستىك جەمئىيەت ئومۇمى مۈلۈكچىلىك تۈزۈم ، سوتسىئالىستىك جەمئىيەت خەلقچىللىق تۈزۈم قاتارلىق تۈرلۈك تارىخى ۋە رېئال جەمئىيەتلەردە بولغان ۋە بولۇۋاتقان سان ساناقسىز زىددىيەت، توقۇنۇش، جەڭگى جېدەللەرنىڭ تىگى تەكتى خۇسۇسى مەنپەئەتچىلىك بىلەن ئومۇمى مەنپەئەتچىلىك ئوتتۇرسىدىكى يىلتىزغا بېرىپ تاقىلىدۇ. ئارىغا قىستۇرلۇپ مەجبۇرى پەيدا قىلىنغان كوممۇنىستىك دۆلەت تۈزۈمى يەتمىش يىل ئاۋارىچىلىق تارتقاندىن كېيىن قانداق پەيدا بولغان بولسا يەنە شۇنداق يوقالدى. بۇ تۈزۈم ئومۇمى مۈلۈكچىلىك تۈزۈمى بولۇپ، « خەلق دۆلەتنىڭ خوجايىنى » دەپ رەڭ بېرىلگەن ۋە ماھىيەتتە خەلق« دۆلەتنىڭ قۇلى » قىلىۋېتىلگەن تۈزۈم ئىدى. يەنى خەلقنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا مۈلۈك بولمايتتى. بۇنداق بىر يىرىك خىيال، دەرۋىشلەرچە مەۋھۇمى چۈشەنچە ماركسنىڭ نەزەرىيەسى ئارقىلىق سېستىمىلىشىپ، فىئۇدال جەمئىيەتتە، كاپىتالىستىك جەمئىيەتتە، قۇلدارلىق جەمئىيەتلىرىدە ئېزىلىۋاتقان كۆپ سانلىق خەلقنىڭ رادىكال ھىمايىسى ئاستىدا  رۇسىيە، خىتاي، يوگوسلاۋىيە، كۇبا قاتارلىق دۆلەت ۋە ئەللەردە  دۆلەت تۈزۈمىگە ئايلاندى. بىراق « مەنپەئەت» مەيلى كىشىلىك مەنپەئەت بولسۇن، مەيلى ئومۇمنىڭ مەنپەئەتىدىن ئىبارەت مىللى مەنپەئەت بولسۇن ئىنسانلارنىڭ ئىختىيارلىقىدىن، كىشىلەرنىڭ ئەركىن تەسەررۇپىدىن مەجبۇرى ئايرىۋېتىلگەندە « مەنپەئەت» دېگەن كونكرېت بىر نەرسە مەۋجۇت بولماي قالىدىغانلىقى ياكى « مەنپەئەت » نىڭ ماھىيتى ئۆزگۈرۈپ، پەقەت ئابستراكىت ئۇقۇمدىلا قالىدىغانلىقى ئىنسانى مەنپەئەتلەر قۇربان قىلىۋېتىلگەن يوقۇرقى كوممۇنىستىك دۆلەت تۈزۈملىرىدە تولۇق ئىسپاتلاندى.

ئەمدى بىز « مەنپەئەت» توغرىسىدىكى پىكرىمىزنى كوممۇنىستىك جەمئىيەت ۋە تۈزۈملەردىكى ساختا، قاتمال چۈشەنچىدىن ئايرىپ، ئەركىن

--------------------------

تۇرۇم، ئىنسانلار ئۆز مەنپەئەتلىرىنى ئۆزلىرى تەسەررۇپ قىلالايدىغان جەمئىيەتلەردىكى ئەمەلىيەتكە باغلاپ بايان قىلىپ كۆرۈپ باقايلى. كىشىلىك مەنپەئەت راستىنلا قاباھەتمۇ؟ كىشىلىك مەنپەئەتنى ئەلا بىلىش، خۇسۇسى مەنپەئەتچىلىكنى ياقلاش ھەققەتەن رەزىل، نەپسانىيەتچىلىك خاھىشىمۇ؟ ـ جاۋاپ ئانچە مۇرەككەپ ئەمەس ـ كىشىلىك مەنپەئەتسىز ھېچقانداق مەنپەئەت تەسەۋۋۇر قىلىنمايدۇ. ئەمما كىشىلىك مەنپەئەتنىڭ توقۇنۇش نوقتىلىرىدىن، ئۇچرۇشۇش تۈگۈنلىرىدىن ، زىددىيەتلىك جەريانلىرىدىن كېلىپ چىقىدىغان نەتىجىلەر بەلگىلىگەن ئەمەلىيەتلەر مەزكۇر مەنپەئەتنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشى ۋە تاشقى ئىپادىلىرىدۇر. مىسال بىلەن چۈشەندۈرۈلگەندە: ھېچنەرسىسى بولمىغان نامرات، يالغۇز ئادەمدە جان ساقلاش، ھاياتلىق كىشىلىك مەنپەئەت بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئىسسىق جېنىدىن باشقا ھېچ نېمىسى بولمىغانكەن، ئۇ كىشىلىك مەنپەئەت نوقتىسىدا جاننى قوغدايدۇ. ئىككىنچى قەدەمدە كامبىغەل ئەمما ئائىلىسى، پەرزەنتى بولغان كىشىنىڭ كىشىلىك مەنپەئەت ئىرادىسى ئۆز ھاياتىدىن ھالقىپ ئائىلىسىنى ھىمايە قىلىشقا، ئۆز جېنىنى، كىشىلىك ھاياتىنى پىدا قىلىپ ئائىلىسىنى قوغداشقا تەرەققى قىلىدۇ. ئۈچىنچى قەدەمدە مۈلكى ئالدىنقى ئورۇنغا ئۆتىدۇ. يەنى مۈلۈكدار كىشى ئۆز مۈلكىنى قوغداش ئۈچۈن كىشىلىك ھاياتىنى، ئائىلىسىنى پىدا قىلىدۇ. شۇ قاراش بويىچە ئالغا ئىلگىرلەپ خۇلاسە چىقىرىشقا ئىنتىلسەك، كىشىلىك مەنپەئەت ئومۇمنىڭ مەنپەئەتى ئىچىدە، خۇسۇسى مەنپەئەت مىللى مەنپەئەت ئىچىدە كاپالەتلەنمەيدىغان ھەرقانداق جەمئىيەتتە كىشىلىك مەنپەئەت مىللى مەنپەئەتتىن، خۇسۇسى مەنپەئەت ئومۇمنىڭ مەنپەئەتىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ ۋە بۇ ئىككى تۈر مەنپەئەتلەرنىڭ ئۆز ئارا باغلىنىش تۈگۈنى بولمايدۇ. بۇ قاراشنى تېخىمۇ كەڭ شەرھلەپ، كۆپچۈلۈكنىڭ چۈشۈنۈشىگە قولايلاشتۇرۇلغاندا، ئەمەلى مىسال ئېلىشقا

مەجبۇرلىنىمىز. بىرقانچە ئەسىر ئۇرۇشتا ۋەيران بولغان، يېرىم ئەسىردىن ئارتۇق ئىزچىل مۇستەملىكىدە قالغان ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە نىسبەتەن مىللى مەنپەئەتنى تىلغا ئالغىنىمىزدا يوقۇرقى قاراشنى ئەڭ ساۋاتسىز كىشىنىڭمۇ چۈشۈنۈپ كېتىشىدە گەپ يوق. ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ مىللى مەنپەئەتى ئۈچۈن سۆزلىگەن تىل كېسىلىدۇ. ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ مىللى مەنپەئەتى ئۈچۈن كۆرگەن كۆز ئويۇپ تاشلىنىدۇ. ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ مىللى مەنپەئەتى ئۈچۈن يازغان قەلەم سۇندۇرۇلىدۇ. سوققان يۈرەك توختۇتۇلىدۇ، ھەرىكەتلەنگەن قان توڭلىتىلىدۇ، تىپىرلىغان بەدەن جىمىقتۇرۇلىدۇ، ئىش قىلىپ كىشىلىك مەنپەئەتىنى نەزەردە تۇتقان ھەرقانداق بىر ئۇيغۇر ئۆز مىللىتىنى ئويلىماسلىقى كېرەك. بۇنى كونكرېتلەشتۈرۈپ ئېيتساق ۋەتەن سىرتىدىكى ھەربىر ئۇيغۇر ئۆزىدىن تاغدەك مىسال، ئىسپات كۆرسۈتەلىشى مۇمكىن. يىغىنچاقلاپ رابىيە قادىر خانىمنىڭ بېسىپ ئۆتكەن مۇساپىلىرىنى تىلغا ئالساق ئارتۇق پاكىت كۆرسۈتۈشكە ھاجەت قالمىسا كېرەك. بۇ پۈتۈن دۇنياغا تونۇلغان مەشھۇر ھادىسە.

مەزكۇر بايانلارنى « مەنپەئەت» توغرىسىدا سۆزلەنگەن مۇقەددىمە دېسەك، نۆۋەتتىكى مەنپەئەتلەرگە چۈشەنچە بېرىش ئانچە قىيىنغا چۈشمەيدۇ. دۆلەت سىياسىتىدە، ھۆكۈمەت ئىدارە ئىشلىرىدا كوممۇنىستىك تۈزۈمدە چىڭ تۇرۇپ، ئىقتىساد، ئىشلەپ چىقىرىش، سودا ـ سانائەت، ئىمفورت، ئېكسفورت ئىشلىرىدا كاپىتالىزىمنى يولغا قويغان خىتايدىكى كىشىلىك مەنپەئەتچىلىك مىللى مەنپەئەت ۋە دۆلەت مەنپەئەتى بىلەن زىچ باغلىنىشلىق بولۇپ، ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش سەۋىيەسىدە كۈن كەچۈرۈۋاتقان بىر خىتاينىڭ كىشىلىك مەنپەئەتىمۇ مىللى مەنپەئەت ئىچىدە، دۆلەتنىڭ قەد كۆتۈرۈپ تۇرىشىدا ئەكس ئەتتۈرۈلىدىغان دەرىجىگە بېرىپ يەتتى. ئۇيغۇر بىلەن خىتاي كىشىلىك مەنپەئەتچىلىكىنى سېلىشتۇرساق ئۇيغۇر ئۆز مىللىتى ئۈچۈن مىھنەت

سىڭدۇرسە ۋەيران بولۇپ، ئۇنىڭ ئەكسىچە خىتاي ئۆز مىللىتى ۋە دۆلىتى ئۇچۇن تەر ئاققۇزسا روناق تاپىدىغان ۋەزىيەت خىتاي دۆلىتىنىڭ مىللى سىياسىتى ۋە دۆلەتنىڭ تۈپ مەنپەئەتى بولۇپ مۇقىملاشتۇرۇلدى ھەم قانۇنلاشتۇردى.

يوقۇرىدىكى قاراش بويىچە كاپىتالىستىك ئەللەردىكى( ، يېرىم فىئۇدال ئەرەپ، ئوتتۇر شەرق، ئافرىقا ئەللىرىدىكى ۋەزىيەتلەرنى شۇنىڭدەك بارلىق دېكتاتورلۇق تۈزۈمىدىكى ئەللەرنىڭ ۋەزىيەتلىرنى تىلغا ئالغۇچىلىكى يوق ئەلۋەتتە) مەنپەئەتلەرنى كۆزدىن كەچۈرۈپ باقايلى. دېموكراتىك دۆلەت تۈزۈمىدىكى كاپىتالىستىك ئەللەردە كىشىلىك مەنپەئەت بىلەن مىللى مەنپەئەت ( ـ دۆلەت مەنپەئەتى ) ئۆز- ئارا ئىچ ئىچىگە كىرىشىپ كەتكەن بولۇدۇ. دەرھال قارىماققا ئاۋام خەلق، مۇلۇكدار كاپىتالىستلار ئۆز مىللىتىنى، مىللى مەنپەئەتلىرىنى، دۆلەت مەنپەئەتلىرىنى سۆيمەيدىغاندەك، ھەر كىم ئۆزىنىڭ كىشىلىك مەنپەئەتىنى چىقىش قىلىۋاتقاندەك ( بۇ خىل كەيپىيات دۆلەتنىڭ ئۆتكۈنچى تۈزۈم ۋە سىياسەتلىرىگە نارازىلىق بىلدۈرۈپ كاپىتالىستلارنىڭ فىرمىلارنى يۆتكەپ كېتىشى، ئاۋام خەلقنىڭ ئۇزۇنغا سوزۇلغان نامايىشلىرى، ئاممىۋى ئىش تاشلا، ئۇرۇپ چېقىش قاتارلىق ئاممىۋى ھەرىكەتلەردە ) كۆرۈنسمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ مۇلكى قوغدىنىشلىرى، تۇرمۇش كاپالىتى، تۇرمۇشنىڭ پاراۋانلىقى دۆلەتنىڭ روناق تېپىشىغا، دۆلەت ئىقتىسادىنىڭ يۈكسىلىشىگە باغلىق ئىكەنلىكىنى ھەممىدىن ياخشىراق بىلىشىدۇ ۋە بۇ خىل نوقتىلاردا دۆلەت مەنپەئەتىنى، مىللەت مەنپەئەتلىرىنى جان تىكىپ قوغداشقا تەييار تۇرىشىدۇ. مەسىلەن ئافغانىستاندىكى تالىبان كۈچلىرىغا قارشى ئامېرىكا ۋە ناتو ئارمىيەسىنىڭ باستۇرۇش ئۇرۇشىنى بۇ ئەللەردىكى ئومۇمى خەلق ئەسلا خالىمايدۇ. دۆلەتنىڭ ئۇرۇش سىياسىتىگە خەلق قارشى مەيداندا تۇرۇپ ئۆز مەۋقەئەلىرىنى بىلدۈرۈشىدۇ. ئەمما مەزكۇر دۆلەتنى يېتەكلەۋاتقان، ئۇرۇشقا كىرىۋاتقان

رەھبەرلەرنىڭ، ھاكىمىيەت بېشىدىكى پارتىيەلەرنىڭ نۆۋەتتىكى تۈپ سىياسىتى بولغان باستۇرۇش ئۇرۇشىنى خەلىققە چۈشەندۇرۇشتە، مۇشۇ ئۇرۇشنىڭ نوقۇل دۆلەت سىياسىتى بولۇپلا قالماستىن ئەكسىچە خەلقنىڭ ئامانلىقى، تۇرمۇشنىڭ مۇقىم پاراۋانلىقى ئۈچۈن زۆرۈرى شەرت ئىكەنلىكىنى چۈشەندۇرىدۇ ۋە قوبۇل قىلدۇرۇش بىلەن بىرگە ئۇلارنىڭمۇ دۆلەت تەرەپتە تۇرىدىغان سەپەرۋەرلىك روھىنى ئاشۇرىدۇ. مەسىلەن : « ئەگەر ئامېرىكا، ناتو ئافغان ــ تالىبان تېرورىستلىرىنى باستۇرمىسا، تېرورىستلار كۈچلۈنۈپ ئۇلارنى باستۇرىدۇ، تېرورىستلار بەك قەبىھ ئادەم ئۆلتۈرۈشتە ۋاستە تاللىمايدۇ، چوڭ، كىچىك، قېرى ياش، ئەر ئايال دېمەي ھەممىنى ئۆلتۈرىدۇ، سۈڭا بۇنداق ۋەھشى كۈچلەرنى تۈخۈمىدىن قۇرۇتۇش كېرەك، دۇنيانىڭ نەرىدە بولسا بولسۇنكى تېرورىستلار تېنچلىقنىڭ، ئىنسانىيەتنىڭ، دېموكراتىيەنىڭ ئەجەللىك دۈشمىنى » ــ دېگەندەك تەشۋىقاتلارنى قانات يايدۇرىدۇ ۋە ھۆججەتلىك فىلىملەر ئارقىلىق قايىل قىلىش كۈچىنى ئاشۇرىدۇ. نەتىجىدە ئۆز دۆلىتىنى، مىللى مەنپەئەتلىرىنى سۆيمەيدىغاندەك كۆرۈنگەن ئاۋام خەلقنىڭ يوشۇرۇن تۈيغۇلىرى ھەرىكەتلىنىپ، ئۆز دۆلىتىنىڭ قۇدرەت تېپىشىغا بارلىقلىرىنى بېغىشلايدىغان كەيپىيات قايناپ تاشىدۇ. ھەربىر پۇخرا ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقى، شەخسى مۈلكىنىڭ كاپالىتى مىللى مەۋجۇتلۇقىا، دۆلەتنىڭ قەد كۆتۈرۈپ تۇرۇشىغا باغلىق ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەن بولۇدۇ ۋە  دۆلەتنى، مىللەتنى قوغدىغانلىق ئاخىرقى ھېساپتا ئۆزىنى، شەخسى مەنپەئەتىنى قوغدىغانلىق ئىكەنلىككە قانائەت ھاسىل قىلىدۇ. ئەمەلىيەتمۇ شۇنداق بولۇدۇ.

يەنە بىر مىسالغا مۇراجىئەت قىلغىنىمىزدا  بىز بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك مەسىلىگە دۇچ كېلىمىز. ــ دېموكراتىك ئەللەردىكى ئىش ھەققى تۈزۈمى ۋە  سوتسىئال پاراۋانلىق تەمىنات سوممىسىنىڭ يوقۇرى تۆۋەن بولۇشى پەقەت شۇ دۆلەتلەردىكى كاپىتالىستلارنىڭ

تاپاۋەتلىرىگە باغلىق بولىدۇ. يەنى ئازساندىكى كاپىتالىستلار دۆلەتنى تۈتۈپ تۇرىدىغان ھالقىلىق كۈچ بولۇش بىلەن بىرگە، كۆپ ساندىكى ئومۇمى خەلقنىڭ تۇرمۇشىغا، كۈندىلىك ھاياتىغا ۋاستىلىك ھالدا كاپالەتلىك قىلىدىغان ھۆددىگەرلەردۇر. مۇنداقچە ئېيتقاندا كاپىتالىستىك تەبىقە نوپۇز ساھىبى بولىدىغان دېموكراتىك دۆلەتلەردە ئومۇمى خەلقنىڭ ھاياتىنى دۆلەت بىر تۇتاش بەلگىلىسە، دۆلەتنىڭ تۈپ سىياسەتلىرىنى، ستراتېگىيەلىك، تاكتېكىلىق پىلان ، پروگراممىلىرىنى كاپىتالىستلارنىڭ خۇسۇسى مەنپەئەتلىرى بەلگىلەيدۇ. غەرپ ئەللىرىنىڭ بىزگە مۇناسىۋەتلىك بولغان مەنپەئەت نوقتىسى دەل مۇشۇ يەردە. يەنى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىنسان ھەقلىرى توغرىسىدا يۈت تېرەپ تۇرىدىغان دەۋاگەر ئېقىملار ئەسلىدە دېموكراتىك ئەللەردىكى تۈرلۈك جەمئىيەتلەر، چىگرا ھالقىغان خەلقئارالىق تەشكىلاتلار بولۇپ ئۇلارنىڭ بۇ دەۋانى خىتاينىڭ ئۈستىدىن يۈرگۈزەلىشدە پەقەت دۆلەتنىڭ نوپۇزىغا، زورلاش ئىقتىدارىغا تايىنىپ كۈچكە ئاشۇرۇشى مۇمكىن. بىراق شۇ دۆلەتلەردىكى كاپىتالىستلارنىڭ مەنپەئەتى خىتاي دۆلىتىدىكى تۈرلۈك مەنبەگە مۇناسىۋەتلىك بولۇپ قالغاندا دېموكراتىك ھوقۇقلار، ئىنسان ھەقلىرى، ۋاھا كازالارنىڭ ھەممىسى ئارقا پىلانغا قالدۇرۇلىدۇ ۋە ياكى تېخىمۇ كۆپ پايدا ئۈچۈن كوزۇر قىلىنىپ، تاپاۋەت سوممىسىنى ئاشۇرۇشتا ۋاستىلىك دەسمايە قىلىنىدۇ. يەنە بىر تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا دېموكراتىك دۆلەتلەر كاپىتالىستلارنىڭ مەنپەئەتلىرىنى قوغداشقا مەجبۇردۇر. بۇ نوقتىدا بىرقېتىم خۇلاسە چىقىرىپ كۆرەيلى. دېموكراتىك ئەللەردىكى ئاۋام خەلقنىڭ بوغۇزى دۆلەتنىڭ كانارىسىغا ئېسىقلىق، بۇ كانارىنىڭ يىپىندا كاپىتالىستلارنىڭ سىرتماقلىرى ساڭگىلاپ تۇرىدۇ، ئەگەر ئاۋام خەلق دۆلەتنىڭ تۈرلۈك قانۇنلىرىدىكى ھەق، ھوقۇقلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ئاممىۋى قوزغالسا، ياكى ئىزىلىۋاتقان بىزدەك مىللەتلەرنىڭ تەقدىرىگە

كۆڭۈل بۆلۈشكە دۆلەتنى قىستىسا، ئەگەر بۇ هوقۇق ۋە تەلەپلەر كاپىتالىستلارنىڭ مەنپەئەتلىرىگە ئويغۇن كەلمىگەن، ياكى تۈپتەن قارشى بولغان هالدا جەزمەنكى هېلىقى سىرتماق ئاۋامنىڭ بوغۇزىنى بوغۇپ قويىدۇ.

ئەمدى گەپنى ئۆزۈمىزنىڭ ئەمەلىيىتىگە قايتۇرۇپ كېلەيلى. بىز شەرقى تۈركىستاننى مۇستەقىل دۆلەت قىلماقچى. بىزنىڭ ۋەتىنىمىز دۇنيادىكى ئەڭ كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ بىرى بولغان خىتاي دۆلىتىنىڭ مۇستەملىكىسى. بىز ۋەتىنىمىزنى ئالدى بىلەن خىتاينىڭ مۇستەملىكىسىدىن ئازات قىلىشىمىز كېرەك، ئاندىن مۇۋاپىق شەكىلدە دۆلەت قۇرىمىز. ئەمما شۇ ئاچچىق ئەمەلىيەتنى بىر قېتىم تىلغا ئېلىش بەلكىم ئاۋام خەلقىمىزنىڭ يېغىرىنى ئېچىۋېتىشى مۇمكىن . خۇددى هەربىر پۇخرانىڭ مەنپەئەتى دۆلەتنىڭ كاپالەتچىلىكى ئاستىدا ئىشقا ئاشقاندەك، هەرقانداق ئاجىز بىر  مىللەتنىڭ مىللى مەنپەئەتىمۇ  يەنە بىر كۈچلۈك مىللەتنىڭ هىمايىسى، ياردىمى ئارقىسىدا كاپالەتلىنىدۇ. بۇ نوقتىنى يىگىرمىنچى ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدىكى « ئاڭسىز، دۇنيانى بىلمەيدىغان، هەتتا ساۋاتسىز » ئەجدادلار تولۇق تونۇپ يەتكەن ۋە ئۆز لايىقىدا مۇناسىپ ئىش كۆرگەن ئىدى. ئەمما (ئەلۋەتتە  ۋەتەن سىرتىدىكى)  بىزنىڭ كۈنىمىزدىكى ئەرباپلىرىمىز، ئىنقىلاۋى قۇماندانلىرىمىز، سىياسى دانىشمەنلىرىمىز، مۇجاهىد غازىلىرىمىز، زىيالى مۇتەپەككۇرلىرىمىز،  يازارمەن، ئوقۇرمەن، ئاتارمەن، چاپارمەنلىرىمىز ئەشۇ « ساۋاتسىز » ئەجدادلار كۆرگەننى كۆرەلىدىمۇ؟ ئۇلار بايقىغاننى بايقىيالىدىمۇ؟ ـ قوللىرىدا كەتمەن دەستىسىدىن باشقا نەرسىسى بولمىغان ئاجىز ئەجدادلار  شۇ چاغدىكى كۈچلۈك جاهانگىرنىڭ بىرى هېساپلىنىدىغان خىتاي مۇستەملىكچىلىرىگە قارشى قانداق قىلىپ  ئۇرۇش ئاچالىدى؟ قايسى كۈچىگە تايىنىپ دۆلەت قۇرالىدى؟  بۇ يەردىكى مەسىلە ـ ئاجىز مىللەت ئۆز مەنپەئەتىنى كۈچلۈك مىللەتنىڭ

مەنپەئەتى ئىچىدە تەسەۋۋۇر قىلىش مەسىلىسىدۇر. شۇنداقلا دۈشمەننىڭ ئاجىزلىق نۇقتىلىرىنى بايقاش، دۈشمەننىڭ لاتاپەتلىك پەيتىنى تاللاشتىن ئىبارەت تاكتىكىلىق مەسىلەدۇر. ئۆتكەن ئەسىردىكى ئىككى قېتىملىق جۇمھۇرىيەت قۇرۇشقىچە بىرىپ يەتكەن ئۇرۇش دەل خىتاينىڭ ياپونىيە، ئەنگىلىيە، روسىيە مۇھاسىرىسىگە دۇچ كەلگەن ۋە تۇگىمەس، پۈتمەس ئىچكى ئۇرۇشقا كىرىپ قالغان لاتاپەتلىك پەيتىدە باشلانغان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە خىتايغا قارشى كۈچلۈك دۆلەتنىڭ ياردىمى ئارقىسىدا ئۆز مىللى مەنپەئەتلىرىنى تەسەۋۋۇر قىلىشقان ئىدى. كۈنىمىزدىكى ئەركىن دۇنيادا ۋەتەننى قوراللىق ئازات قىلماقچى بولغان ئۇرۇشچىلار، مۇجاھىدلار قوشۇنى ئۆزلىرىنىڭ ئۇرۇش مەنپەئەتلىرىنى قايسى كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ مەنپەئەتلىرى ئىچىدە بايقاشقان؟ بۇندىن كېيىن « ۋەتەننى تىنچلىق يولى بىلەن ئەمەس، قوراللىق ئۇرۇش بىلەن مۇستەقىل قىلماقچى » بولۇۋاتقان بولغۇسى ئۇرۇشچىلار، بولغۇسى مۇجاھىدلار قوشۇنى ئۇرۇش مەنپەئەتلىرىنى كىملەرنىڭ قوينىدا تەسەۋۋۇر قىلىدۇ؟

# 8

« ئات بىلەن ئوغۇل بالىنى خۇدايىم جەڭگە ياراتقان، ئات بىلەن ئوغۇل بالا جەڭ مەيدانىغا كىرگەندە ھەقىقى ئويغۇنىدۇ » ــ دېگەن بۇ جەڭگىۋار ئۇرۇش چاقىرىقى ئۇيغۇرلار دۈشمىنىگە قارشى ئات چاپتۇرۇشنى، دۈشمىنىنىڭ بېشىدا قىلىچ ئوينۇتۇشنى بىلگەندىن تارتىپ ئائىلىۋى تەربىيەگە، ئانا تەربىيەسىگە سىڭدۈرۈلگەن. ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشىدا قىز تۇغۇلسا « ئانا تۇغۇلدى»، ئوغۇل تۇغۇلسا « جەڭچى تۇغۇلدى» ئەقىدىسى ئۇزۇن ئۆتمۈشلەردىن

داۋاملىشىپ كەلگەن. قەدىمى زامانلاردىكى ئۇيغۇر هاياتىدا قىزلار پەقەتلا بالا تەربىلەشنى ئۆگىنىشكە، ئوغۇللار ئات چاپتۇرۇشنى، چەۋەندازلىقنى ئۆگىنىشكە تاپشۇرۇلاتتى. ئوغۇللارنىڭ تېنى ئاجىز، ياكى ناكاللىرىلا تۇرلۇك هۈنەر- سەنئەت، يېزىش، ئوقۇش قاتارلىق جىسمانى جەھەتتىن كۈچ تەلەپ قىلمايدىغان ساھەگە ئايرىلاتتى. يات، ئەجنەبىلەر تەرىپىدىن « ئۇيغۇرلار ئات ئۈستىدە تۇغۇلۇپ، ئات ئۈستىدە ئۆلىدىغان مىللەت » دېيىلگەن باتۇر، ئەركەكلىك سۈپەتمۇ دەل « ئات بىلەن ئوغۇل بالىنى خۇدايىم جەڭگە ياراتقان» دېگەن ئەنئەنىمىزگە قارىتا ئېيتىلغان مەدھىيەلەر ئىدى. بۈيۈك ئىسكەندەر نامىدە، بۈيۈك جەڭ نامىدە ئىسكەندەردىن بىر بىرىگە ئوخشاشمىغان مۇنداق رىۋايەتلەر بايان قىلىنىدۇ: « ئۇيغۇرلار ئات ئۈستىدە ماھارەت كۆرسىتىشتە تەڭدېشى يوق مىللەت، ئۇيغۇرلار ئۇۋغا چىقسا كۆكتىكى بۈركۈت، يەردىكى قاپلان ئامان قالمايدۇ، ئۇلار ئوق ياي تۇتۇشتا تەڭدېشى يارىتىلمىغان ئەركەك مىللەتكى، ئات ئۈستىدە ئوقيايىنى ئالدى تەرەپتىكى نىشانغا قانداق تەككۈزسە، ئارقا تەرەپتىكى نىشانغىمۇ شۇنداق تەككۈزىدۇ، ئۇچارلىق، تىنارلىق ئۇيغۇرنىڭ نىشانىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ، بۇلارنى سىرىتتىن كەلگەن هېچقانداق ئەجنەبىلەر ئىدارە قىلالمايدۇ، بۇلار ئۆز جېنىنى ئۆزلىرى قوغدايدۇ، ئۇلار ئۆز رىزقىنى ئۆزلىرى تېپىپ يېيەلەيدۇ، ئۇيغۇرلارغا چېقىلىشنى ئويلىغان هەرقانداق دۈشمەن ئانىسىدىن تۇغۇلغانغا دات ئېيتىدۇ، ..... »

بىز شۇنداق ئەركەك مىللەت! ئەركەك ئەجداتلاردىن، ئەركەك ئاتىلاردىن تۆرەلگەن، مەردانە، جەڭگىۋار مىللەتنىڭ، ئاق سۆڭەك مىللەتنىڭ دەل ئۆزى بىز. دار ئالدىدا بىر قوشۇق قېنىنى تىلىمەيدىغان، ئۆلۈم ئالدىدا جېنىنى تىلىمەيدىغان، سەپدېشى، قېرىندېشى ئۈچۈن ئۆز هاياتىنى بېغىشلايدىغان شۇنداق مەردانە، ئالىجاناپ مىللەت. ئەمما بىزنىڭ بۇ قەدەر ئۇلۇغۋار خىسلىتىمىز

بىزنى ئازاپتىن قۇتقۇزالمايدىغان دەۋرىدە ئىكەنلىكىمىزنى ئېتىراپ قىلىشىمىز كېرەككى، زامانىمىزدىكى ئوبيېكتىپ شارائىتنى، ئوبيېكتىپ ۋەزىيەتنى بىلىپ، ئۆزۈمىزنى ۋە دۈشمىنىمىزنى بىلىپ، دوستىمىزنى، ئىتتىپاقداشلىرىمىزنى بىلىپ، خىيال بىلەن ئەمەس رېئاللىقنى چىقىش قىلىپ، ھېسسىيات بىلەن ئەمەس ئەقىلنى ئىشقا سېلىپ، ئالدىنىش بىلەنلا ئەمەس ئالداش تاكتىكىسىنى قوللۇنۇپ، بىر دەملىك قىزىقىش بىلەن ئەمەس ئۇزۇن مۇساپىلىك ستراتېگىيەلىك پىلان - پروگراممىلار تۈزۈپ ئىش قىلمىساق، شۇنداقلا ئۆزۈمىزدىكى تەبىئىي ئەمما كىلاسسىك خۇسۇسىيەتلەرگە مەست بولۇپ قەدەمنى چوڭ ئېلىپ قويساق چاتىرلىقىمىز يىرتىلىپ كېتىدۇ، ياكى مەڭگۈلۈك ياكى ئۇزۇن يىللىق ناكا بولۇپ قالىمىز.

1950 - يىلىدىن 1990- يىلىغىچە بولغان 40 يىل ئىچىدە خىتاي - ھايۋاندىن بەتتەر مىكروپ خىتاي بىزنى تۈپتەن ئۆزگەرتىۋەتتى. مىللى خۇسۇسىيەتلىرىمىزنى بۇلغىۋەتتى. ئۇيغۇر مائارىپىنى ۋەيران قىلدى. بىزنى ئۇرۇش قىلالمايدىغان، پىلان تۈزەلمەيدىغان، ھاڭۋاقتى قىلىپ قويدى. ئۇرۇش قىلىشقا توغرا كەلگەندە ھاڭۋاقتىلارچە قاراپ تۇرىدىغان قىلىپ قويدى. خىتاينىڭ ئاشۇ 40 يىل ئىچىدە بىزگە سالغان دەھشەتلىك زۇلۇملىرىنى ئەگەر سېزىم بولغان بولسا تاغمۇ كۆتۈرەلمەيتتى. ئەڭ ئېچىنىشلىق يېرى شۇكى بىزنى خائىن قىلىۋەتتى! خائىن ، ساتقۇن قىلىۋەتتى. بۇ مىللى خارەكتېرىمىزدىكى ئەڭ مۇدھىش ئۆزگەرتىلىش، ئەڭ مۇدھىش يوقۇتۇش بولدى. 40 يىلدىن كېيىن بىر تۈركۈم ئويغاق ئەۋلاتلار « مىكروپنى قان بىلەن تازىلاش كېرەك! » شۇئارى بىلەن قوراللىق ئۇرۇش تەشكىللىدى. ئۇلارنىڭ قولىدىكى ئاتالمىش « قوراللار» پالتا، پىچاق، كەكە، كالتەكلەر

ئىدى. ئۆزلىرى ياسىغان بىر قانچە ئون دانە بىر ئاتالىق قارا مىلتىق، تۆمۈر تۇربىلارنى كېسىپ ئىچىگە دورا قاچىلىغان بومبىلار ئىدى. دۇنيادىكى بەشىنىڭ بىرى، شەرقنىڭ ئەجدەرھاسى، غەرپنىڭ كۈچلۈك رىقابەتچىسى بولغان خىتايغا قارشى كۆتۈرۈلگەن قورالىق ئۇرۇش ئاتالمىش « 5- ئاپرىل بارىن دېھقانلار قوزغىلىڭى» بولۇپ تارىخقا يېزىلدى. بۇ ئۇرۇشنى تەشكىللىگەن « شەرقى تۈركىستان ئازاتلىق تەشكىلاتى»، بۇ ئۇرۇشقا ئىدديىۋى يېتەكچىلىك قىلغان « شەرقى تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى» قاتارلىق سىياسى تەشكىلاتلار 20 يىل ئىچىدىلا ئۆز خەلقىمىزنىڭ قەلبىدىنمۇ كۆتۈرلۈپ كەتتى. ئەركىن دۇنيادا ئۇيغۇرلىرىمىز نېمىشكە ئاشۇ تارىخى نامنى تىلغا ئالماس بولۇپ قالدى؟ ـ بۇ ھەقتىكى مەسىلىنى تىلغا ئالساق يەنە نۇرغۇن كىشىلەرگە ئۇدۇل تىگىپ كېتىدۇ ـ دە، توختىتات بۇ سەپسەتىنى! زىرىكتۇق بۇ سەپسەتىدىن- دەيدىغانلارنىڭ سانى كۆپىيىدۇ! ھەتتا تىل- ھاقارەتلەر يېغىشى ئېنىق..... لېكىن ئالدىن ئېيتىشقا مەجبۇرمىزكى، قەلەمگە ئېلىنىۋاتقان بۇ پىكىرلەر سوۋېيت ئىتتىپاقى پارچىلانغاندىن كېيىنكى ۋەتەن ئىچى سىرتىدا بولغان ۋە بولۇش ئېھتىماللىقى ئەڭ كۈچلۈك ئەمما مىللى مەنپەئەتىمىزگە نىسبەتەن ئەڭ خەتەرلىك، زىيانلىق مەسىلىلەرنى يورۇتۇشقا بېغىشلاندى. شۇڭا ئالدىمىزغا خىتاي چىقسىمۇ، ئىتى چوڭ، سۆزى چوڭلار چىقسىمۇ بەرىبىر!

ئۇنداق بولسا ھېچكىمگە ياقمايدىغان، « بولدىلا كونا خامانى سورىۋەرمەيلى، ساماندا تاغار ئۆرە تۇرمايدۇ،....» دەيدىغان ئاقكۆڭۈل كىشىلەرنىڭ سالا ـ سۈلھىلىرىدىن نېرىراق تۇرۇپ، ئۆز مەقسەتكە كېلەيلى. بىز خىتاينىڭ مۇستەملىكىسىگە چۈشۈپ قالغان قىرىق يىل ئىچىدە قانداق ھاكىمىيەتى بولۇپ قالدۇق؟ - ھاكىمىيەتى

بولۇپ قالغانلىقىمىزنىڭ سەۋەبى ئىتايىن ئېنىق. قايتا تەكرارلاشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق. ئەمما دېمەكچى بولغىنىمىز قايسى دەرىجىدە ھاكىمىيەتنى بولۇپ كەتكەنلىكىمىز توغرىسىدا. يوقۇردا دېيىلگىنىدەك 1950 ـ يىلىدىن 1990 ـ يىلىغىچە ۋەتەن ئىچىدە زۇلۇمنىڭ نەقەدەر ئېغىرلىقىغا قارىماستىن خىتايغا بىر كۈنمۇ باش ئەگمىدۇق. قىلغان ئەتكەنلىرىمىز- خىتايغا قارشى كۈرەشلىرىمىز بىزگە ھېچقانداق مەنپەئەت ئېلىپ كەلمىدى. « بىرنىڭ پوقى مىڭغا » دېگەندەك، كىچىككىنە بىر قارشىلىق ئۈچۈن ساناقسىز بەدەل تۆلىدۇق. بۇنى بىلمەيدىغان ئۇيغۇر بولمىسا كېرەك. قىلغان ھەربىكەتلىرىمىز تەشكىلسىز، پىتەكچىسىز، يەككە ھالەتتە بولغانلىقى، نېمىنى قىلىش، نېمىنى قىلماسلىق، قايسىسىنى ئاۋۋال قىلىش، قايسىسىنى كېيىن قىلىش ھەققىدىمۇ تەدبىر، پىلان تۈزۈش پۈرسىتى بولمىغانلىقتىن، غەزىۋى ئۆرلىگەن، جاندىن بىزار بولغان ھەركىم ئۆزى خالىغاننى، ئۆزى تاللىغاننى قىلىپ كەلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن قىلغان ھەربىر كىچىك ئىشلىرىمىزدا قانچە يىللاپ ئەسلىمىزگە كېلەلمىگۈدەك زىيانلارنى تارتتۇق. ئەلۋەتتە بۇنىڭ جاۋاپكارلىقى بىزدە ئەمەس. چۈنكى بىزدە بولغان ئىمكانىيەت شۇنچىلىك. 1990 ـ يىلى بارىن يېزىدا مەركەزلەشكەن ۋە شۇ يىلى ئاپرىل ئېيىدا يەنە شۇ بارىن يېزىدا مەيدانغا چىققان « شەرقى تۈركىستان ئازاتلىق تەشكىلاتى» نىڭ خىتايغا قارشى قورالىق ئۇرۇشى قىرىق يىللىق مۇستەملىكىدىن كېيىن ئۇيغۇرلارنىڭ نېمە قىلالايدىغانلىقىنى تولۇق كۆرسۈتۈپ بەرگەن بىر جاھانىنامە بولۇپ قالدى. بۇ ئىنقىلاپ ئۇيغۇرلارغا شۇنى خىتاپ قىلدىكى، ئۇيغۇرلار ئۆز بېشىغا، ئۆزى تەنھا ھېچنەرسىنى ئەمەلگە ئاشۇرالمايدۇ! ئەگەر ئۇيغۇرلار ئىنقىلاپتا نەتىجە قازىنىشنى نەزەردە تۇتىدىكەن، بۇنداق كىلاسىك ئۇرۇشتىن ۋاز كېچىپ، يېڭى دۇنيا بىلەن پۈتۈنلىشىشى، كۈچلۈك دۈشمىنىگە

قارشى كۈچلۈك دوست، كۈچلۈك ئىتتىپاقداش تېپىشى كېرەك! ئۇنداق بولمىغاندا « ئۇرۇشقا چىققانلىرى چۆلدە ئۆلۈپ، سۆكۈت قىلغانلىرى ئۆيدە ئۆلۈپ، بۇ ۋەتەن ئاخىرى ئۇيغۇرسىز قالىدۇ!». بۇ خىتايلا ئەمەس، ئەڭ توغرا چىقىرىلغان يەكۈن بولدى. بۇ يەكۈن سوۋيېت ئىتتىپاقى پارچىلانغاندىن كېيىن تېخىمۇ كۈچلۈك ئارزۇغا ئايلاندى. ئىنقىلاپ قىلىش، خىتايغا قارشى بىر ئىش قىلىش نىيتىدە بولغان، ئۇيغۇرلارنىڭ ئازاتلىقى ئۈچۈن، ۋەتەننىڭ مۇستەقىللىقى ئۈچۈن بىر كىشىلىك تۆھپە قوشقىسى بار ھەرقانداق بىر ئۇيغۇرنىڭ چەتئەلگە چىقىپ ئۆگىنىش، ئىنقىلاپنى ئىلمى شەكىلدە ئېلىپ بېرىشنى ئۆگىنىش، چەتئەلدىن ياردەمچى، ئىتتىپاقداش تېپىش قاتارلىق ئىستەكلىرى كۈنسىرى ئارتتى. بۇ خىل ئىستەك مىللەتنىڭ ئېھتىياجى بولۇپ قالدى. ئىككى كاللا بىر يەرگە كەلسىلا چەتئەلنىڭ پارىڭى، چەتكە چىقىپ بىر نەرسە ئۆگىنىش ــ ئىنقىلاپقا يارىملىق بىر كەسىپ، ھۈنەر، ئىلىم ئۆگىنىش توغرىسىدا پاراڭلىشىدان بولۇپ قالدى. ھېلىگەر، نامەرت قۇ خىتاي ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ تۈرلۈك ئېھتىياجىنى ئۇيغۇرلار ئۆزلىرى ھېس قىلىشتىن قانچە ئون يىل ئىلگىرى بىلگەن بولۇشى ئەلۋەتتە مەنتىقىدىن يىراق ئەمەس. شۇنداق قىلىپ ئەقىل ــ ھۇشى جايىدا، ۋىجدانلىق، ئىمانلىق، غۇرۇرلۇق كىشىلەرنى بىر ياقتىن ئۆلتۈرۈپ، بىر ياقتىن قىسقا مەزگىللىك تۈرمىگە قاماپ دېگەندەك ئۇسۇل چارىلەرنى ئىشقا سالغان خىتاي ئويغاق ئەۋلاتلارنىڭ چەتكە چىقىپ زادى بىر يارىملىق ئىش ئۆگىنىش، قايتىپ كىرىپ خىتاي دېگەننىڭ يەتمىش پۇشتىنى كۆزىگە كۆرسۈتۈش ئىستىگىنى تېخىمۇ ئاشۇردى ۋە بىر ياقتىن پۇرسەتمۇ بەردى. خىتاي ئۆزىگە قارشى ئۇرۇش قىلىدىغان ئۇرۇشچىلارغا، مۇجاھىدلارغا پۇرسەت بېرىدىغان ئۇيغۇرمىدى؟ يەنى ھاڭۋاقتى كالۋامىدى؟ ــ خىتاي شۇنداق بىر پۇرسەت بەردىكى، بۇ پۇرسەتتىن

بەھرىمەن بولغان ئۇيغۇر يىگىتلىرى پۇتۇنلەي ساختا پاسپورت بىلەن، ھەتتا يەتتە كۇنلۇك پاسپورتلار بىلەن چىگرادىن چىقىرىۋېتىلدى. ھەر بىر پاسپورتقا ئەپ تاپالىغانلىرى يىگىرمە مىڭ، ئەپ تاپالمىغانلىرى ئەللىك مىڭغىچە خىتاي پۇلى تۆلەپ، ئەسلى ۋەسلىدىن ئايرىلىپ، ھەتتا قەرزگە بوغۇلۇپ دىگەندەك ۋەتەن سىرتىغا چىقىپ قېلىشتى. ئۇلارنىڭ قايتىش يولى يوق ئىدى. چۈنكى خىتاينىڭ ئاساسى قانۇنىدا دۆلەت چىگراسىدىن قانۇنسىز كىرىپ چىققانلارغا بەش يىلغىچە قاماق جازاسى، دۆلەت خادىملىرىغا پارا بەرگەنلەرگە پارا سوممىسى 20 مىڭدىن ئاشقانلارغا مۇددەتلىك ئون يىلدىن يوقۇرى، سوممىسى 30 مىڭدىن ئاشقانلارغا مۇددەتسىز ھەتتا ئۆلۈم جازاسىغىچە جازا بەلگۈلەكلىك ئىدى. چەتكە چىقىپ- چەت ئەمەس، « قېرىنداش» لار يۇرتى ئالمۇتا، بىشكەك، تاشكەنت قاتارلىق يۇرتلارغا چىقىپلا ئۆزلىرى ئاررزۇ قىلغان ئوبيېكتلارنىڭ خام خىيال ئىكەنلىكىنى بىلگەنلىرىدە بېشىنىڭ ئىچىمۇ، تېمىشىمۇ قېتىپ، بۇ جايلاردا تۇتقۇن بولۇپ قايتۇرۇلغاندىن كۆرە يەنە ئىلگىرلەپ بېقىش، يەنىمۇ تەۋەككۇل قىلىش نىيەتلىرى پاكىستان، كەشمىر، ھەتتا ئافغانىستانلارغىچە يېتىلەپ ماڭدى.

# 9

« يۇرتىغا قايتالمايدىغان ئەرۋاھ » لارنىڭ، سەرگەردان يىگىتلەرنىڭ بارمىغان يەرلىرى قالمىدى. ۋەتەندىن چىقىشتا ئالى ھىممەت، چەكسىز ئارمانلارنى نىيەتىگە پۈككەن يىگىتلەر ئاخىرقى ھېساپتا جان ساقلاش قايغۇسىدا بارمىغان ئافرىقا، چىقمىغان كاپكاز تاغلىرى قالمىدى.

سەللانى تەتۈر ئۆراپ، تالىبانلارنى دوراپ تاغ ئۆڭكۈرلىرىنى ماكان تۇتقان بىچارە مۇساپىر يىگىتلەرنىڭ ۋەتەننىڭ بۇلۇڭ پۇچقاقلىرىغىچە « ئافغان تاغلىرىدا خىتايغا خىرىس قىلىپ راكىتا بەتلەپ تۇرغان سانساناقسىز مۇجاھىدلار» بولۇپ تارقىلىپ تۇردى. پاكىستاندىن تۇتقۇن بولۇپ، يىلدا قانچە ئونلىغان يىگىتلىرىمىز خىتاي زىندانلىرىدا ئۆلۈمنى كۈتۈپ تۇرغىنى باشقا بىر گەپ، لېكىن پاكىستانغا چىقىدىغان، « پاكىستان ئىسلام جامائەتلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن ئائىرپىلان سوقۇشنى، خىتاينىڭ رادارغا چۈشمەيدىغان ئۇرۇش ئائىرپىلانلىرىنى سوقۇپ چۈشۈرۈشنى ئۆگىنىۋدىغان» پىداكار مۇجاھىدلىرىمىزنىڭ يىلدىن يىلغا ئارتىشى زادىلا چۈشىنىپ بولغۇسىز بىر مەلىسە ئىدى. كۆزلىرى پىلدىرلاپ تۇرىدىغان، ئاغىزلىرىدىن ئانىسىنىڭ سۈتى پۇراپ تۇرىدىغان، شۇملۇق، قۇۋلۇقتىن ئەسلا گۇمانى يوق گۆدەكلەر « مومام قوي كالىسىنى، بوۋامدىن قالغان ئالتۇن زىرىسىنى، يەرلىرىنى سېتىپ مېنى چەتئەلدە ياخشى ئوقۇپ، مىللەتكە، دىنگە يارامىلىق ئادەم بولسۇن- دەپ، مېنىڭ بىر تەسلىكتە پاسپورت ئىشلىتىپ يولغا سالدى. مومامنىڭ ئېيتىشىچە تاغدىن ئۆتۈپلا بىشكەك دېگەن شەھەرگە كەلسەم مېنى ئورۇنلاشتۇرىدىغان كىشىلەر بارمىش. نەگە بېرىشنى، نېمە قىلىشنى مەن بىلمەيمەن » دەپ ئۆزىنى تاپشۇرغان ئاقكۆڭۈل، كىرسىز، غۇبارسىز يىگىتلەرنى ھېچ ئىككىلەنمەستىن، ئاللاھنىمۇ ئويلىماستىن، ئىنسانلىقنىمۇ قايرىپ قويۇپ « موماڭنىڭ ئېيتقىنى، موماڭنىڭ كۈتكىنى دەل بىز. بىز سېنى ئەڭ توغرا، ئەڭ كېرەكلىك جايغا ئېلىپ بارىمىز» ـدەپ، ئافغانىستانغا، چېچەنىستانغا، تاجىكىستانغا يولغا سالىدىغانلارمۇ بىشكەكتىكى تور بازا دېيىلىدىغان جايدا ئۇچراپ تۇراتتى......كىملەر بولغىيتى شۇلار؟

يېقىنقى يىگىرمە يىللىق تارىخىمىزدا « 5 ـ » كۆپ تەكرارلىنىدىغان بولۇپ قالدى. بىز كىچىك چاغلاردا ئاي بېشىدا ھاۋا ناچار بولۇپ قالسا « ئاينىڭ بېشىدىن قورققىچە بەشىدىن قورق دەيدىغان گەپ بار، ئاينىڭ بەشى ئىلاھىم ياخشى كېلەر» دەيتتى قېرىلار. « 5 ـ ئاپرېل بارىن دېھقانلار قوزغىلىڭى ـ ئەستەغفىرۇللاھ ! 5ـ ئاپرېل شەرقى تۈركىستان ئىنقىلاۋى ھەرىكىتى»، « 5 ـ فېۋرال غۇلجا قانلىق قىرغىنچىلىقى» ، « 5ـ ئىيۇل ئۈرۈمچى ئىرقى قىرغىنچىلىقى» ـ دېگەندەك بۇ قورقۇنچلۇق « 5ـ » لەرنىڭ بىزگە ئېلىپ كەلگەن پاجىئەلىرى قاتارىدا « 5ـ فېۋرال غۇلجا قانلىق قىرغىنچىلىقى» ۋەتەن ئىچىدىكى ئوغلانلىرىمىزنى قانچىلىك قىزىتقان بولسا ۋەتەن سىرتىدىكى ھەربىر ئۇيغۇرنىڭ كۆزلىرىنى كۆر قىلىۋەتكۈدەك غەزەپلەندۈردى. خىتايلار غۇلجىدىكى ياشلارنى ئۆزلىرى كۆچىغا چىقىشقا مەجبۇرلاپ، ئۆزلىرى قانلىق باستۇرۇپ، يەنە مۇتىھەملەرچە « بىرنىڭ پوقى مىڭغا » دېگەندەك، پۈتۈن ۋەتەن مىقياسىدا « جىددى تازىلاش، يۈز كۈنلۈك جىددى تۇتقۇن، ئىددىيە تازىلاش» قاتارلىق جاندىن بىزار قىلىدىغان ئارامسىزلىقلارنى يۈرگۈزۈپ، بىر ياقتىن قارا تىزىملىك تۈرغۈزۈپ، بىر ياقتىن چەتكە قېچىش ئۈچۈن ساختا پاسپورت سېتىپ، يېرىم يىل ئىچىدىلا يارامىق يىگىتلەردىن مىڭدىن ئارتۇق ياشلارنى چىگرادىن چىقىرىۋېتىشتى. چەتئەلدىكى سالپا ساياق، ئېزىپ تېزىپ قېلىۋاتقان يىتىمچىلەرنىڭ ئىمانىنى كۈچلەندۈرۈپ، خىتايغا قارشى ھەرىكەتلەندۈرۈشلىرى ئۈچۈنمۇ بىرمۇنچە مەخسۇم، قارى قۇرئان، ۋەتەن ئىچىدە تونۇلغان دىنى زاتلارمۇ تۈرمىدىن غەيرى قانۇنى رەسمىيەتلەر ئارقىلىق سىرتقا چىقىرىلدى. تۈرمىدىن چىققانلىرىغا مىڭ شۈكرى ئوقۇپ، يېرىم يوشۇرۇن ئۆزلىرىنى دالدىغا ئېلىشىپ، كىشىلەر بىلەنمۇ كۆرۈشمەي جان ساقلاشقا باشلىغان نۇرغۇن دىنى زاتلارنى مىدىرلىتىش ئۈچۈن « ياخشى ساقچى، ۋەتەنپەرۋەر كادىرلار» ئىشقا سېلىندى ـ «

--------------------------

غوجام ئۆزلىرىنى دالىدىغا ئالسىلىرى بوپتىكەن، بۇ كاپىرلار يەنە ئامان قويمايدىغاندەك، ئەلپازى يامان. بۇ دا قىتىم تۈرمىگە چىرىپ قالسىلىرى سۆڭەكلىرى چىقىدۇ. ئاللاھ ساقلىسۇن جۇما ئۆز بېشىمنى قولتۇققا قىسىپ ماۋۇ گەپنى ئىسلىگە يەتكۈزگىلى كەلدىم»، « شۇنداق ئەزان ملىتىق كېلىپ قالدىيا، ھېلىقى رامبو ئاتىدىغان ئاپتوماتنىڭ دەل ئۆزى جۇما، يالغان بولسا خۇدا ئۇرسۇن، ئاجايىپ، دانىسى ئۈچ مىڭ كويچەن، شاپاقنىڭ نەقىدە!» ، « ئاڭلىسام ئۆزلىرىنى يەنە تۇتۇپ كېتىدىغان گەپ بار، مىشمىش پاراڭنىڭ تەكتى چوڭقۇر جۇما. غىپپىدە قىلىپ تىكىۋېتەمدۇق يا، پاسپورت دېگەن بىزنىڭ قولدىن چىقىدۇ جۇما، ماقۇل دىسىلىرى ئۈچ كۈن ئىچىدە ئۆزلىرىنى قىيغىستاندا كۆرۈلا دەيمەن. » ، « ئۆزلىرىنى ھىجرەت قىلىدىغان خىيالدا دەيدۇ، ئەگەر شۇنداق بولسا پۇلنى بوستان ياساتقىلى تېپىۋاتمايمىز جۇما، يىللىق زاكىتىمىز بىلەن ئىسلىدەك ئاللاھ يولىدا جان پىدا قىلغان مۇجاھىدلىرىمىزدىن يۈزنى چەتكە چىقىرىۋەتكۈدەك سەرمايىمىز بار» شۇنداق قىلىپ ئىسىق ئۆيدە ئاللاھقا زىكرى- تەسبىھ ئوقۇپ ئىتىكاپ قىلىۋاتقان ئۆلىمالىرىمىزنى مۇدھىش خىياللارغا بەنت قىلدى. ياق، مەن چەتكە چىقمايمەن، ئۆلۈكۈم مۇشۇ تۇپراقتا قالسۇن ــ دېگەنلەر خىتاي سودىگەرلىرى ئىچكىرىدىن ئۆينىڭ ئالدىغىچە ئامان ئىسەن كۆتۈرۈپ كەلگەن رامبو پەر ئاپتوماتنى ئەرزان باھادا سېتىۋېلىش ئۈچۈن سودا قىلىۋاتقان مەيداندا، ياكى قورال سېتىۋېلىش ئۈچۈن كېتىۋاتقان يولدا تۇتۇلۇپ « دۆلەتنى پارچىلاشقا ئورۇنغان، رادىكال تېرورىست، ئەسەبى دىنى بۆلگۈنچى » بولۇپ، نەق پاكىت بىلەن جازاغا تارتىلىپ، ئېتىپ ئۆلتۈرۈلسە، ئۆلارنىڭ چەتئەلدىكى نامى « خىتاينىڭ ئەدىۋىنى بەرگەن غازى، مۇجاھىد » بولۇپ، ھاياجاننى ئالغىلى خالتا تاپالماي قېلىشتى. چەتكە چىقىپ ئەھۋالغا قاراپ بىر ئىش قىلايلىچۇ، ۋەتەن ئىچىدە نېمە قىلىشنى تازا بىلگىلى بولماي قېلىۋاتىدۇ

ــ دەپ، چەتكە چىقىپ كېتىشنى تاللىغان زاتلىرىمىز ۋەتەن سىرتىدا قايسى تەقدىرگە دۇچ كەلدى؟

ھەسەن مەخسۇم تۈرمىدىن چىقىپلا ئۇدۇل چەتئەلگە چىقىپ قالدى. بۇ سەپەرنىڭ ئىسمى ھەسەن مەخسۇم. لېكىن بىر قانچە ئاي ئىچىدىلا مىڭدىن ئارتۇق كونا يېڭى سىياسى مەھبۇسلار پاكىستانغا توپلاشتى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ۋەتەندىكى چاغلىرىدا ئۆز- ئارا جاننى پىدا قىلىشقا تەييار زاتلار ئىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئەڭ تۆۋەن، نوپۇز ۋە ئىلمى قابىلىيەت جەھەتتىمۇ ئانچە ئېتىبارغا سازاۋەر بولمىغانلىرىمۇ ئۆز كۆڭلىدە « مەن بەك مۇھىم ئادەم، ئاۋۇ قانداق قىلىپ بۇ يەرگە كېلىپ قالدىكىنە؟ » دەپ، يەنە بىر قېرىنداشتىن گۇمانلىنىش كەيپىياتى خۇپىيانە شەكىللىنىش ۋە ئېغىر گۇمانلىنىش ھۆكۈم سۈرۈشكە باشلىدى. چۈنكى ئۇلارنى قۇتقۇزۇشقا ھەمكارلاشقان « ياخشى ساقچى، ياخشى كادىر، ياخشى سودىگەرلەر» ئۇلارغا «غوجام ! سىلى بەك مۇھىم جۇما، ماۋۇ ئىسىق جاننى سىلى ئۈچۈن پىدا قىلىۋاتىمىز ئاينىكا. جانلىنىرىنى دالىدىغا ئالسىلا.» ــ دېگەن ــ دە. ھەممىسىنىڭ كۆڭلىدە بىر قاراڭغۇلۇق، ئىشەنچ قىلالماسلىق چوڭقۇر يىلتىز تارتقان. قانداقلا بولمىسۇن بىر توپ پادىنىڭ ئىچىدە ئۇزۇن مۈڭگۈزلۈك سەركىدىن بىر قانچىسى پەيدا بولدى. « مۇجاھىدلار قوشۇنى» تولۇق شەكىللەندى. ئەمدى ئات قويۇش مەسىلىسى تۇراتتى. سەركىلەردىن بىرلىرى ــ بىزگە يېتەكچىلىك قىلىدىغان قولىمىزدا مۇقەددەس قۇرئان بولغانكىن تەشكىلات ، پەشكىلات دەپ ئولتۇرماي « ئاللاھ » دەپلا ئالغا قاراپ ماڭىمىز ــ دېسە، يەنە بىرلىرى ــ بارىندا شەھىد بولغان قېرىنداشلىرىمىزمۇ ــ ئاللاھ ــ دەپ ماڭغان لېكىن ئۇلارمۇ ئۆزلىرىگە يېتەكچى « شەرقى تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى» نى تەشكىللىگەن، بۇ نامنى بىز داۋاملاشتۇرىمىز- دەيتتى. قانداقلا بولمىسۇن بۇ مۇجاھىدلار

قوشۇنى « ئىسلام جامائىتى» نامى بىلەن ئاتىلىپ تۇردى. كېيىن سەركىلەرنىڭ بىرى بولغان ئىسمائىل ھاجىنى پاكىستان خىتايغا تۇتۇپ بەردى. يەنە بىر باش سەركە بولغان ھەسەن مەخسۇمنى پاكىستان دۆلەت ئارمىيەسى بىرمۇنچە ئۇيغۇر مۇجاھىدلار بىلەن قوشۇپ ئېتىپ شەھىد قىلدى. سەركىدىن ئايرىلغان بۇ پادىنىڭ نامى بىردىنلا « شەرقى تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى»، « تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى» دېگەندەك ناملار بىلەن ئاتىلىشقا باشلىدى. دەل شۇ مەزگىلنىڭ ئۆزىدە خىتاي قۇيرىقىنى قوم بېسىپ بولغان نۇرغۇن ئۇرۇش قوماندانلىرى بىلەن بىر قانچە « تەشكىلات، پارتىيە»لەرنى تېرور تىزىملىكىگە كىرگۈزۈپ « 4 تەشكىلات 11 تېرورىست » نى دۇنياغا ئېلان قىلدى. بۇ تەشكىلاتلار ئىچىدە مەمتىمىن ھەزرەت ئەپەندى باشچىلىقىدا قۇرۇلغان « شەرقى تۈركىستان ئازاتلىق تەشكىلاتى» مۇ بار ئىدى.

شۇنداق قىلىپ گەپنى بىر ئاز ئارقىغا قايتۇرساق، مەيلى ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن، توغرا يول ئارقىلىق ياخشى نىيەتتە چەتكە چىققان ياشلار بولسۇن، مەيلى ھېلىقىدەك خىتاي « پۇرسەت بېرىپ» چەتكە مەجبۇرى سۈرگۈن قىلىۋېتىلگەن « مۇھىم» كىشىلەر بولسۇن 1990 ـ يىلىدىن 1997 ـ يىلىغىچە چەتكە چىققانلار 1997 ـ يىلى ياز ئايلىرىدىن باشلاپ ئىككى لاگىرغا توپلاندى. بىرى « شەرقى تۈركىستان ئازاتلىق تەشكىلاتى» يەنە بىرى نامدا « ئىسلام جامائىتى» ( كېيىن كەيدۈرۈلگەن ) قالپاقتا « شەرقى تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى». بۇ ئىككى ئېقىم ۋەتەن سىرتىدا قايمۇقۇپ يۈرگەن ئۇيغۇر ياشلىرىنى ئاز ۋاقىت ئىچىدىلا ئۆز لاگىرلىرىغا توپلىدى. بىر ئېقىم ( شەرقى تۈركىستان ئازاتلىق تەشكىلاتى) ئۆز سېپىدىكى پىدائىلىرىغا قىسقا مۇساپە ، ئاز چىقىم بىلەن ۋەتەننىڭ مۇستەقىل بولۇدىغانلىقىنى ۋەدە قىلسا، يەنە بىر ئېقىم ( ئىسلام جامائىتى) ئۆز سېپىدىكى مۇجاھىدلارغا

ئاللاھ رىزاسىنى، جەننەتنى ۋەدە قىلاتتى. مەيلى قايسىلا ئىقىمنىڭ ۋەدىلىرى بولسۇن ئۇلۇق نىيەت بىلەن چەتكە چىقىپ قىلىپ نىمە قىلىشنى بىلەلمەي ھاڭۋاقتى بولۇپ قالغان ھەرقانداق بىر ئۇيغۇرغا قۇتۇلۇش چارىسى، چىقىش يولى بولۇپ كۆرۈنەتتى. دىمىسىمۇ ئۇيغۇر دىگەن خەق ۋەتەن ئۈچۈن، جەننەت ئۈچۈن بارلىقىنى ئاتايدىغان، شۇنچىلىك سەمىمى خەققۇ! « چەتئەلدە مەمتىمىن ھەزرەت بىلەن ھەسەن مەخسۇملار ئىككى لاگىر قۇرۇپتۇ - دەك، بىرى ۋەتەننى كىلەر يىلى ئازات قىلىدىكەن، يەنە بىرى ئۇدۇل جەننەتكە ئېلىپ كىتىدىكەن » دىگەن خۇش بىشارەت ۋەتەندە تۇرۇپ ۋەتەن سۆيگۈسىدە كۆيۈپ پۇچۇلۇنۇپ كىتىۋاتقان، ئۆز باغۇ- بوستانلىرىدا تۇرۇپ دوزاق ئازابىدا كۆيۈپ كىتىۋاتقان ئاشۇ جاپاكەش خەلقىمىزگە يەتكەنلىرىدە « ئات بىلەن ئوغۇل بالىنى خۇدايىم جەڭگە ياراتقان» ئەقىدىسىگە لايىق ئات مىنەلىگۈدەك، مىلتىق تۇتالىغدەك ھەر بىر ئۇيغۇر چۈشۈپ قالغان دوپپىسىغا قارىماي چەتكە – چەتكە ئەمەس ھىلىقى قۇتقۇزۇش لاگىرلىرىغا قاراپ تىپىرلاشتى. « مۇجاھىدلار قۇماندانلىق شىتابى» نىڭ ئىككىنچى نومۇرلۇق يىتەكچىسى مەرھۇم ئىسمائىل ھاجىدىن تارقالغان بىر رىۋايەتتە 2002 – يىلى ئۇ تۇتقۇن بولۇشتىن ئاز ئىلگىرى كەشمىر ۋە ئافغانىستانغا توپلۇشۇپ قالغان « مۇجاھىد»لار ئۈچمىڭدىن ئېشىپ كەتكەن ئىكەن. بۇلارنىڭ كۆپۈنچىسى يالغان پاسپورت بىلەن چىگرادىن چىقىرىۋىتىلگەنلەر ۋە چىگرادىن چىقىرىلغاندىن كىيىن ئۇلارغا « ئاللاھ رىزاسى ئۈچۈن ياردەملەشكەن ساياھەت ئىدارىسى» خادىملىرى ئۇلارنىڭ قولىدىكى ساختا پاسپورتلىرىنىمۇ تارتىۋالىدىكەن. چۈنكى مۇجاھىدلار قولغا چۈشۈپ قالسا ئاۋۋالارنىڭ بىشى كىتەرمىش. يەنە كىلىپ «جەننەتكە كىتىۋاتقان مۇجاھىدلارغا پاسپورتنىڭ نىمە كىرىكى » مىش. بۇنى ساياھەت ئىدارىسىدىكىلەر ياخشى بىلەرمىش.( ئاھ ، دەردىم، كىمگە ئىيتاي)

بۇ بايانلارنىڭ ئالدىنقى باپقا مۇناسىۋەتلىك يېرى شۇكى، مۇشۇ ئىككى ئېقىم قازاقىستاندىن كەشمىرگىچە بولغان ۋەتىنىمىزگە چېگرىداش بەش دۆلەتنىڭ تۆرلۈك ئەسكەرى بازىلىرىدا ئاي يۇلتۇزلۇق كۆك بايراقنى ئاپتوماتنىڭ ئۇچىغا باغلاپ كۆتۈرۈپ يۈرۈشلىرى ، ئۇلار قالدۇرغان نەق مەيدان ھۆججەتلىك فىلىم ئىسپاتلىرى خىتاينىڭ دەۋاگەر بولۇپ، دۇنيا سوتىغا ئەرز قىلىشىغا يېتەرلىك ماددى پاكىت بولدى. 1990 ــ يىلى ئاپرىل بارىن يېزىسىدا خىتاي بىلەن قانلىق ئېلىشقان « شەرقى تۈركىستان ئازاتلىق تەشكىلاتى، شەرقى تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى» ئۆز ۋاقتىدىلا باستۇرۇلۇپ تۈگىگەنىگە قارىماي، بۈگۈن خىتايغا شۇ قەدەر« تەھدىت سالغان » لىقى، چىگرا ئاتلاپ خەلقئارالاشقانلىقى ئادەتتىكى گەپ ئەمەستە! خىتاي ئۆزىنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى، دۆلەت تېرتۇرىيەلىك پۈتۈنلىكىنى قوغداش ئۈچۈن دونياغا دەۋا ئاچتى. « شەرقى تۈركىستان ئازاتلىق تەشكىلاتى، شەرقى تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى » قاتارلىق ئۆز ۋاقتىدىلا يىلتىزى قۇرۇپ بولغان، ئەمما بىزنىڭ دانالىرىمىز، قۇماندانلىرىمىز غازاڭلىرىنى ئۆزلىرىگە قالقان قىلىپ تاغمۇ ـ تاغ، ۋادىمۇ ـ ۋادى كۆتۈرۈپ يۈرگەن مەزكۇر « تەشكىلاتلار» دۇنيا سوتىغا تاپشۇرۇلدى. تېخى دەۋاگەر خىتايلا بولۇپ قالماستىن ھەتتا دۇنيا سوتىمۇ دەۋاگەرلىكتە شىرىك بولۇپ قاپتۇ ـ مىش! بۇ گەپنى ئوچۇقراق دېمىسەم بولمىغۇدەك ــ دۇنيا سوتى دېگىنىم ئامېرىكا دېگەنلىكتۇر. ئامېرىكىنىڭ شۇ چاغدىكى پرېزىدېنتى بۇش دېگەن دەلتى نېمە دېدى؟ بۇنى دېمىسەممۇ بىلمەيدىغان ھېچبىر ھاڭۋاقتى قالمىدى. بۇشنىڭ قولىدا پاكىستاندىن، تالىباندىن تۇتۇپ كېتىلگەن يىگىرمە ئىككى نەپەر « خەلقئارالىق تېرورىستلار» بار ئىدى. تېخى يېقىنقى يىللارغىچە ئىنتېرنېتتىن شەرقى تۈركىستان دېگەن سۆزنى ئىزدىسە ئارقىسىغا ئۇلاپلا تېرورىست دېگەن قالپاق بىرگە كۆرۈنەتتى.

ئالدىنقى باپتا دەپ ئۆتتۈلگىنىدەك بىز ئۇيغۇرلار ئۆز ئالدىمىزغا، ئۆز كۈچىمىزگە تايىنىپ خىتايدىن ۋەتىنىمىزنى قۇتقۇزالىغۇدەك ھالدا بولمىغانكەنمىز، ئەلۋەتتە دۇنيا بىلەن پۈتۈنلۈشۈش كېرەك. دۇنياغا ھال ئۇقۇش لازىم. بىر كىمنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئىككى ـ تۆت ئېغىز ھال ئۇقۇش ئۇچۇن ئاغزى- بۇرنىڭىزنى سۇرتۇپىراق، ئۇستى بېشىڭىزنى تۇزەشتۇرۇپ بېرىشىڭىز كېرەكتە. ياراشمىغان قالپاقنى كىندىكىڭىزگىچە كىيىۋېلىپ تالاغا چىقسىڭىز سىزدىن ھەممە ئادەم ئۇركۇپ قاچىدۇ. شۇنداق قىلىپ ۋەتەن سىرتىدا ـ غەرپ بىلەن دىپلوماتىيە قىلىشتا بىشىمىزدىكى ياراشمىغان قالپاقنى سېلىۋېتىشقا توغرا كەلدى. دەۋاگەر ئېقىم بولۇپ دىپلوماتىيەدە « شەرقى تۈركىستان» دېيىشتىن بىر قەدەم چېكىنىپ « دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى» دەپ بىر نامنى تەشكىلاتقا كەيدۈرۈپ قويسا ھېلىقى پىت بېسىپ كەتكەن، قوتور بېسىپ كەتكەن، ئافرىقا ئورمانلىرىدىكى ھورۇن مايمۇنلاردەك، ھەممە تەرەپتىن « ھۇھۇھۇھۇھ. قى قى قى قى، ھاۋ ھاۋ ھاۋ» لار قۇلاق مېڭىنى يەپ بولغىلى تاسلا قالدى. ـ خىتاي قۇرغان تەشكىلاتمىش. خىتاي بىلەن كېلىشىپ ۋەتەننىڭ نامىنى تىلغا ئالماسلىقنى توختاملىشىپتۇ ـ مىش، بۇلارنىڭ قۇيرۇقى خىتاينىڭ قولىدا! ـ شۇنداق ئېغۋالار داستان بولۇپ يېزىلدى. چەتئەلدىكى ئۇيغۇر قامۇسلىرىغا كىرگۈزۈلدى. تورلاردا دۇنياغا تارقىتىلدى. لېكىن ئىنساپ بىلەن ئويلانمىدىكى، ئۇيغۇرلار ئۆز ئالدىمىزغا نېمىنى قىلالايمىز؟ بىز يېقىنقى يىللاردا نېمىنى خاتا قىلىپ قويدۇق؟ ئەمدى قانداق قىلىشىمىز كېرەك؟ ـ بۇنداق بىر سوئال ئۇلارنىڭ كاللىسىغا زادىلا كىرمەمدىغاندۇر ياكى بولمىسا ئۇلارنىڭ كاللىسىنى بىر كىملەر توغۇرلاپ تۇرامدىغاندۇر! ـ ئارتۇقچە گۇمان قىلىپ باشقىلارنىڭ مېڭىسىنى بۇلغىمايلى. يىغىپ ئېيتقاندا بىزنى خىتاي شۇنداق

هاڭۋاقتى قىلىۋەتكەن. بۇ دەلىل تەلەپ قىلىدىغان هۆكۈم ئەمەس. باشقىلارنى «خىتايغا ئىشلىدى» دېگەندىن كۆرە قورسىقى ئاچسا دۇمبىسىنى سىلايدىغان هاڭۋاقتى ـ دېگەن ياخشىراق.

# 10

سوۋېيت ئىتتىپاقىنىڭ يىمىرلىشى ئۇيغۇرلارغا دەسلىۋىدە چوڭ ئۈمۈت بېغىشلىغان ئىدى. بىرىنچىدىن « سوۋېيت ئىتتىپاقىنىڭ بۈگۈنى بىزنىڭ ئەتىمىز» ـ دېيىلگەن، ماۋ نىڭ سۆزى بويىچە خىتاينىڭ پارچىلىنىشى « يېقىنلاشتى». ئىككىنچىدىن « ئوتتۇرئاسىيادىكى تۈركى قېرىنداشلىرىمىز مۇستەقىل بولدى، ئۇلار بىزنىڭ مۇستەقىل بولۇشىمىزنى قوللايدۇ» . ئۈچىنچىدىن « سوۋېيت ئىتتىپاقىدا ئۆز ۋاقتىدىكى شەرقى تۈركىستان جۇمهۇرىيىتىنى قۇرغان رەهبەر، جەڭچىلىرىمىز بار، ئۇلارنىڭ قولىدا پاكىتلار بار، نۆۋەتتىكى بىزنىڭ مۇستەقىللىق هەرىكىتىمىزگە زور پايدىلىق شارائىت بار». تۆتىنچىدىن « ۋەتىنىمىزنىڭ چېگراسىغا يېقىن بىرمۇنچە دۆلەتلەر دېموكراتىك تۈزۈمگە ئۆتتى، بىزنىڭ مىللى هوقۇقلىرىمىز ئۈچۈن، كىشىلىك ۋە ئىنسانى هەقلىرىمىز ئۈچۈن پايدىلىق ئامىل» . يەنە شۇنىڭدەك نۇرغۇنلىغان پەرەز، ئۈمۈت، خىياللار هەربىر ئۇيغۇرنىڭ مېڭىسىنى چىرمىۋالغان ۋە ئالەمچە شاتلاندۇرغان ئىدى. شۇ قاتاردا ئەپقاچتى گەپلەرمۇ ياكى رەسمى خەۋەرلەردىن نەقىلمۇ ئىشقىلىپ قۇيرۇقى ئۈزۈلمەيدىغان خوش خەۋەرلەر تارقىلىپ تۇردى. ـ « قازاقىستاننىڭ پىرەزىدېنتى نۇر سۇلتان نەزەر بايوپ ـ قازاقىستان پۈتۈن تۈركىي خەلقنىڭ ئانا ۋەتىنى ـ دەپتۇدەك»، « تۈركىيەنىڭ دۆلەت رەئىسى

تۇرغۇت ئوزالدىن نۇر سۇلتان نەزەر بايۇپ تۇركىيەدە قانچىلىك قازاق بار؟ - دەپ سوراپتىكەن، تۇرغۇت ئوزال ــ يەتمىش مىليون قازاق بار دەپتۇدەك، بۇ دېگىنى بىز ھەممىمىز بىر مىللەت، قازاق، تۇرك دەپ ئايرىمىسى يوق دېگەنلىك بولارمىش» ، « تۇرغۇت ئوزال قازاقىستان زىيارىتىدە : يىگىرمە بىرىنچى ئەسىر تۇرك ئەسىرى بولىدۇ ــ دەپتۇ ۋە ئانادولۇدىن ، ھازار بويلىرىدىن، كاپكاز، بايقال كۆلىدىن تارتىپ خىتاي سېپىلىگىچە بولغان تۇپراق بىر ئاتىنىڭ بىر ئانىنىڭ بالىلىرىغا مەنسۇپ، بۇ يەرلەر بىر ئۆلكە بولغۇسى - دەپتۇ - دەك ». ئوھ، پاھ، بىز كېچىكىپ قالدۇق! بىزدە تەييارلىق يوق. بىر ئىش قىلىپ تۇرساق بولاتتى.

دەل شۇنداق ئىچىمىزگە كىرىۋالغان قۇرت يۇرىكىمىزنى يەپ كېتىۋاتقان كۇنلەردە يەنە بىر خوش خەۋەر كەلدى: ئىستانبۇلدا « خەلقئارا شەرقى تۇركىستان مىللى قۇرۇلتىيى » قۇرۇلۇپتۇ، بۇ قۇرۇلتايغا پۇتۇن دۇنيادىن ۋەكىل قاتنىشىپتۇ، ئوت يۇرەك ئىنقىلاپچى، شائىر ئەخمەت ئىگەمبەردى ئەپەندى ئاۋستىرالىيەدىن كېلىپ باش رەئىس بولۇپتۇ، ئاتاقلىق سىنارىست، ئىنقىلاۋى ياش شائىر مەمتىمىن ھەزرەت ئەپەندى ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ رەئىسى بولۇپتۇ، مانا ئىشەنمىسىڭىز « شرقى تركستان اۋازى » جورنىلى، مانا ئۇلارنىڭ رەسىملىرى، مانا خەۋەر! ئوھ، ۋاھ! ئاجايىپ كارامەت! قازاقىستان بىر ناھىيەنى « ئۇيغۇر ناھىيەسى» قىلىپ ئايرىپ بېرىپتىكەن، ئۇيەردە « شەرقى تۇركىستان ھۆكۇمىتى» قۇرۇلۇپ، داھىلارنىڭ سۆرەتلىرى ئېسىلىپتۇ - دەك! « خەلقئارا شەرقى تۇركىستان مىللى قۇرۇلتىيى» دىكىلەر تۇركىيەدىن، « شەرقى تۇركىستان ھۆكۇمىتى» دىكىلەر قازاقىستان ۋە ئوتتۇر ئاسيادىن تەييارلىق قىلىۋېتىپتۇ - دەك، بىز زادى مىدىرلاپ تۇرمىساق بولمايدۇ! ئىچىدىن بىر ئىش چىقمىغۇچە سىرتتىكىلەر باستۇرۇپ كىرەلمەيدىكەن!

ئوھ جېنىم ئاداش، يۈرۈكۈم پارتىلاپ كېتەي دېدى! ئاڭلىدىڭمۇ، بۇيىل ( 1994 ـ يىلى) يىگىرمە ئىككىنچى ئاۋغۇست قازاقىستاندىكى ھۆكۈمىتىمىز قورغاس چىگراسىدىن بۇسۇپ كىرىدىكەن، يىگىرمە مىڭ مۇنتىزىم ئارمىيەسى باركەن، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا سوۋېيىت ـ ئافغان ئۇرۇشىغا قاتنىشىپ ئۇرۇشتا نەتىجە قازانغان، ئافغان مۇجاھىدلىرىنى يېڭىپ، ئۇرۇشتىن ھايات چىققان ئوفىتسېر، لېتنانت، قوماندانلار باركەن، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا قارا دېڭىز پىلوتىدا قوماندان بولغان كىشىلەرمۇ باركەن تېخى، ئۇلارھەربى ھالەتتە تۇرۇۋېتىپتۇ ـ دەك........

شۇنداق ئۇمۇتۋار، جەڭگىۋار سۆزلەر يۈرىكىدە ئۇيغۇرلۇق تۇيغۇسى بار، كۆڭلىدە خىتايغا غۇمى بار ھەرقانداق بىر ئۇيغۇرنى ھاياجانغا سالماي قالمايتتى. ئاشۇ ھاياجان تۇپەيلى خىتاينىڭ « ئىسلاھاتى » دىن كېيىن قورامىغا يەتكەن بىر ئەۋلات ياشلار تورغاقتەك تورزۇتۇۋېتىلدى. ئالدىنقى باپتا سۆزلەپ ئۆتۈلگەن « چەتئەل قىرغىنلىقى» دىمۇ ئەلۋەتتە يوقۇردا بايان قىلىنغان « تۇ ـ دەك، مىش» لارنىڭ رولى ئىنتايىن چوڭ بولغان. شۇ ھاياجانلارنىڭ يىغىندىسى ئىككى قاناتقا ئايرىلىپ، بىرى ۋەتەن ئىچىدە « 5 ـ فېۋرال غۇلجا قىرغىنچىلىقى »، يەنە بىرى ۋەتەن سىرتىدا شەكىللەنگەن « ئىككى لاگىر قوشۇنى » بىلەن خۇلاسىلاندى.

ئەمدى گەپنى ۋەتەن سىرتىدىكى « ئىككى لاگىر» نى چۆرىدەپ ئېلىپ ماڭايلى. 1997 ـ يىلى ياز ئايلىرىدىن باشلاپ بۇ ئىككى لاگىر قانداقىسىگە شەكىللەندى؟ ئۇنىڭ جەريانى قانداق ئىدى؟ قايسى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى؟ قانداق ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقاردى؟ ئۇلار زادى نېمە قىلىشلىرى كېرەك ئىدى؟ نېمىنى قىلالايتتى؟ ـ سۇئاللارغا جاۋاپ ئىزدەشتىن ئاۋۋال ھۆكۈمنى بېرىۋېتەيلى: تەكرار تىلغا ئېلىشقا مەجبۇرمىزكى، ئۇيغۇرلار ئۆز ئالدىغا، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ، يالغۇز بېشى بىلەن ۋەتەن ئۇرۇشى ئېلىپ بارالمايدۇ! ئەگەر ئۆزۈنى ۋە

دۈشمەننىنى تىوغرا مۆلچەرلىمەيتتۇرۇپ، ئۆزلىرىگە كۆچلۈك يىاردەمچى، كۆچلۈك ئىتتىپاقداش تاپمايتۇرۇپ قىلغان ھەرقانداق ئىشى ــ ئۇرۇشى ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي مەنپەئەتىگە، مىللىي مەۋجۇتلۇق مەنپەئەتىگە ئىتايىن ئېغىر زىيانلارنى كەلتۈرىدۇ! بۇ ئۇيغۇرلارغىلا قارىتىلغان ھۆكۈم بولماستىن بەلكى، ئازاتلىق ئۈچۈن، مۇستەقىللىق ئۈچۈن كۈرەش قىلىدىغان ھەرقانداق مىللەتكە قارىتىلغان رېئال ھەقىقەتتۇر.

« ئات بىلەن ئوغۇل بالىنى خۇدايىم جەڭگە ياراتقان» . بىراق ئات مىنىپ جەڭگە كىرىدىغان چاغلار بولسىغۇ شۇنداق بولاتتى. تايچاقنى مەجبۇرى كۆندۈرۈپ، ئوغلىڭىزنى ئۈستىگە مىندۈرۈپ، پالتا بولامدۇ، قىلىچ بولامدۇ، قىڭراق، كەكە بولامدۇ ئوغلىڭىزنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ : ماڭە ئوغلۇم جەڭ مەيدانىغا! دېگەن مىكروپنى سىپىلنىڭ ئۇ تەرىپىگە كىرگۈزۈۋېتىپ كەل. ئەمما جەڭدە ئۆلۈم يۈتۈلگەن بولسا دۈشمەننىڭ ئوقى ئارقاڭدىن تەگسە شەھىد بولالمايسەن، سەندىن ئاللاھمۇ، بىزمۇ رازى بولمايمىز، دۈشمەن يوقالمايتۇرۇپ ھايات قايتىپ كەلمە! ــ دەپ ئۇرۇشقا يولغا سالسىڭىز، سىز ھەقىقى ئاتا بولاتتىڭىز. بىراق يوقۇردىكى ئىككى لاگىرغا توپلاشقان ئوغۇللىرىڭىز نېمىگە مىنەتتى؟ زەمبىرەكنىڭ ئوقىغا مىنىپ چىگرادىن ئۆتمەكچىمىدى؟ جەڭ مەيدانىغا قانداق كىرەتتى؟

ھەسەن مەخسۇم، ئابدۇقادىر ياپچان قاتارلىق بىر تۈركۈم زاتلار بىلەن نۇرغۇنلىغان سابىق سىياسى مەھبۇسلار چەتئەلگە چىقىپتۇ ــ دېگەن خەۋەر ئۇلارنى يىراق ــ يېقىندىن تونۇيدىغان ھەرقانداق ئۇيغۇرنى چەكسىز شاتلاندۇردى. ئۇلارنىڭ سالامەت چەتكە چىقىپ كەتكەنلىك خەۋىرى ۋەتەندىكىلەرگە خۇددى ۋەتەن ئازات بولۇپ بولغاندەك شاتلىق، جەڭگىۋارلىق، ئۈمۈت، كەلگۈسىگە ئىشەنچ بېغىشلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ۋەتەن سىرتىدىكى ئەقلى - ھۇشى جايىدىكى ھەرقانداق بىر

ئۇيغۇر « ئەمدى بۇلار نېمە ئىش، قانداق ھەرىكەت بىلەن شۇغۇللىنار» ــ دەپ ئويلۇنۇش قىلماي قالمىدى. « ئۇلار پۈتۈن دۇنيادىكى لاغايلاپ يۈرگەن، تەشكىلات قۇرۇپ قۇرۇق گەپ سېتىپ يۈرگەن، ئەمما قەلبىدە لائىلاھە ئىللەللاھ مۇھاممەدۇن رەسۇلۇللاھ مەۋجۇتلا بولغان ھەرقانداق ئۇيغۇرنى بىر بايراق ئاستىغا تۇپلاپ، ۋەتەنگە مۇستەقىللىقنىڭ بايرىقىنى تىكلىمىگۈچە يولىدىن يانمايدىكەن!» دېگەن خەۋەر ئىنتايىن ئىشەنچلىك قاناللاردىن ئاڭلىتىلدى. ئۇنىڭغا يانداش « ئۇلار ئىسلام بايرىقىنى ئاق سايارىنىڭ ئۆگزىسىگە قادايدىكەن» ـ دېگەندەك ئۇسەك سۆزلەرمۇ قوشۇمچە ئاڭلىنىپ تۇراتتى. قانداقلا بولمىسۇن ئۇلارنىڭ خىتايغا قارشى بىر ئىش قىلماقچى ئىكەنلىكى ئېنىق ئىدى. شۇ مەقسەتتە ئۇلار ئۈچ ئاي ئىچىدىلا ئوتتۇرشەرق، تۈركىيە ۋە ئوتتۇر ئاسيا قاتارلىق دۆلەتلەردىكى ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرىنى كۆزدىن كەچۈرۈشتى. پاكىستان، كەشمىر، ئافغانىستان قاتارلىق جايلاردىكى تارقاق « مۇجاھىدلار» نىمۇ چۈشۈنۈپ يېتىشتى. پالەچ ھالدىكى تەشكىلاتلارنى كۆرۈپ ئۆكۈنۈشتى: ۋەتىنىمىز خىتاي كەلكۈنىدە غەرق بولۇپ كېتىۋاتسا، مىللىتىمىز خىتاينىڭ ئىپلاس ئاياق ئاستىدا ئىزىلىپ، دەسسىلىپ تۈگەپ كېتىۋاتسا بۇ ئەركىن دۇنيادىكى تەشكىلاتلىرىمىز ئۆزـ ئارا كاللا سوقۇشتۇرۇپ، مەنسەپ تالىشىپ، بىر بىرىنى قاغىشىپ يۈرسە، قېنى شەرقى تۈركىستان دەۋاسىغا ياردەم قىلىدىغان دۆلەت؟ قېنى بۇلارنىڭ ۋەتەن دەۋاسىنى دۇنياغا ئاڭلاتقىنى؟ ــ زادى قولغا قورال ئالمىغۇچە ۋەتىنىمىزدە تاڭ ئاتمايدۇ! « جىھاد!»، بىزنى دۇنيا، ئاخىرەتلىك سائادەتكە ئېلىپ بارىدىغان، مىللىتىمىزنى قۇتقۇزىدىغان يول « قولغا قورال ئېلىپ خىتايغا قارشى جىھاد قىلىشتۇر! ئۆلسەك شەھىد، قالساق غازى. » ــ مانا بۇ ئۇلار چىگرادىن چىقىپ يېرىم يىلغا يەتمىگەن قىسقا مەزگىلدە مۇقىملاشقان ئىرادە. شۇ ئىرادىنىڭ تۈرتكىسىدە پاكىستان ھۇدۇدى ئىچىدە، ئافغانىستان تاغلىرىدا ئۇلار تەبلىغ، تەشۋىقات، تەرغىبات

ئېلىپ بېرىشتى. بۇلار « ئىسلام جامائىتى » نامىدىكى ئېقىم بولۇپ شەكىللەندى. ئۇلار بىر ئاز ئىلگىرلەپ ئوتتۇر ئاسىيا ھۇدۇدىغىمۇ قەدەم بېسىشتى. ئۇ جايلاردىن بىر تۈركۈم يەككە پىدائىلارنى ئۆزلىرىگە ۋەكىل قىلىپ قويۇپ يەنە كەشمىر تەرەپكە قايتقان بولۇشتى. « تۆمۈر ئىشتان ئىچىدە ئۇسۇرسا بۇخاراغا ئاڭلىنىپتۇ » دەيدىغان بىر داڭگال تەمسىل بارغۇ! .....

دەل شۇ مەزگىلدە ئالمۇتا بىشكەك، ئۇيغۇر رايۇنى، ياركەت، تاشكەنت قاتارلىق شەھەر، ناھىيەلەردە ئۇيغۇر مەشرىپى گۈللۈنۈپ قانات يېيىۋاتقان، ئولتۇرغان ــ قوپقان ھەر بىر ئۇيغۇر « 5 ــ فىۋرال قانلىق قىرغىن » توغرىسىدا مەرسىيە ئوقۇۋاتقان، يۈرەكلەر غەزەپ نەپرەتكە تولۇپ تاشقان، « ئاتقا مىنەلىگۈدەك » ھەر بىر ئۇيغۇر ئۆزىنى جەڭگە ئاتاپ قويىۋاتقان، ئوغۇللار ئاتا ئانىسىدىن، ئاتىلار خوتۇن ـ بالىلىرىدىن كۆڭلىدە يوشۇرۇن خوشلۇشۇپ، ھەر نەپەستە ئۆزلىرىنى جەڭگە ئاتاپ تۇرىۋاتقان بىر جۇشقۇنلىق ھۆكۈم سۈرمەكتە ئىدى. قانلار قىزىق! يەڭلەر تۈرۈك، مۇشتلار تۈگۈك، كۆزلەردىن جەڭ ئۇچقۇنلىرى چاپچىراپ تۇرغان! ئانا ۋەتەنىنىڭ ئازاتلىقى ئۈچۈن ھەممە نەرسە پىدا قىلىنىۋېتىلگەن شۇنداق بىر ئۇلۇغۋار كەيپىيات كىشىنى ھاياجانغا سالاتتى! « خەلقئارا شەرقى تۈركىستان مىللى قۇرۇلتىيى » نىڭ ئىجرائىيە كومىتېت رەئىسى، ئىنقىلاۋى شائىر، سىنارىست مەمتىمىن ھەزرەت ئەپەندى ئالمۇتىغا كەپتۇ ــ دەك.

ــ نېمىشكە كەلدىكىنە ئۇ كىشى؟

ــ بۇرۇنمۇ كېلەتتىغۇ، يىغىن ــ چۇغۇن، چوڭلارنىڭ تۇغۇلغان كۈنى بولغانلاردا.

ــ ياق بۇ قېتىم باشقىچە.

ــ قانداق مەسىلەن؟

ــ تەشكىلات قۇرۇپتۇ ـ دەك.

ــ ھــوي بــارغۇ ئۇنــىڭ تەشــكىلاتى، بىــرنېمە ئىســتان قــۇرۇلتېيى - دەيدىغان.

ــ سەن دەپ باقە، قانداق تەشكىلات قۇرۇپتۇ يەنە؟

ــ ســەل مەخپــى گەپ، « شــەرقى تۈركىســتان ئــازاتلىق تەشــكىلاتى» دەمدۇ، شۇنداق.

ــ ھوي قويە شۇ خەقنى! تۈركىستان، تۈركىستان، ئۇيغۇرغۇ بىز!

ــ ئاغىنىلەر ھازىر « ئىستان » تالىشىدىغان ۋاقىتمۇ بۇ! قويساڭلارا . خىتايغا قارشى بىر ئىش قىلسىلا بولمامدۇ. قېرىلار تالاشتى « ئىستان» لارنى قانچە يىل. ھېچنېمە قىلالمىدى ۋەتەن ئۈچۈن.

ــ ئويلۇشــۇپ بىــر نەرســە دەرمىــز، ئــۇرۇش بولــۇپ قالســا جــان پىــدا! رۇســلاردىن قۇتۇلــۇپ مۇنــۇ قازاقلارغــا تۇتۇلــدۇق. ئۇيغۇرســتاننى ئــازات قىلمىغۇچە مۇشۇنداق ئۆتۈدۇ كۈنىمىز.

ئەل ئىچىدە، ئۆزلىرىنى ئاتاپ قويغان جەڭچىلەر ئارىسىدا شۇنداق تېز تارقالدى مەخسۇملاردىن كېيىن بۇ يېڭى خەۋەر. شۇنداق قىلىپ مەخسۇملارمۇ كەشمىردىن قايتا كېلىشمىدى ھېلىقى يەككە پىدائىلار يىغىپ قويغان پۇلنى ئېلىپ كەتكىلى. يا بىر ئەمىر، يول يورۇق چۈشۈرمىدى ئۇلارغا. مەخسۇملارغا قول بېرىپ ۋەزىپە تاپشۇرىۋالغان يەككە پىدائىلار بىر بىرلەپ « شەرقى تۈركىستان ئازاتلىق تەشكىلاتى» غا بەيئەت قىلىشقا باشلىدى. « مەخسۇمنى كۈتۈپ ياتامدۇ بىكار. ۋەتەننى خىتايلار يالاپ يۈتۈپ كېتىۋاتسا. تۇرۇلگەن يەڭلەر چۈشۈرۈلمەستە، تۈگۈلگەن مۇشتلار ئېچىلماستا خىتايغا قارشى ئۇرۇش باشلىۋالمىساق، كېيىن كىم بىلەن قىلىمىز جەڭنى» دەيتتى يەككە پىدائىلار ئۇرۇش قىزغىنلىقىدا مەمتىمىن ھەزرەتنىڭ پېشىدىن يۇگۇرۈپ. شۇنداق قىلىپ ئافغانىستان، كەشمىر، پاكىستان تەرەپلەردىكى مۇجاھىدلار « ئىسلام جامائىتى» لاگىرىغا، ئالمۇتا، بىشكەك، تاشكەنت، ئىستانبۇل

قاتارلىق جايلاردىكى مۇجاھىدلار « شەرقى تۈركىستان ئازاتلىق تەشكىلاتى» لاگىرىغا ئۆزلۈكسىز توپلۇنۇشقا باشلىدى. لېكىن كۈچ بەك ئاز. ئىقتىساد يېتەرسىز. خىتايدەك بىر جاھانگىر دۈشمەنگە قارشى كۈچ بىر يەرگە توپلۇنۇشى كېرەك! ھەر ئىككىلى تەرەپ ئۆزلىرىگە كۈچ توپلاش بىلەن ئالدىراش.

دۇكان ئىككى خېرىدار بىر. بەزىدە دۇكاندارلار بازارنىڭ كاساتچىلىقىدا خېرىدار تالىشىپ ئۇرۇشۇپ قالىدىغان ئىش ناھايىتى تەبىئى ئەھۋال. ئۇرۇش ـ جېدەلنىڭ قېلىپى يوق. ئۇرۇشقاندا ئاغىزنى بۇزماسلىق، تۆھمەت قىلماسلىق، ئىناۋىتىنى تۆكمەسلىك.... ھەققىدە ھەدىسلەر بولسىمۇ، لېكىن ئۇرۇشقان يەردە شەيتان داپ چالارمىش، شەيتان داپ چالغان يەردە ئۇسۇلغا چۈشمەيدىغان كىشى قالمايدۇ ـ دېيىلىدۇ. دۇكاندارلار خېرىدار تالىشىپ ئۇرۇشۇپ قالغاندا بىرسى يەنە بىر دۇكاندارنى « ساختىپەز، ئالدامچى، خىيانەتكار، ھارام يەيدۇ ، مېلى ساختا » دېگەندەك سۆزلەر بىلەن ئەيىپلىسە، يەنە بىر دۇكاندارمۇ رىقابەتچىسىنى ئۇنىڭدىنمۇ ئارتۇقراق ھاقارەتلەيدىغان ئادەت بار. ھېچقانداق بىر دۇكاندار خېرىدارنى قاچۇرۇپ قويۇشنى خالىمايدۇ. ئەمدى مۇشۇ ياپتا، كىنايە سۆزلەرنى تېخىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇپ بايان قىلمىساق، نۇرغۇنلىغان ھاڭۋاقتىلار« گەپنى ئۇدۇل ئېيتماي نېمە سودا ـ سېتىق توغرىسىدا قالايمىقان جۆيلۈدۈڭ» دەپ ساقال تارىشى ئېنىق..... دەسلەپكى قىسقا بىر مەزگىل « ئىككى تەرەپ» ـ « شەرقى تۈركىستان ئازاتلىق تەشكىلاتى » بىلەن « ئىسلام جامائىتى» ئارىسىدا « بىرلىشىش» تەكلىۋى بازار تاپتى. لېكىن « تۆڭگان بىلەن دوست بولساڭ ئاي پالتا قوينۇڭدا بولسۇن» دېگەندەك، ھەر ئىككىلا تەرەپ قوينىدا ئاي پالتا يوشۇرۇپ يۈرگەچكە، چاپان خېلە ئۇزۇن بولۇشقا قارىماي پالتىنىڭ سېپىنى ياپالمىدى. چۈنكى ھەر ئىككىلا تەرەپتە ھېلىقى « ياخشى... لار» نىڭ ياردىمىگە نائىل بولغان ھېلىقى « سىلى بەك مۆھىم،

باشلىرىنى دالدىغا ئالسىلا » بىلەن « جاننى ساقلاپ تۇرۇش ئۈچۈن چەتكە چىقىپ كەتكەن» لەر بولغاچقا، ئۆزلىرىدىن باشقىغا « تۆھمەت ئۆلىمىسى» نى قىلىشقا « مەجبۇر » ئىدى. خىتايغا قارشى ھېچنېمە قىلمايتۇرۇپلا ئىككى لاگىر بولۇپ شەكىللىنىپ، يەنە خىتايغا قارشى ھېچنېمە قىلماستىن « چوڭ بىرلىك » قۇرۇشلىرى، خۇددى ئەينى ۋاقىتتىكى ئافغانىستان مۇجاھىدلىرى سىپىدىكى تۈرلۈك ئېقىملارنىڭ رۇس باسمىچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشتا بىرلەشلەنلىرىگە تەقلىت قىلىشىمۇ، ياكى « ياپۇن باسمىچىلىرىغا قارشى ۋەتەن ئۇرۇشى » دا خىتاي كوممۇنىستلىرى بىلەن خىتاي گومىنداڭلىرىنىڭ بىرلىك سەپ قۇرغانلىرىنى ئەسلىشىپ قالغانمۇ، ياكى ئاللاھنىڭ مۇقەددەس چاقىرقى « و اعتصموا بحبل الله جميعا ولا تفرقوا » غا ئەمەل قىلىپ شۇنداق بىرلىشىشنى تاللىدىمۇ ، ياكى « دۈشمەننى تۇزاققا دەسسىتىش » پىلانى بىلەن « تاكتىكا» ئىشلەتتىمۇ ئىشقىلىپ مەزكۇر ئىككى لاگىر بىرلەشتى. بىرلىشىش ئىككى ئايغا بارمايلا « بىرلەشمە قوماندانلىق شتابى» نىڭ رەئىسى ھەر ئىككىلا تەرەپتىن ھۇجۇمغا ئۇچرىدى. ئەسلىدە « قورچاق رەئىس» قا ھەر ئىككىلا تەرەپنىڭ يەرلىك قوماندانلىرى، ئەكابىر۔ ئەشرەپلىرى بىردەك بەيئەت قىلىشقان بولسىمۇ، قورچاق رەئىسقا نىسبەتەن ھەر ئىككىلا تەرەپنىڭ قوينىدا « ئاي پالتا » تەييار ئىدى. چۈنكى قورچاق رەئىسنىڭ دىنى ساھەگە مەنسۇپ بولۇشى سەۋەپلىك « شەرقى تۈركىستان ئازاتلىق تەشكىلاتى » تەرەپتىكىلەر ئۇنىڭ « موللاملارغا سېتىلىپ كېتىشى» دىن گۇمانلىناتتى. شۇنىڭدەك ئۇنىڭ باشقا دىنى زاتلارغا قارىغاندا، ۋەتەن، مىللەتنى كۆپرەك تىلغا ئېلىشى، دۇنيا سىياسەتلىرىگە قىزىقىدىغان مىجەزى، ئاخبارات ۋە تۈرلۈك يىغىلىشلارغا كۆڭۈل بۆلۈدىغان خارەكتېرى تۈپەيلى « ئىسلام جامائىتى » تەرەپتىكىلەرنىڭ نەزىرىدە « بۇ ئادەم دېموكراتچىلارغا مايىل، سېتىلىپ كېتىدۇ » دېگەن گۇمان ھۆكۈم سۈرەتتى. ئەڭ يامىنى بۇ قورچاق رەئىسكە

بەيئەت قىلىشتا ھەر ئىككىلا تەرەپ « بىز پايدىلىنىمىز » ــ دەپ ، چۆچۈرە سانىغان. بىراق ئۇ ئۇلارنىڭ كۈتكەن يېرىدىن چىقمىدى ھەم ئۆزىگە بېرىلگەن ھوقۇقنى يۈرگۈزەلمىدى. شۇنداق قىلىپ قورچاق رەئىسنىڭ رولى بولمىدى. ئۇمۇ ئىككى دۆكاندارنىڭ خېرىدار تالىشىش ماجراسىدا ئۆز بېشىنى ئېلىپ قاياقلارغىدۇر تىكىۋەتتى. « بىرلىشىش » ئىجرائاتىدىن ئىلگىرىكىگە قارىغاندا « بىرلىشىش » تىكى مەقسەتلەر ئىشقا ئاشماي، ھەر ئىككىلا تەرەپنىڭ لاتىسى سۇغا چىلاشقاندىن كېيىن قويىنىدىكى ئاي پالتىلارنى يوشۇرۇشنىڭ ھاجىتى قالمىدى. بىر تەرەپنىڭ قولىدىكى ئاي پالتا « ۋەتەن، مىللەت ئۈچۈن ئۆرۈش قىلىپ ئۆلگەن كىشى شەھىد بولمايدۇ، دۇنيالىقى ئۆلۈم بىلەن ئاخىرلاشسا، ئاخىرەتلىكى بەدبەخت بولىدۇ...» دېگەن ھۆكۈم بولسا، يەنە بىر تەرەپنىڭ قولىدا « سىياسەت بىلمەيدىغان، قارقوساق موللا، مەخسۇملارنىڭ ۋەتەن ، مىللەت بىلەن ئىشى يوق، پىدائىلارنى جىھادچىلارغا تۇتۇپ بېرىدۇ، ئۇلارنى دۇنيا قوللىمايدۇ...»ـ دېگەن ئاي پالتا چاقناپ تۇراتتى. زىددىيەت كەسكىنلەشتى. بىرى قۇرئان، ھەدىس ئوقۇپ نۇتۇق كۈچى بىلەن رىقىبىنى مات قىلىشقا ئۇرۇنسا، يەنە بىرى قەلەم كۈچى ئارقىلىق دۈشمىنىنى شەرمساز قىلاتتى. داپىنى شەيتان چېلىۋاتامدۇ، ياكى ئۇلارنىڭ چالغان داپلىرى شەيتاننى خىجىل قىلىپ، بىچارە شەيتاننى يەرگە قارىتىۋاتامدۇ ئىشقىلىپ يۈز بېرىۋاتقان ئىشلارنى كىم پىلانلاۋاتىدۇ، كىم ئىجرا قىلىۋاتىدۇ، ئەتراپ شۇنچىلىك قاراڭغۇ، تۇمان ئىچىدە قالدىكى، ھېچكىم بىر بىرىنى كۆرمەيدىغان، تونىمايدىغان بولۇشۇپ كەتكەن ئىدى.

# 11

تۇرمۇشتا دائىم سۆزلىنىۋەرگەنلىكتىن نۇرغۇنلىغان قىممەتلىك ئەقىل جەۋھەرلىرى ئادەتتىكى نەرسىگە، قۇرۇق سۆز، ئېتىبارسىز نەقىللەرگە ئايلىنىپ قالىدۇ. « هاكچى ئۇنچى بولسا كۆزىنى چاپاق بېسىپتۇ» ، « قوينى قاسساپ سويسۇن »، « ئالتۇننى زەرگەرسوقسۇن » ، « يەتتە ئۆلچەپ بىر كەس »، ...... بىز ئۇيغۇرلار سۆزلەشكە شۇنچىلىك ئۇستا خەقلەرمىزكى، ئاڭلىغۇچىدىن سۆزلىگۈچىلىرىمىز كۆپ، سۆزلەۋەرگەنلىكتىن سۆزنىڭ ۋەزنى قالماي، ئاڭلىغۇچىمۇ ئېتىبارسىز قارايدىغان بولۇپ قالسا كېرەك. دىنى ساھەگە ـ ئېنىقراق  ئېيتقاندا « تەبلىغچى » لەرگە قارايدىغان بولسا ئوتتۇز پارە قۇرئاننىڭ مەزمۇنىنى ئىككى ھەپتىدىلا سۆزلەپ بولۇدۇ. سۆيۈملۈك پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يىگىرمە ئۈچ يىللىق پەيغەمبەرلىك ھاياتىدىكى قىممەتلىك ھەدىسلەرنىمۇ ئىككى ئايغا يەتمىگەن قىسقىلا ۋاقىتتا يۇيۇپ تاراپ بىر تەرەپ قىلىۋېتىدۇ. سۆزلەۋىرەي دېسە ئاڭلىغۇچىغا كونا گەپتەك تۇيۇلۇپ قېلىشى تۇرغان گەپ. يېڭى مەزمۇن ئىزدەش كېرەك! مۇشۇ ھەقتە قىسقىلا بىر ئۆرنەك بەرگۈم بار. 1988ـ يىلى ياش دىنى زاتلار يۇرت، يۇرتنى كېزىپ، مەسجىد ، مەسجىدلەردە تەبلىغ قىلىش ئادەتكە ئايلىنىپ كەتكەن ئىدى. بىر جۈمە كۈنى ئاتاقلىق بىر ياش تەبلىغچى قارىم جۈمە خۇتبىسىدە مۇنۇ ھەدىسنى بايان قىلىدۇ: « من مات ولم يغزو فهو فى النار، من مات ولم يغزو فهو منافق » ( يەشمىسى: مەن ماتە ۋەلەم يەغزۇ فەھۇۋە فىننار، مەن ماتە ۋە لەم يەغزۇ فەھۇۋە مۇنافىق) ـ كىمكى غازات قىلماي ئۆلۈدىكەن ئۇ جەھەننەمدە! كىمكى غازات قىلماي ئۆلۈدىكەن ئۇ مۇنافىق! بۇ ھەدىس مۇسۇلمانلارنى جىھادقا چاقىرغان ئەڭ كۈچلۈك تەنبىھتۇر. 1988ـ يىلى مەسجىدكە جۈمە

ئوقۇش ئۈچۈن كىرگەن قېرى ـ ياش، ئەقىللىق، ھاكۇۋاقتى بارلىق جامائەتكە مۇشۇ ھەدىس سۆزلۈنۈشى كېرەكمىدى؟ ـ جۈمەدىن قايتقاندىن كېيىن قارىمدىن مۇخلىسلىرى سوراپتۇ ـ قارىم، جىھاد توغۇرلۇق سۆزلەپ سالدىلا، ئەته ، ئۆگۈن ماۋۇ ئىتلار قاۋغىلى تۇرسا قانداق قىلىمىز؟ ـ تەبلىغ قىلىۋېتىپ ئۆزەمنى باسالمىدىم، ھەم سۆزلىگۈدەك ، جامائەتكە ياققۇدەك باشقا مەزمۇن تاپالمىدىم، قانداق قىلىمەن ئەمىسە! ـ دەپتۇ قارىم تېرىكىپ.

مەنمۇ سۆيۈملىك پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىسنىڭ مەزمۇننى نەقىل قىلاي. سۆيۈملۈك پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام : « جامائەتكە ئۈچ ھەدىستىن ئارتۇق سۆزلىمەڭلار، ھەپتىدە بىر قېتىم، ئېشىپ كەتسە ئۈچ قېتىملا دەۋەت قىلساڭلار بولىدۇ. » ـ دېگەن ئىدى دەۋەتچى ساھابىلىرىگە.( قولۇمدا ھەدىس كىتاۋى يوق بولغىنى ھەم بۇ ھەدىسنى بۇنىڭدىن يىگىرمە يەتتە يىل ئىلگىرى ئاڭلىغانلىقىم ئۈچۈن مەزمۇننىمۇ تولۇق نەقىل قىلالمىغان بولۇشۇم مۇمكىن. بىلىدىغانلارنىڭ تولۇقلاپ قويىشىنى ئۆتۈنىمەن.) ھەر بىر سۆزنى ئاللاھنىڭ ۋەھىسى ياكى ئىلھامى بىلەن بايان قىلىدىغان سۆيۈملۈك پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يىگىرمە ئۈچ يىللىق پەيغەمبەرلىك ھاياتىدىكى ئالەمشۇمۇل مۆجىزىلىك ۋەقەلەرنى ئالتە ھەپتە ئىچىدىلا سۆزلەپ بولسىڭىز، ئاللاھ يىگىرمە ئۈچ يىلدا نازىل قىلغان مۇقەددەس كالامنى ئىككى ھەپتە ئىچىدىلا سۆزلىۋەتسىڭىز، ئۇنىڭدىن كېيىن نېمە قىلىسىز؟ ھەزرىتى خەلىپە ئۆمەر ( ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) قۇرئان ئايەتلىرىنى بىر ئايەت، بىر ئايەت يادلايتتىكەن. بۇ ھەقتە سورالغاندا ـ كۆپ يادلىۋېلىپ، لايىقىدا ئەمەل قىلىپ بولالماسلىقىمدىن قورقىمەن ـ دېگەن ئىكەن. بۇ يەردىكى ئەمەل ناماز ئوقۇش، روزا تۇتۇش، جايناماز ئۈستىدە ئىبادەت قىلىش دېگەنلىكىلا ئەمەس، بەلكى ئىجرائات مەسىلىسىدۇر. قۇرئان، ھەدىس باشقىلارغا سۆزلەپ بېرىش ئۈچۈنلا ئەمەس،

سۆزلىگۈچى ۋە بىلگۈچى ئالدى بىلەن ئۆزى ئىجرا قىلىشى شەرت. نامازنى سۆزلىگەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزى ئەڭ كۆپ ناماز ئوقۇيتتى. روزىنى سۆزلىگەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزى ئەڭ كۆپ روزا تۇتاتتى. شۇنىڭدەك جىھادنى سۆزلىگەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەپنىڭ ئالدىدا ئەڭ كۆپ ئۇرۇشقا قاتناشقان. ھەرگىز مەسجىدتە ئولتۇرۇپ باشقىلارغا سۆزلەپ بېرىش ئۈچۈنلا سۆزلىگەن ئەمەس.

ئۇيغۇرلار دۇنيادىكى ھەرقانداق مۇسۇلمانلاردىن ئارتۇقراق دىننى سۆيگەن مىللەتتۇر. مۇسۇلمان بولۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن خىتاينىڭ جازاسىغا ئەڭ كۆپ ئۇچرىدى. ھەم مۇسۇلمان بولۇپ قالغانلىقى ئۈچۈنلا ئۆزلىرىنى يوقۇتۇپ قويماي بۈگۈنگىچە كېلەلىدى. بىچارە مەزلۇم، ئەسىر ئۇيغۇرلارنى دىندىن ئايرىش ئۈچۈن خىتاينىڭ قىلمىغان ئەسكىلىكى قالمىدى. ئاخۇملارغا تۆھمەت قوتىنى قىلىشۋەتتى. قۇرئان، كىتاپلىرىمىزنى ئۆز قولىمىز بىلەن، ئاخۇنۇملىرىمىزنىڭ قوللىرى بىلەن كۆيدۈرتتى. قىلىدىغان يامانلىق قالمىغاندىن كېيىن 1980 ـ يىللىرى « دىنى ئەركىنلىك » سىياسەتنى يولغا قويۇپ، دىنى ئۆگۈنۈش، ۋەز ـ تەبلىغ قىلىش ئىشلىرىغا رۇخسەتمۇ قىلىندى. دىندا ئۇسۇسىز قالغان، ئېچىرقاپ كەتكەن ئۇيغۇرلىرىمىز ئېتى موللا بولغان ھەرقانداق بىرىدە ئوقۇش، دىنى تەلىم ئېلىش ئېھتىياجىنى قامداشقا كىرىشىپ كەتتى. موللىلارنىڭ ئىچىدە مۇنافىقلارمۇ، مۇجاھىدلارمۇ، پاسىقلارمۇ بار ئىدى. ئۇنى ئايرىغۇدەك سېزىم، دىنى ئىقتىدار ئۇيغۇرلاردا تېخى يوق ئىدى. روھى ئېچىرقاپ كەتكەن، دىنغا تەشنا خەلقىمىزنى ئومۇمى جەھەتتىن تەرتىپلىك ئىدارە قىلغۇدەك دىنى مۆتىبەرلەر يېتەرسىز ئىدى. شۇنداق بىر بۇزۇلغان جەمئىيەتتە ئۆزلىرى ئىنسابقا كېلىپ، ئۆز تالىشى بىلەن بىر قانچە يىل غەيرى رەسمى مەدرىسلەردە ئاساسەن ئىشتىن سىرتقى، قوشۇمچە ئوقۇش بىلەن شۇغۇللانغان ياش تالىپلار قۇرئان ۋە ھەدىسلەردىن يامىداپ

تەرجىمە قىلغۇدەك بولغانلىرىدىن باشلاپ « دىنى جەمئىيەت » تىن، مىللىتىمىزنىڭ دىنى ئېھتىياجلىرىنى قامداپ كېتىۋاتقان « دىنى ساھە» دىكىلەردىن سەسكىنىش ، نەپرەتلىنىش خاھىشى ئەۋج ئېلىشقا باشلىدى. ئادەمنى چاڭقاق ئاپتاپتا ئۇسسۇز قويۇپ تازا تەشنالىق تۇتقاندا ئالدىغا سۇيۇقلۇق قويسا ئۆزىنى ئېتىپ دوم چۈشۈپ ئىچىدۇ. سۇيۇقلۇقنىڭ يۇندا ياكى سۇ ئىكەنلىكىنى ئۇسسۇزلۇقتىن چىققاندىلا پەرق ئېتىدۇ. سۇ ئىچىتىم - دەپ يۇندا ئىچىپ قېلىش ئىنسانىنى ئەلۋەتتە سەسكەندۈرىدۇ ۋە « سۇ بەرگۈچى» دىن نەپرەتلەندۈرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن تەبى ھالدا پىششقەدەم دىنى زاتلار بىلەن يېڭىدىن ئوقۇۋاتقان ياش تالىپلار ئارىسىدا كەڭ بوشلۇق شەكىللەندى. ياشلار ئومۇمەن جۇشقۇن، جەڭگىۋار ئەمما تەجرىبىسىز، تەلۋە ئىدى. ياشانغان ۋە چوڭ ياشتىكى ئۆلىمالار خىتاينىڭ جازاسىغا ئاممىۋى ئۇچرىغان، ئىزىلگەن بولغاچقا يەنە شۇنداق جازاغا تارتىلىشتىن ئېھتىيات قىلىدىغان ــ قورقۇنچاق ئىدى. ئۆلارنىڭ نۇرغۇن ئادەتلىرى ياش دىنى ساھەدىكىلەرگە « مۇنافىق » لاردەك كۆرۈنەتتى.

خىتاي 80 ـ يىلىدىن باشلاپ ئىجرا قىلغان سىناقتىكى « مىللى سىياسەتنىڭ ئىككىنچى بەش يىللىق پىلانى » دا ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى دىنى ئېقىمنىڭ ئىككىگە ئايرىلىۋاتقانلىقىدىن ئىبارەت بو كەڭ بوشلۇققا ئۇسۇپ كىردى. ياشانغان، ئىزىلگەن ئەمما تەسەللىگە ئېھتىياجلىق لېكىن ئۆزلىرى يېتىشتۈرۈۋاتقان تالىپلىرىدىن قوپاللىق بىلەن زەربىگە دۇچ كېلىۋاتقان كەڭ كۆلەمدىكى دىنى زاتلارنى ئالاھىدە ئىنئام بىلەن تەقدىرلەش ھىلىسىنى ئىشقا سالدى. بۇ ھال ياش دىنى ئېقىمنى تېخىمۇ نەپرەتلەندۈرۈش بىلەن بىرگە ئاۋام خەلق ئىچىدىمۇ دىنى پىششىۋالارغا قارىتا نەپرەت تۇيغۇسىنى بىخلاندۇردى. نەتىجىدە ياش دىنى ساھەدە تەجرىبىلىك پىششقەدەم ئۇستازلارنىڭ سۆزلىرىنى تولۇق رەت قىلىش كەيپىياتى ئىتايىن

كەسكىن ۋە تېز راۋاجلاندى. پىشقەدەم دىنى زاتلار دەرس ئوقۇتۇش بىلەن، ياش دىنى زاتلار تەبلىغ قىلىش بىلەن مەشغۇل بولۇپ، ياشلار جەمئىيەتنىڭ كۆزىگە چېلىقتى. چۈنكى ئۇلار كىشىلەرگە ياقىدىغان جۇشقۇن، جاسارەتلىك ئىدى. يوقۇرقىدەك « غازات ۋە جىھاد » ھەققىدىكى ئايەت، ھەدىسلەرنى مۇنبەرلەردە مەيدىسىگە مۇشتلاپ تۇرۇپ سۆزلەيتتى. بۇ ھال تەرەققى قىلىپ « 5 ـ ئاپرىل بارىن ئىنقىلاۋى » دەپ ئاتىلىپ كېلىۋاتقان ئىنقىلاۋى قوراللىق ھەرىكەت بىلەن ئاخىرلاشتى. ( ئارىدىن سەككىز يىل كېيىن دەل شۇنىڭ ئۆزىگە ئوخشايدىغان يەنە بىر ھادىسە ۋەتەن سىرتىدا شەكىللەندى ۋە پاجىئە بىلەن ئاخىرلاشتى. ) نېمىشكە شۇنداق بولۇشى كېرەك ئىدى؟ 80 ـ يىللىرى ئۆزلۈكىدىن دىنى ئىسلامنى ئۆگەنگەن ئۇيغۇر ياشلىرى دىندىن ساۋاتسىز قالدۇرۇلغان ئاۋام جەمئىيەتنىڭ دىنى ئېھتىياجلىرىنى قامداش ئۈچۈن ئوقۇغانمىدى ياكى بولمىسا كىشىلەرنى غازاتقا، جىھادقا چاقىرىش ئۈچۈن ئوقۇغانمىدى؟ ئۇلارنىڭ ئوقۇغانلىرى، ئۆگەنگەنلىرى ئۇرۇش، جەڭ، ئەسكەرى بىلىملەرمىدى ياكى ئاۋام خەلقنىڭ دىنغا بولغان ئېھتىياجىنى قامدايدىغان فىقھى بىلىملەرمىدى؟ مۇشۇ نوقتىدا بىر ئاز كەڭرەك توختۇلۇش مېنىڭچە « قۇرۇق گەپ » بولۇپ كەتمەس. گەپدانلىق قىلىپ « قوينى قاسساپ سويسۇن، ئالتۇننى زەرگەر سوقسۇن » دېگەنگىلا ئىش شۇنداق بولۇپ كېتىۋەرمەيدۇ. شۇنداق دانا گەپنى دەرەلىگەن ئېغىز ئالدى بىلەن ئۆز قۇلۇقىغا ئاڭلىتىشى، ئۆز مېڭىسىگە سىڭدۇرىشى كېرەك ۋە ئۆزى ئەمەلىيەتكە ئايلاندۇرالىشى لازىم.

يۇقىرىدىكى قۇرلارنى ئوقۇۋاتقانلار ئارىسىدا تالىپلار بولسا، ياكى « مۇجاھىد » لار بولسا دەرھاللا « ھەي جىھادقا قارشى چىققان كافىر! ئۇنداقتا تالىپلار جىھاد قىلماي پوشكال يەپ جان باقسا بولامتىمۇ» ـ دېيىشى ئىنتايىن ئېنىق. مەن شۇنداق كاللىنى كۆتۈرۈپ يۈرگەن بىرى بولغان بولسام ئەلۋەتتە بۇنداق خەتلەرنى ھەتتا ئوقۇمىغان بولاتتىم. بۇنى

تامامەن توغرا چۈشەنچە كېرەك. چۈنكى بىزنىڭ تالىپلىرىمىز دىنىي بىلىملەرنى سىستېمىلىق ئوقۇيالمىغان. قاچاق مەدرىسىلەردە، قاچاق ئوقۇغان، ئىنتايىن ئېغىر شارائىت ئاستىدا ئاز ۋاقىت ئىچىدىلا چالا ساۋات ياكى قۇرئان، ھەدىسلەرنى يامىداپ تەرجىمە قىلالىغۇدەك سەۋىيەدىلا ئوقۇشتىن مەھرۇم بولغان، ئۇيغۇرلۇق غۇرۇر، باش ئەگمەس ۋىجداننىڭ كۈچى بىلەنلا خىتايغا قارشى روھنىڭ تۈرتكىسىدە پارتىلاپ چىققان روھى ئىسيان ئۇلارنى «جىھاد، غازات » كوچىسىغا يېتەكلىگەن بولۇشى تالاشسىز.

سۆيۈملۈك پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ جىھاد، غازات ھەققىدىكى بۇيرۇقلىرىغا، قۇرئاننى كەرىمدىكى جىھاد ھەققىدىكى بۇيرۇق، تەشەببۇسلارغا قارىسىڭىز، قولىڭىزدىكى مەتىننى ئوقۇپلا دەرھال چۈشەنسىڭىز، دەل شۇ دەقىقىنىڭ ئۆزىدە جىھادقا ماڭمىسىڭىز بولمايدىغان دەرىجىدە ھېس قىلىسىز. ئەمما بۇيرۇق، ھۆكۈم ئۇنداق ئەمەس. ھەر بىر ئايەت، ھەدىسلەرنىڭ جەريانغا قاراپ، تارىخى ۋەزىيەت، كۈچ، ئىمكانىيەت، ئوبيېكتىپ شارائىت قاتارلىق ئۆزگىرىدىن سىرتقى ئامىل ۋە شۇنداقلا جىھادنىڭ ئالدىنقى شەرتلىرى تامامەن باشقىچە. مەسىلەن ئالايلۇق: سۆيۈملۈك پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جىھاد ھەققىدىكى مەزكۇر بۇيرۇقنى سۆزلىگەن ياكى ئىجرائاتقا چۈشۈرگەن چاغدا سۆيۈملۈك پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدرىسىنىڭ موللىسى ئەمەس ئىدى بەلكى ئۇرۇشنىڭ باش قۇماندانى ئىدى. ئۇنىڭ بۇيرىقىنى قوبۇل قىلىۋاتقان مۇجاھىد ساھابىلار مەدرىستە ئوقۇۋاتقان تالىپلار بولماستىن بەلكى ھەربىرى ئەينىۋاقىتتىكى ھىجاز ئەرەپلىرىنىڭ ئۇرۇش سەركەردىلىرى، جەڭدە يېڭىپ چىققان باتۇر، قەھرىمانلار ئىدى. يېڭىدىن سەپكە قېتىلىۋاتقان ، جىسمانى ۋە ئەقلى جەھەتتىن ئۇرۇش قىلىش قابىلىيىتى تولۇق ساھابىلار ئۇرۇش ئۈستىلىرىدىن جەڭ ماھارىتى ئۆگىنەتتى. ھەتتا سۆيۈملۈك پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام گەرچە ئۆزى ئۆز قولى بىلەن دۈشمەننى

ئۆلتۈرمىگەن بولسىمۇ لېكىن ئالدىنقى سەپكە بارغانلىرىدا بەزىدە دۈشمەننىڭ ھۇجۇملىرىدىن ئۆز ئۆزىنى قوغدايتتى، يېنىدا شۇنداق يالتىراپ تۇرغان قىلىچلىرى باتتى. ئۇ قىلىچلار ھازىر ئىستانبۇل توپ قافى سارايىدىكى مۇزېي خانىدا ساقلاقلىق! ھەر كىم كۆرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە.

ئۇنداق بولسا ئۆزۈمىزگە كېلەيلى. نېمىشكە بىزنىڭ تالىپلىرىمىز شۇ 80 ـ يىللىرىدىكى تېنچلىق شارائىتىدىن تولۇق پايدىلىنىپ ئاۋام خەلقىمىزنى دىنى جەھەتتىن، ئىجتىمائى ئەخلاق جەھەتتىن، مەنىۋى ، روھى جەھەتتىن خۇددى سۆيۈملۈك پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ « دەۋەت » دەۋرىدىكىدەك ئىلمى تەربىيە ئېلىپ بارمىدى؟ . بىزنىڭ تالىپلىرىمىز نېمىشكە جىھادنى ئۆزلىرىگە دەرھال پەرىز قىلىۋېلىشتى؟ ئۇلار نېمىشكە كوچا كويلاردا، مەسجىد، مەدرىسلەردە جىھاد، غازات توغرىسىدا تەرغىبات، تەشەببۇس ئېلىپ بېرىشتى؟ قوللىرىدا يىڭنە چاغلىق قورال يوق تۇرۇپ، شۇنچە كۈچلۈك دۈشمەنگە قارشى ئۇرۇش ئېلان قىلماقچى بولۇشتى؟ ــ ئەسلىدە ئۇيغۇر جەمئىيىتى يىلتىزىدىن قۇرۇتۇۋېتىلگەن پور كۆتەكتۇر. ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئۇلى تەمەلدىن بۇزىۋېتىلگەن يىقىلىش ھالىدىكى ۋەيرانە بىنادۇر! شۇڭا يىلتىزى قۇرۇتىۋېتىلگەن دەرەخ قانداقمۇ مىۋە بەرسۇن! ئۇلى ۋەيران بولغان بىنا قانداقمۇ جانغا ئەسقاتسۇن. يەنى 1950 ـ يىلدىن ــ 80 ـ يىلغىچە بۇ بىنا نىڭ ئۇلى قىزىۋېتىلگەن ئىدى. 80 ـ يىلدىن باشلاپ ئۈستىگە يۈكلەنگەن خام كېسەكلەر بىنانى كۆم تالقان قىلىۋەتتى. ئەسلىدە بىنانىڭ ئۈستىگە خام كېسەكلەرنى يۈكلىمەي، ئۇلىنى پۇختىلاش كېرەك ئىدى. ئوچۇقراق ئېيتسام ياشلارنى جىھادقا چاقىرماي، ئاۋام خەلقنى جىھادقا چاقىرماي، ئەقىللىق، جاسارەتلىك ياشلار دۈشمەننى بىخۇت قىلىشلىرى، پۇرسەتنى يەنىمۇ ئۈزارتىشلىرى، ئەجەل

سىرتمىقنى مىللەتنىڭ بوينىدىن بىر ئاز بولسىمۇ نېرىراق قىلىشلىرى كېرەك ئىدى.

ئاشۇ 80 ـ يىللىرىدىكى ياش تالىپلارنىڭ ئەڭ گۆدەكلىرىمۇ بۇگۈن قىرىقتىن هالقىدى. چوڭراقلىرى ئاتمىش ياشلارغا ئۇلاشتى. لېكىن بۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى خىتاينىڭ تۈزاقلىرىدا هالاك قىلىنىۋېتىلدى. يەنە نۇرغۇن بىر قىسمى تۈرمىدە چىرىپ كېتىۋاتىدۇ. قالغان قىسمى جەمئىيەتكە ئارىلىشىشتىن چەكلىنىپ، تۈرمە بىلەن ئۆيى ئارىسىدا كۈن كەچۈرمەكتە. شۇ چاغلاردىكى مەۋجۇت پىشقەدەم دىنى زاتلارنىڭ ھەممىسى ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلدى. ئەمدىلىكتە ئۇيغۇر جەمئىيىتى خىتاي ھۆكۈمىتى ئاتالمىش « دىنى مەكتەپلەر » دە بىر قوللۇق يېتىشتۈرۈۋاتقان رەسمى مۇنافىقلارنىڭ قولىغا قالدى. نەتىجە نېمە بولدى؟ « قوينى قاسساپ سويماي، ناۋاي سويسا » قانداق بولۇپ قالىدىكەن؟ « ئالتۇننى زەرگەر سوقماي تۆمۈرچى سوقسا » قانداق بولۇپ قالىدىكەن؟ ــ دۈشمەن ھېچقاچان رەھىم قىلمايدۇ. خىتايدىن ئىبارەت ئىنسانى تەبىئەتكە يات بۇ تائىپىلەر تېخىمۇ ۋەھشى. كۈچىمىز يەتكەن بولسا ئىدى بۇ ۋەھشى مىكروپلارغا ۋەھشىلەرچە تاقابىل تۇرغان بولساق، ئانىسىدىن تۇغۇلغىنىغا دات دېگۈزىۋەتكەن بولساق، سېپىلدىن ھالقىپ چىقىپ بىزنىڭ تۇپراقلارغا ئىپلاس ئاياقلىرىنى باسقىنىغا يەتمىش پۇشتىنى كۆزىگە كۆرسۈتۈپ ئەدەپلىۋەتكەن بولساق دەردىمىز چىقاتتى. بىراق بىزنىڭ كۈچىمىز يەتمەيدۇ. شۇڭا ئەقىلگە، ھىلە ــ مىكىر، تاكتىكىغا تايىنىشىمىز كېرەك ئىدى. ئەپسۇس بىزدە ئۇنچىلىك ئەقلى قابىلىيەت قالمىغان ئىكەن. ( « مىللەت ئۇرۇشتا ئەمەس سۈكۈتتە تۈگەيدۇ» دېيىلەر. « 5 ــ ئاپرىل »، « 5ـ فىۋرال » ، « 5 ــ ئىيۇل» دەپ يىگىرمە يىل ئىچىدە چوڭ ئۈچ قېتىم مىدىرلىغان باشلار كېسىلىپ تۈگىتىلدى. بىراق ئۇيغۇر جەمئىيىتى تۈپتەن ئۆز ماھىيىتىدىن چىقىرىپ تاشلاندى. ھازىر « ئۇيغۇرلار ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىپ بولدى»

يەي، « ئىجرا قىلىسىلا تۇگەپ كېتىمىز» يەي ! دەيدىغانلار ئارىمىزدا خېلە كۆپ. ھەتتا بۇ ھۆكۈمنى بەزىلىرى « قامۇس » لىرىغىمۇ كىرگۈزۈۋېلىشتى.)

ئەمدى ۋەتەن سىرتىدا بولغان ئىشلارغا قايتىدىن قاراپ باقايلى. 1997 ـ يىلى شەكىللەنگەن ئىككى لاگىرنىڭ ھەر ئىككىسىدىكى رەھبەرلەر ئۇرۇش ئەھلىمىدى؟ ئۇلارنىڭ ئۆگەنگەن بىلىملىرى، ئەمەلى كەسپلىرى ئۇرۇشقا ئائىت ماھارەتلەرمىدى؟ ـ ياق! ئۇلار ھەتتا سىياسى ساھەدىمۇ بىلىم ئىگىلەپ باققان كىشىلەر ئەمەس ئىدى. « ئىسلام جامائېتى » لاگىرىدىكىلەر يوقۇرىدا بايان قىلىنغان تالىپلاردىن ھايات قېلىپ، چەتكە چىقىپ كەتكەن ۋە چىقىرىۋېتىلگەنلەر ئىدى. « شەرقى تۈركىستان ئازاتلىق تەشكىلاتى » لاگىرىدىكىلەرنىڭ كۆپۈنچىسى مەزكۇر تالىپلاردىن بولۇپ، رەھبەرلىك ( قوماندانلار، داھىلار) قاتلىمىدىكى ئاز ساندىكىلەر « زىيالى» دەپ ئاتىلىدىغانلار ئىدى. بىر تەرەپ يېزىش قابىلىيىتىگە ئىگە « زىيالى» لار، يەنە بىر تەرەپ سۆزلەش، نۇتۇق قابىلىيىتىگە ئىگە تالىپلار بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسىنى يىغىنچاقلىغاندا قايىنام تاشقىنلىق جەڭ باشلانسا ئاۋام خەلقتىن پەيدائىلارنى سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرۈدىغان ۋەزىپىلەر، يازارمەنلەر بولۇشقىلا مۇناسىپ كىشىلەر ئىدى. ئەمما ۋەتەن سىرتىدا ئەمەس بەلكى ۋەتەن ئىچىدە ، 88 ـ 98- يىللىرى ئەمەس بەلكى 1940 ـ يىللىرى شۇنداق ۋەزىپىنى ئۆتىسە بولاتتى. لېكىن بۇلار نە ئۆز كەسپلىرىگە، نە ماكانغا، نە زامانغا مۇناسىپ كېلەلمىگەن ئەرباپلار بولۇپ قېلىشتى. بۇلارنىڭ ھېچ بىرىنىڭ ئۇيغۇر مىللى سىياسىتىدىن، ئۇيغۇر ـ خىتاي مۇناسىۋەتلىرىدىن، دۇنيا سىياسەتلىرىدىن، دۆلەتلەر مۇناسىۋەتلىرىدىن، دېپلوماتىيەدىن كەسپى جەھەتتە ئەسلا ۋە قىلچىمۇ خەۋىرى بولمىغان، تۆمۈر خەلپىنىڭ دەۋرىدىن تېخى ھالقىپ بولالمىغان كىشىلەر ئىدى. ھەربى ئىشلىرى ۋە ئۇرۇش ھەققىدە ھېچ نەرسىنى بىلمەيتتى ـ دېسەك،

ـ نېمە دەيسەن ھوي، ئۇلار تاغ ـ دالالاردا مىلتىق ئېتىشنى مەشىق قىلدىغۇ ـ دېيىشى تۇرغانلا گەپ.

# 12

ئادەم بالىسى ياش قورامىغا يېتىپ، ئەقىل ئىقتىدارىغا تولۇپ ئۆز ئالدىغا پۈتۈن بىر ئادەم ئىكەنلىكىنى ئىپادىلىگۈدەك بولغىچە ئارلىقتا سەبىيلىك، ئۆسمۈرلۈك، گۆدەكلىك ۋە ياشلىقتىن ئىبارەت بىر قانچە مۇساپىنى بېسىپ ئۆتۈدۇ. خۇددى شۇنىڭدەك ئىجتىمائى جەمئىيەتمۇ بىر تۈزۈمدىن يەنە بىر تۈزۈمگە، بىر سېستىمدىن يەنە بىر سېستىمگە ئۆتۈش ئۈچۈن باشلىنىش، يېتەكلىنىش، قوبۇل قىلىش، تاللاش، مۇكەممەللىشىش باسقۇچلىرىنى بېسىپ ئۆتكەندىن كېيىن ئىنكاس قايتۇرۇش ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇدۇ. مەيلى ئەقلى جەھەتتىن بولسۇن ياكى جىسمانى جەھەتتىن بولسۇن چوڭلارغا قويۇلىدىغان تەلەپ ئۆسمۈرلەرگە ئويغۇن كەلمىگىنىدەك مۇكەممەل بىر جەمئىيەتنىكى ئارتۇقچىلىقنى يېڭىدىن يېتىلىۋاتقان بىر جەمئىيەتتىن تەلەپ قىلغاندا ئىشنىڭ ئاقىۋېتىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ بېشىغا كېلىۋاتقان بالايى ئاپەتلەردەك تۈگىمەس قىيامەت كېلىپ چىقىدۇ. بىز ئۆزۈمىزنى شۇنچىلىك بەزلەپ، ئالداپ كەلدۇقكى، ئۆيىدىكى ئوچاققا ئوتنى ئەپلەپ ياقالماي ئۆز قولى بىلەن ئۆينى كۆيدۈرۈۋېتىپ تارشا ياسىغان ئۇستىدىن يامانلىغان ناداندەك، بارلىق جاۋاپكارلىقنى پەقەت دۈشمەندىن ئىزدىدۇق. دۈشمەن شۇنداق رەھىمسىز، شەپقەتسىز، ۋاپاسىز، ئادىمگەرچىلىكنى تونىمايدىغان، قاتتىق قول بولۇدۇ. ئۇ قارشىسىدىكى رەقىپىنىڭ ئاجىز، بىچارە، نامرات، قېرى ـ ياش، ئەر ـ ئايال، نارسىدە بولۇشىدىن قەتئىنەزەر ئۆزى كۆزلىگەن نىشانغا يېتىش ئۈچۈن ۋاستە تاللىماستىن ھەرقانداق

چارە ـ تەدبىرنى، جازانىڭ ھەرقانداق تۈرنى ئىشقا سالىدۇ. بولمىسا ئۇنىڭ نامى نېمىشكە دۈشمەن بولۇپ قالاتتى! دۈشمەن قارشىسىدىكى رەقىبىنىڭ كۈچ تېپىۋېلىشىغا، كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۆزىگە مۈشت ئېتىشىغا پۇرسەت يارىتىپ بەرمەيدۇ. دۈشمەننىڭ « پۇرسەت » بەرگەنلىكى تېخىمۇ چوڭ شۇملۇقنىڭ، تېخىمۇ خەتەرلىك ئاقىۋەتلەرنىڭ باشلىنىشىدۇر.

خىتاي شۇنداق قاتتىق قوللۇق قىلىدىكى، ئاغىزىدا « جىھاد » ـ دەپ سۆزلىسىمۇ ئەمەلىيەتتە جىھاد قىلغۇدەك مىلتىقى بولمىغان تالىپلارنى « تېرورىست، رادىكال دىنچى، مىللىي بۆلگۈنچى » دېگەندەك، تالىپلار ھاياتىدا ئاڭلاپمۇ باقمىغان جىنايەتلەرنى پېشانىسىگە يېزىپ شۇنچىلىك ئېغىر جازالىدى. نۇرغۇنلىرىنى خۇددى قۇشقاچنى ئېتىپ ئوينىغاندەك ئېتىۋەتتى. ئۆلۈمدىن ئېشىپ قالغان ئاز بىرقىسمىنى يوقىلاڭ بانا سەۋەپلەر بىلەن قەرەللىك تۈرمىگە قاماپ، ئۇرۇپ قىيناپ، ئادەم بالىسى بولۇپ قالغانغا مىڭ پەريات چەككۈزدى. باش ئېگىپ بىر ئاز كۈن كۆرۈش ئارزۇسى بارلىقىنى ئىپادىلىگەنلىرىنى تۈرمىدىن قويۇپ بېرىپ، يەنە بىر قانال ئارقىلىق « مەسىلە پاش قىلغانلىقى ئۈچۈن قويۇپ بېرىلىپتۇ » ئېغۋاسىنى تارقىتىپ، جەمئىيەتتە بېشىنى كۆتۈرۈپ يۈرگۈسىز قىلىۋەتتى. خورلۇققا چىدىيالمىغان نۇرغۇنلىغان تۆھمەت قۇربانلىرى خىتاي ئارمىيەلىرىنىڭ « ئەتكەسچىلىرى » دىن ئوق ـ دورا سېتىۋېلىپ ئاچچىقىنى چىقىرىۋالغان بولۇشتى ۋە ئەڭ ۋەھشى جازاغا تارتىلىپ ھالاك قىلىندى. غەزەپ نەپرەتكە تولۇپ تاشقان « خەپ خىتاي » دەپ پۇرسەتكە ئىنتىلگەن تېخىمۇ ئاز بىر قىسىم تالىپلارغا خىتاي راستىنلا « پۇرسەت » بەردى. ئالدىنقى باپلاردا تىلغا ئېلىنغاندەك، « ياخشى» لارنىڭ «ياردىمى » ئارقىلىق ساختا پاسپورتلار بىلەن چېگرادىن چىقىرىۋېتىلدى ۋە چىقىپ كېتىش يوچۇقى ئېچىۋېتىلدى. بۇ ھال خۇددى ئېچىرقاپ كەتكەن يولۋاسنىڭ ئۆڭكۈردىن چىقىشى ئىدى. بىراق

ئۆڭكۈردىن ئەركىن يايلاقلارغا، كەڭ ۋادىلارغا چىققان بولسىغۇ كاشكى ئۆز ئىرادىسى بىلەن ئەركىن هاياتىنىڭ تەمىنى تېتىغان بولاتتى. لېكىن ئۆڭكۈردىن چىقىپ تۈزاققا دەسسىدى. تۈزاققا دەسسىۋېلىشقانلىقلىرىنى باش سەركەردىلىرىدىن باشقا هېچكىم سەزمەيتتى.

گەپنى بىر ئاز كېڭەيتىپ بايان قىلىش مۇشۇ نوقتىدا ئارتۇق بولۇپ كەتمىسە كېرەك. 1995 ـ يىل فىۋرال ئېيىدىن باشلاپ ئىنتايىن تېز غەلبە قىلىپ، ئىككى ئاي ئىچىدىلا ئافغانىستاننىڭ بەشتەن ئۈچ قىسىم تۇپراقلىرىنى ئىگەللىگەن تالىبانلار سەپنىڭ ئالدىدا كۆرۈنگىنى بىلەن ئۇرۇش ئەسلىدە بىنلادەن ئەپەندىنىڭ قوماندانلىقىدا ئىدى. بىنلادەن بولسا ئەينى ۋاقىتتىكى سوۋېيېت ـ ئافغان ئۇرۇشىدا ئەرەپ مۇجاهىدلىرىنى، ئەرەپ ئىقتىسادى ئىئانىسىنى بۇ ئۇرۇشقا مەركەزلەشتۈرۈش مۇناسىۋىتىدە غەرپ كۈچلىرى بىلەن يوشۇرۇن هەمكارلاشقان، شۇنداقلا ئامېرىكا ئىستىخباراتىدا يوقۇرى تەربىيە كۆرگەن بىردىن بىر مۇهىم شەخس ئىدى. 1988 ـ يىلى سوۋېيېت ئارمىيەسى ئافغانىستاندىن تولۇق چېكىنىشكە باشلىغاندىن كېيىن بىنلادەن ئەپەندى ئۆزىنىڭ سىياسى هەمكارچىسى ياكى سىياسى ئەمىرى بولغان غەرپتىن يۈز ئۆرۈپ يوشۇرنۇشقا تىرىشتى. ئافغانىستاندىكى مۇستەقىل يېڭى هۆكۈمەت قاتلىمىدا يۈزبەرگەن يوشۇرۇن مىللى مەسىلە تۈپەيلى گۈلبىددىن هېكمەتيار، مۇهاممەد راببانى، ئاخمەد شاھ قاتارلىق ئەينى ۋاقىتتىكى ئۇرۇش قوماندانلىرىنىڭ ئارىسىدا چوڭ نىزا كېلىپ چىقىپ، ئافغانىستان ئىچكى ئۇرۇش پاتقىقىغا پاتتى. بۇ ۋەزىيەت بىنلادەن ئەپەندىنىڭ خىزمەت سىستاجىنى يەنە ئۈزارتىشقا سەۋەپ بولدى. ئالتە يىلغا يېقىن داۋاملاشقان ئافغان ئىچكى ئۇرۇشىدا يوقۇرىدا تىلغا ئېلىنغان مەشهۇر قوماندانلار هالسىراپ قېلىشتى. پۇرسەتنى غەنىمەت بىلگەن بىنلادەن ئەپەندى ئافغانىستاندا ئۆزۈگە مۇداپىئەلىنىش قورغانى قۇرۇش ئىستىكى بويىچە پۈتۈنلەي دىنى تۈس ئالغان ياكى ئەرەپچە تۈس

ئالغان تالىبان ھەرىكىتىنى تەشكىللىدى. بۇ كۈچنىڭ ئارقىسىدا ئەينى ۋاقىتتىكى سوۋېيت ئارمىيەسىنى ھالسىراتقان ئىسلام ئەللىرىنىڭ ماددى ياردىمى، ئادەم ــ « مۇجاھىد » كۈچى بولغاچقا ئۇرۇش شۇنچىلىك تېز غەلىبە قازاندى. « شىمالى ئىتتىپاق » دەپ ئاتالغان مازارىستان ئۆزبەك مىللى رايونىدىن باشقا پۈتۈن ئافغانىستان تالىبانلارنىڭ قولىغا ئۆتكەندىن كېيىن ئافغانىستاندا « تالىبان دۆلىتى » قۇرۇلدى. بۇ دۆلەت يەردە يىلتىزى يوق، ئاسماندا يۇلتۇزى يوق شۇنداق بىر غېرىپ قورغان بولۇپ شەكىللەندى. سەئۇدى ئەرەبىستاندىن باشقا دۆلەتلەر تالىبان دۆلىتى بىلەن دىپلوماتىيە ئورناتمىدى ۋە دۆلەت سۈپىتىدە ئېتىراپ قىلمىدى. بۇ دۆلەتنىڭ لاھىيەلىگۈچىسى ۋە روھانى داھىسى بولغان بىنلادەن ئەپەندىنىڭ ئالدىدا بۇرۇنقى ئەمىرلىرى دائىم خىرىس قىلىپ تۇراتتى. ئۇلار بىر كۈنى بولمىسا بىر كۈنى بۇ قورغانغا ئۇسۇپ كىرىدىغانلىقى بىنلادەن ئەپەندىگە ئايان بولغاچقا ئۇ « دائىم مۇداپىئەدە تۇرۇۋېرىش ــ چېكىنىشنىڭ باشلىنىشى » دەپ قارىدى ۋە قول ئاستىدىكى قورچاق دۆلەتنى بازا قىلغان ھالدا ئۇرۇش دائىرىسىنى پۈتۈن ئوتتۇر ئاسيا ئەللىرىگە يېيىشنى پىلانلىدى. دەسلەپكى قەدەمدە تاجىكىستان دىنى شەكىل بىلەن ھوقۇق ماجراسىغا كىرىپ ئىچكى ئۇرۇش بوسۇغىسىغا قەدەم باستى. تاجىكىستان دۆلىتى ئۆزىنىڭ كۈچى يەتمەيدىغانلىقىنى تونۇپ يەتكەندىن كېيىن بۇ تۇپراقتا رۇس دۆلەت ئارمىيەسىنىڭ كىرىشىنى، تاجىكىستاننى قوغدىشىنى تەلەپ قىلدى. تاجىكىستاندىكى ئىچكى ماجرا رۇس ئارمىيەسىنىڭ مۇداخىلىسى بىلەن تىنجىغاندىن كېيىنلا بىنلادەن ئەپەندىنىڭ ئەرەپ جىھادچىلىرى قازاقىستان، قىرغىزستانلارغا « جىھاد » ئوتى يېقىشنى پىلانلاپ، كۆپ ئىرىشچانلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، بۇ تۇپراقلاردىكى قازاق، قىرغىز ئەللىرى دىنغا دىگەندەك يېپىشمايدىغان، بەدىۋى بىر خەلقتەك تۈيغۇ بېرىشى ئەرەپ جىھادچىلىرىنى ئۈمۈتسىزلەندۇردى. ئەگەر بۇ ئەلدە جىھاد

قوزغالمىسا سالغان مەبلەغ بوشقا كېتىدىغان گەپ. تاجىكىستاندىكى ۋەزىيەتنىڭ بۇ دۆلەتلەرگىمۇ كېڭىيىشىنىڭ ئالدىنى ئالماقچى بولغان رۇس دۆلەت باشلىقى يېلتسىن، قازاقىستان دۆلەت رەئىسى نازاربايېۋ، قىرغىزىستان دۆلەت رەئىسى ئاقايېۋ ۋە تاجىكىستان دۆلەت رەئىسى راھمانوپ 1995ـ يىل 14 دېكابىر 4 دۆلەتنىڭ ئارمىيە پۈتۈنلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، تۇپراق پۈتۈنلۈكىنى بىرلىكتە قوغداش، كېيىنچە پۈل بىرلىكىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش .. قاتارلىق مەسىلىلەردە مۇھىم شەرتنامىلەرگە ئىمزا قويۇشتى. تاجىكىستاندىكى ئىچكى ئۇرۇش سىياسى سۆھبەت ئۈستىلىدە ھەل قىلىنىش لايھەسى بىلەن 1996 ـ يىل يىل ئاخىرغىچە بىر تەرەپ بولۇپ ئۇرۇش بېسىققان بولدى. نۆۋەتتە بىنلادەن ئەپەندىنىڭ ئەرەپ جىھادچىلىرى ئۆزبەكىستاننىڭ ئافغانىستان ۋە تاجىكىستان ھۆدۈتلىرىغا چېگراداش رايونلىرىغا سىڭىپ كىرىشكە باشلىدى. ئۆزبەكىستان ھۆدۈدىغا سىڭىپ كىرىۋاتقان بۇ « ئەرەپ جىھادچى » لىقى گەرچە چوڭ بىر كۆتۈرلۈشكە يېتەلمىسىمۇ لېكىن دۆلەت تۈزۈمىدىكى مۇستەقىل بولغاندىن كېيىن 1996 ـ يىلنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگىچە بولغان ئارلىقتىكى دېموكراتىك، مۆتىدىل ۋەزىيەت تامامەن ئۆزگىرىپ، قاتتىق قول، دېكتاتۇرلۇققا يۈزلىنىشكە ئېلىپ كەلدى.

ئەسلىدە يەتمىش يىل دىنسىزلاشتۇرۇلغان بۇ خەلق ئىمان، ئىسلام تەربىيەسىگە، ئىنسانى ئەخلاققا ئېھتىياجلىق ئىدى. ئۇلار نېمىشكە جىھادقا سۆرەپ كىرىلمەكچى بولۇپ قېلىنغان ئىدى؟ ـ بىنلادەن ئەپەندىنىڭ خەلىپە بولۇش، شۇ يولدا ئافغانىستان ۋە ئوتتۇر ئاسىيانى ئۇرۇش بازىسى قىلىپ قورغان شەكىللەندۈرۈش ۋە ئاخىرىدا غەرپ تەسىرىنىڭ شەرققە كېڭىيىشىنى تۇساپ، ئوتتۇر شەرقنىڭ تەسىر دائىرسىنى كېڭەيتىپ، ئوتتۇر ئاسىياغىچە پۈتۈنلۈك قۇرۇپ چىقىش غايىسىدىن باشلانغان. بۇ ئېقىمدىكى ئەرەپ جىھادچىلىرىنىڭ جىھاد

نەزەرىيەسىدە ــ « دۇنيادا ھېچقانداق بىر ئىسلام دۆلىتى يوق. دۆلەتلا قۇرۇلىدىكەن ئۇ جەزمەنكى غەيرى مۇسۇلمان بولغان كاپىر دۆلەتلىرىنىڭ نۇرغۇن شەرتلىرىنى قوبۇل قىلىشى كېرەك. بۇ ئەلۋەتتە ئاللاھنىڭ ئىلاھى ھۆكمىگە خىلاپتۇر. شۇڭا ھاكىمىيەت مۇتلەق ئاللاھغا خاستۇر. ھەقىقى مۇسۇلمان ئاللاھنىڭ ئەسكىرىدۇر. ئاللاھنىڭ ھۆكمىنى جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن كاپىرلارنى، كاپىرلارنىڭ يالاقچىلىقىنى قىلىۋاتقان نامى مۇسۇلمان بولغان ھەرقانداق كىشىنى جىھاد ئارقىلىق ئۆلۈم ئارقىلىق جازالاندۇرۇش لازىم. بۇ يولدا ئۆلتۈرۈش جىھادتۇر، ئۆلۈش شاھادەتتۇر! » قاتارلىق شۇئارلار قېلىپلاشتۇرۇلغان.

بىزنىڭ ئۆڭكۈردىن چىقىرىۋېتىلگەن «يولۋاس» لىرىمىز نىڭ بارىدىغان يېرى دەل يوقۇرقى قورغان ئىكەنلىكىنى ختاي ئىنتايىن ياخشى بىلەتتى. دەرۋەقە ئۇلار چەتكە چىقىپ قىسقىلا مەزگىل ئىچىدە ئەرەپ جىھادچىلىرىغا تۇتقۇن بولۇشتى. ئۇيغۇر « مۇجاھىد » لىرىنىڭ ئەرەپ جىھادچىلىرى بىلەن مۇناسىۋەت قۇرۇشى ختاي ئۈچۈن زىيانلىقمىدى ، ئۇيغۇرلار ئۈچۈن پايدىلىقمىدى؟ ــ بۇ سوئالنىڭ جاۋابى شۇنچىلىك ئاددى. ئەگەر ختاي ئۈچۈن زىيانلىق ۋەزىيەت شەكىللىنىش ئېھتىماللىقى مىڭدە بىر كۆرۈلگەن تەقدىردە ئۇلارنىڭ ئەرەپ جىھادچىلىرى بىلەن ئۇچرۇشۇش ئىمكانىيىتى ختاي تەرىپىدىن قامال قىلىنغان بولاتتى. ئەگەر ئۇيغۇر ئۈچۈن پايدىلىق ھادىسە بولىدىغان بولسا ئۇلار ئاسمانغا قارىتىپ تاتاتاتاتات ئاتقان ھەربىر ئوققا پۇل تۆلىيەلىگۇدەك بولسىمۇ ئۆزلىرىدە كۈچ بولغان بولاتتى! يەنى بىزنىڭ « مۇجاھىد» لىرىمىز ئەرەپ جىھادچىلىرىنىڭ مىلتىقىنى قوللىناتتى. ئۇلار بەرگەن ساناقلىق ئوقنى ئاسمانغا ئېتىپ ئىچ پۇشىقىنى چىقىرىشاتتى. ئۇلار ئۇرۇش نىشانىنى ئۆزلىرى بەلگىلەش ھوقۇقىغا ئىگە ئەمەس ئىدى. ئۇلارغا ئىسسىق كەپىلەرنى تەييارلاپ قويغان، نان بەرگەن، ئېتىپ ئوينايدىغان مىلتىق بەرگەن ئەرەپ جىھادچىلىرى ھەممىنى بەلگىلەيتتى. تالىبان

سېپىدە «شىمالى ئىتتىپاق » ئارمىيەسىگە قارشى ئۇرۇشقا چىقىپ هايات ئەسىرگە چۈشكەن ۋە ئۆزبەك تۇرمىسىدە سۇدا بۇغۇلۇپ ئۆلتۈرۈلگەن ھەربىر ئۇيغۇر يىگىتلىرىنىڭ ئۆلۈمى ئۇلارنىڭ تامامەن تۇتقۇن ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ تۇرىدىغان دەسلەپكى دەلىل ئىدى. ئەرەپ جىھادچىلىرى بولسا ئۆزلىرىگە ئىگىسىز، سورىقى يوق، چۆلدە قالغان پادىدەك مىڭلىغان پىدائىلارنى يوللاپ بەرگەن خىتايغا قارشى ئۇرۇش نىشانى بەلگۈلەپ بېرەتتىمۇ! بۇ ئەھۋالنى « مۇجاھىد » بېشى تولۇق بىلەتتى. ئەمما بىلگەن چېغىدا بارىدىغان، كېلىدىغان يوللىرى پۈتۈنلەي كېسىۋېتىلگەن ئىدى...... ئىچكى دۈشمەنلىك پاتقىقىغا پېتىپ قالغان ئىدى. ئۇلارنىڭ ئۆز ئالدىغا ئۇرۇش نىشانى بەلگۈلەش ھوقۇقىنىڭ يوقلىقىنى ھەتتا « داڭلىق سەركەردىنىڭ بىرى » دەپ ئاتىلىدىغان ئىسمائىل ھاجىمۇ بىلمەيتتى. بىلمىگەنلىكى ئۈچۈن تۇتقۇن بولۇشتىن بىر قانچە ھەپتە ئىلگىرى باش سەركە بىلەن مۇشۇ ھەقتە ئېغىر نىزالىشىپ قالغان. ئىسمائىل ھاجى ـ قولىمىزدا مىڭلىغان مۇجاھىدلار تۇرسا، خىتاي بىرىنچى نومۇرلۇق كاپىر تۇرسا، بىز ئۇرۇشنى خىتايغا قاراتماي نېمىشكە باشقىلارنىڭ ئىشىنى قىلىمىز؟ ـ دەپ، قاتتىق ئىتىراز بىلدۈرگەن. لېكىن باش سەركە ـ مۇجاھىدلىق بۇرچىمىزدىن باشقا يولىمىز يوق ـ دەپ، گەپنى ئۈزگەن. دېمىسىمۇ بىنلادەن ئەپەندى ئۆزىنىڭ ئامېرىكىغا قارشى تۇرۇشتىكى سىياسى ئىتتىپاقدېشى بولغان خىتايغا قانداقمۇ ئۇرۇش بەلگىلىسۇن!

ئەرەپ جىھادچىلىرىنىڭ نەزىرىدە خىتاي كاپىر بولغان بىلەن ئۇلارنىڭ دۈشمىنى ئەمەس. غەرپلىك دىندار بولغان بىلەن ئۇلارنىڭ دۈشمىنى! دىن نوقتىسىدىن ئالغاندا خىتاي بىرىنچى نومۇرلۇق كاپىر. مىللى مەنپەئەت، ئەرەپ مەنپەئەتى نوقتىسىدىن ئالغاندا غەرپلىك بىرىنچى نومۇرلۇق دۈشمەن. مانا بۇ قاراش ئەرەپ جىھادچىلىرىنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان پۈتۈن پاكىستان ۋە جەنۇبى ئاسىيا

ئەللىرىدىكى بارلىق جىھادچىلارنىڭ ئورتاق قارىشىدۇر. بۇ نوقتىنى بىزنىڭ « مۇجاھىد » لىرىمىز ھالەن پەرق ئەتكىنى يوق! گەپ قىلسا قۇرئان ھەدىس ئوقۇۋاتقاندەك تاۋۇش چىقىرىدىغان ئەرەپ جىھادچىلىرىنىڭ ھەربىر نۇتۇقلىرى ئۇلارنى باشتىلا روھى جەھەتتىن ئەسىر ئالغان. بىر كۈنى پەيت كەلگەندە خىتايغا قارشى جىھاد باشلايمىز ـ دەپ كۈتۈپ، نۇرغۇنلىغان يىگىتلەرنىڭ بېشى ۋېزىرىستان چۆللۈكلىرىدە قالدى. تىرىكلىرىنىڭ چاچ ساقاللىرى ئۆسۈپ بەلگە چۈشتى. لېكىن خىتايغا قارشى جىھاد بۇيرىقىدىن ئەسلا زۇۋان سۈرۈلمىدى. ئەكسىچە « مۇجاھىد » لار سەركىسى بولغان ھەسەن مەخسۇمنى پاكىستان دۆلەت ئارمىيەسى 2003 ـ يىلى 2 ـ ئۆكتەبىر ئېتىپ ئۆلتۈردى. مەرھۇم مۇشۇ لاگىرنى تەشكىللەپ قاق ئالتە يىل كۈتكەن ئىدى. نۇرغۇنلىغان « مۇجاھىد » لىرىمىز ئىسراپ قىلىۋېتىلگەن ئىدى. ئەپسۇس بىنلادەن ئەپەندى خىتايغا قارىتىلغان ستراتېگىيەسىنى ئۆزگەرتمىدى. ئەسلىدە ستراتېگىيە دېگەن ئۇنداق تېز ئۆزگۈرۈپ تۇرىدىغان نەرسىمۇ ئەمەس. بەلكى ئۇزۇنغا سوزۇلغان ياكى مەڭگۈلۈك مۇناسىۋەتتۇر.

گەپنى مەقسەتكە يېقىنلاشتۇرساق، خىتاي بېشىمىزغا تېخىمۇ ئېغىر پالاكەت ياغدۇرۇش ھىلىسىنى ئىشلىتىپ « پۇرسەت » بېرىش ئارقىلىق شۇ قەدەر چوڭ تۇزاققا دەسسەتتى. بىر پاي ئوقنى ئۈز مەيلىچە ئاتقۇدەك ھوقۇق، ئىمكانىيەتكە ئىگە بولمىغان، پەقەت ئەرەپ جىھادچىلىرىنىڭ قۇربانلىرى بولۇپ كەتكەن سەرسان يىگىتلىرىمىزنىڭ نامى « خەلقئارا ئىسلام تېرورىستلىرى » كاتىگورىيەسىدىن ئورۇن ئالدى. ئۇلاردا ئۆسۈپ كەتكەن ساقال بىلەن چاچتىن باشقا نېمە باتتى؟

مەن بىر زامانلاردا « مۇجاھىد» بولغان بىر يىگىت بىلەن قىسقىلا پاراڭلىشىپ قالغان ئىدىم : بىز ئۇيغۇرلار زادىلا ئىتتىپاق بولالمايدىغان خەقكەنمىز. ئەگەر مۇجاھىدلاردەك شۇنداق كۈچلۈك ئىمان بىزدە بولغان بولسا ئاللاھ بىزگىمۇ نۇسرەت بېرەتتى. ۋەتىنىمىزنى ئاللىبۇرۇن ئازات قىلغان بولاتتۇق......مەن ئۇنىڭدىن ئاددىلا سورۇدۇم ــ مەسىلەن قانداق شەكىلدە ئىتتىپاق بولساق؟ ــ قانداق بولاتتى، ھەممىمىز نىيىتىمىزنى بىر قىلىپ، ھەسەن مەخسۇمنىڭ سېپىگە قېتىلغان بولساق، ئاشۇ كەڭ دالادا جىھاد قىلىشنى ئۆگۈنۈپ قولىمىزغا قورال ئېلىپ چىگرادىن ئۆتسەكلا ۋەتەن بىزنىڭ بولاتتى. ــ ھەسەن مەخسۇمنىڭ ئۆز ئالدىغا كەڭ دالاسى بارمىكەن؟ ــ نېمە دەيدىغانسىز، كەڭ دالا، تاغلار ئاللاھنىڭ، ئۇ يەر مۇجاھىدلارغا مەنسۇپ. ــ ئۇنداقتا ھەسەن مەخسۇمنىڭ قورال سېتىپ ئالغۇدەك پۇلى بارمىكەن؟ ــ شۇمۇ گەپ بولدىمۇ ئەمدى! مۇجاھىدلارنىڭ قولىدىكى ھەممە نەرسە ئاللاھ يولىدا ۋەقفە قىلىنغان. ئىشلىتىش ھوقۇقى ئورتاق...... ئۇ چاغلار ھەسەن مەخسۇملارنىڭ داڭقى تازا كۆتۈرۈلۈۋاتقان يىللار ئىدى. ساددا يىگىتلەر شۇنداق ئەقىدىدە ئىكەن. تاغ، دالالار ئاللاھنىڭ، مۇجاھىدلار ئاللاھنىڭ قوشۇنى، ئۇنداق بولغانىكىن ئۇيغۇر مۇجاھىدلىرىمۇ بۇ تاغ، دالالارنى ئىشلىتىش ھوقۇقتا شېرىك، قورالمۇ ، ئاللاھ بەرگەن جانمۇ ۋەقفە قىلىۋېتىلگەن، قايسى دالادا ئۇرۇش بولۇپ قالسا ۋەقفە قىلىنغان قوراللار، جانلار شۇ دالاغا يوللىنىدىكەن. ــ ئەرەپ جىھادچىلىرى ئىگىسى يوق ئۇيغۇرنى شۇنچىلىك ئوينىدى. ئۇيغۇر يىگىتلىرىنىڭ ئاللاھقا بولغان ساداقەتلىرىدىن شۇنچىلىك پايدىلاندى. ھازىرغىچە ناتو ئارمىيەلىرى ئاتقان ھەر بىر مىنامىيوت ئوقىنىڭ ئاستىدىن بىر قانچە « ئۇيغۇر » ماركىلىق جەسەتلەر چىقىدۇ. بۇ ئەھۋالدىن خىتاي ئىنتايىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، خەلقئارا سىياسى مەيداندا ئۇيغۇرنىڭ « تېرور يۈزى » نى كۆرسۈتۈشتە قىممەتلىك دەسمىگە ئىگە بولماقتا.

ئاللاھ يولىدا « مۇجاھىد » بولۇش ئۇچۇنمۇ دەسسەپ تۇرالىغۇدەك ئۆزۈنىڭ تاغ، تۇراسى، دالا، ۋادىلىرى بولۇشى شەرت! ياكى باشقىلارنىڭ، ئاجىزراقلارنىڭ تاغ، تۇرالىرىنى ئىجارىگە ئېلىپ ئىشلىتەلىگۈدەك مەبلىغى بولۇش كېرەك. ھېچنېمىدىن ھېچنېمە يوق، ئىككى قولىڭىزنى بۇرنىڭىزغا تىقىپ، ئىشتاننىڭ ئېغىغا مىنىپ، باشقىلار قان بەدىلى ئۆتەپ تەييارلاپ قويغان جىھاد خانىغا ئۇدۇللا بېرىپ قالسىڭىز، ئۇچاغىدا سىزنىڭ نامىڭىز مۇجاھىد ئەمەس بەلكى « ۋەقفە!» بولۇپ قالىدۇ.

ئەسىرگە چۈشۈپ قالغان ئۇيغۇر يىگىتلىرىنى «شىمالى ئىتتىپاق» تۈرمىسىدە ئۆزبەكلەر سۇغا بېسىپ ئۆلتۈرۈپتۇ، باشقا تۇتقۇنلاردىن قان پۇلى ئېلىپ قويۇپ بېرىپتۇ. ئۆزبەك ھايۋانلار بىزگە نېمىشكە شۇنداق دۈشمەنلىك قىلىدۇ؟ ـ دەپ ۋايساپ كەتكەن ئىدۇق. مازارستان ئۆزبەكلىرى تالىبانلارنىڭ ۋەھشى زۇلمىغا قارشى جەڭ قىلىۋاتقان تېرتۆرىيەگە سەللانى تەتۈر ئوراپ، ئۆزۈن خالتا كۆينەك كېيىپ باستۇرۇپ كېلىۋاتقانلار سېپىدە ئۇيغۇر قېرىندېشىنى كۆرگەنلىرىدە خەپ ھايۋان ئۇيغۇر! تالىبانلارغۇ بىزنىڭ مىللى دۈشمىنىمىز، سەن قېرىنداش تۇرۇپ بىزگە قارشى باستۇرۇپ كېلىۋاتامسەن. تىرىك قولغا چۈشۈپ قالما جەلەپ ـ دېمەي ـزە، ئاخۇنەكە، بەتتە پولو يەيسىزمى! پىستە بودەم چوقەسىزمى! كۆك چاي ئىچەسىزمى ـ دېسە بولاتتىما! ئۆز قولى بىلەن ئۆيىگە ئوت قويىۋېتىپ تارشا ياسىغان ئۇستىدىن يامانلايدىغانلار زادى كىمكىنە!

# 13

بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەلەر توغرىسىدا كۆپچۈلۈكنى خەۋەردار قىلماسلىق ئەسلىدە خىيانەتنىڭ بىر تۈردۇر. شۇنىڭدەك ئۆتكەن ھادىسىلەرنى توغرا بايان قىلماسلىقمۇ خىيانەتنىڭ بىر تۈردۇر. « تارىخ » ــ دەپ، يەككە تۇرمۇشقا ئالاقىدار ئىش ھەرىكەتلەردىن ھالقىغان، مىللەتنىڭ، ئومۇمنىڭ مەسىلىسى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك، دەۋر خارەكتېرلىق تۈس ئالغان ھادىسىلەرگە ئېيتىلىدۇ. تارىخى ۋەقەلەرنى يېزىپ خاتىرە قالدۇرۇش ۋە ئوقۇش ئۆتمۈشنى ئەسلەش ئۈچۈنلا ئەمەس بەلكى مۇۋەپپىقىيەتسىزلىكلەردىن، خاتالىقلاردىن ئىبرەتلىنىپ، بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىش، ھەرىكەتلەردە ئۇتتۇقنى قولغا كەلتۈرۈش ۋە خاتالىقنى قەتئى سادىر قىلماسلىق ئۈچۈندۇر. بىراق نېمىشكىدۇر بىزنىڭ تارىخ قارىشىمىز، تارىخ چۈشەنچىمىز شۇنچىلىك قاتمالكى، ئۆزىمىز شاھىت بولغان ياكى بىزگە ئەڭ يېقىندىن مۇناسىۋەتلىك كىشىلىرىمىزگە چېتىشلىق بولغان نۇرغۇن ھادىسىلەرگە، تارىخى قىممەتكە ئىگە ئاچچىق ساۋاقلارغا كۆرمىگەندەك، ئاڭلىمىغاندەك مۇئامىلە قىلىمىز.

بىز نېمىلەرنى خاتا قىلدۇق؟ يېقىنلىرىمىز نېمىلەرنى خاتا قىلدى؟ كېيىنكىلەر نېمىلەرگە دىققەت قىلىشى كېرەك؟

بىرلىرى توغرىسىدا تۆت ئېغىز گەپ قىلاي دېگۈچە ــ ئۇ شەھىد، ئۇ مۇجاھىد، ئۇ ئاللاھ يولىدا شاھادەتكە ئېرىشتى ــ دەپ تۆت تەرەپتىن ئېغىز تۇۋاقلايدىغانلار چىقىپ تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ تىرىكى « مۇجاھىد» ئۆلۈكى « شەھىد ». بىراق مىللەت ئۈچۈن پايدا زىيىنى توغۇرلۇقمۇ بىر نەرسە دېگىلى بولمايدۇ. چۈنكى ئۇلار مازار!

يەنە بىرلىرى توغۇرلۇق بىر نەرسە دېگىلى تېخىمۇ بولمايدۇ. چۈنكى ـ ئۇ ھەممە نەرسىسىنى مىللەت ئۈچۈن ئاتاپ قولىدىن كەلگەننىڭ ھەممىنى قىلدى. مىللى ھەرىكەتنى قوراللىق كۈرەشكە ئېلىپ كىردى. يەنە نېمە قىلىپ بەرسە بولاتتى!

ۋەتەن سىرتىدا ئەقىلنى ئىشلەتكىلى بولىدىغان شارائىتقا ئىگە، ئەقىل بىلەن، پىلان تەدبىر بىلەن « بىر قويۇپ بىر ئالىدىغان، بىر قويۇپ بىر قانچە ئالسىمۇ بولىدىغان»، ئەقىلنى ئىشلىتىشكە پۇرسەت تېپىلىدىغان ۋەزىيەت ئاستىدا « دەرھال قوراللىنىپ ۋەتەننى ئازات قىلىۋېتەيلى » جىددىچىلىكىدە ئۇرۇش لاگىرى تەشكىللىگەنلەر ئۆز ئۆزىنى ئىتىراپ قىلىدىمۇ؟ ئۇلار ئۆتكۈزگەن خاتالىقلىرى ئۈستىدە ئويلۇنۇش قىلدىمۇ؟ خاتالىقلىرىنىڭ قايسى نوقتىدا ئىكەنلىكىنى بايان قىلىشتىمۇ؟ ياكى بولمىسا بۇ توغۇرلۇق تارىخ باھا بېرەمدۇ؟ ـ قىزىق گەپ! تارىخ نېمىگە باھا بېرىدۇ؟ قىلىدىغاننى سەن قىلساڭ، قايسى تارىخ باھا بېرەتتى؟ قىلغان ئىشنىڭ ئۆزى تارىختۇر. ئەگەر ئۇ ئىشنىڭ نەتىجىسى تېخى چىقمىغان بولسا، ئۇ ئىشنىڭ داۋامى تېخى تۈگىمىگەن بولسا، سەن ئارا يولدا ئۆلۈپ كەتكەن بولساڭ، سەن باشلىغان ئىش ئاخىرىغا يەتكەندە، نەتىجىسىنىڭ ياخشى ـ يامان بولغانلىقىغا قاراپ كېيىنكىلەرنىڭ ساڭا بەرگەن باھاسى ـ تارىخنىڭ باھاسى دەپ ئاتىلىدۇ. لېكىن سەن كۆزۈڭنى پارقىرىتىپ تۇرساڭ، قىلغان، ئەتكەنلىرىڭ نەق مەيداندا تۇرسا، مۇنۇنى سەن خاتا قىلدىڭ! مۇنۇنى سەن توغرا قىلغان، بۇ ئىشتىن ئىبرەت ئېلىش كېرەك، كەلگۈسىدىكىلەر ۋە مەۋجۇت كىشىلەر بۇ ئىشتىن ساۋاق ئالسۇن ـ دەپ، ئىشىڭدىن يەكۈن چىقارماي، يەنە شۈنچىلىك تۈت ئېغىز گەپنىمۇ كەلگۈسىگە ئامانەت قىلىش كېرەكمىدى!

ۋەتەن ئىچىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ نېمە قىلالايدىغانلىقى خىتايلارغا بەش قولدەك ئايدىڭ. شۇنداقتىمۇ خىتايلار ئۇيغۇرلارنىڭ قىلالايدىغان

ئىشلىرىنى، قىلغان ئىشلىرىنى يىپىدىن يىڭنىسىگىچە ئالقويماي خاتىرلەپ تۇرغانلىقلىرىنى ئاز كۆرۈپ، پات - پات پىششاڭ سېلىپ قوزغاپ تۇرىدۇ. بۇ تۇر قوزغۇتۇشتىكى مەقسەت ئۇيغۇرنىڭ يوشۇرۇن قالغان كۈچلىرىنى ئوتتۇرغا چىقىرىش، يېڭىدىن يېتىلىۋاتقان كۈچلىرىنى ۋەيران قىلىش، كۈچ بولۇپ شەكىللىنىش ئېھتىماللىقى بولغان ھەرقانداق ئېلمېنتلىرىنى قۇرۇتۇش..... قاتارلىق خىتاي مەنپەئەتىگە پايدىلىق ۋەزىيەتنى كاپالەتكە ئىگە قىلىشتۇر. قانداقلا بولمىسۇن ۋەتەن ئىچىدىكى بارلىق ئىقتىدار ئىمكانىيەتلىرىمىز خىتايغا ئايان. خىتاينىڭ ئەندىشە قىلىدىغىنى ۋەتەن سىرتىغا يوشۇرۇنغان ئۇيغۇر كۈچلىرىدۇر.

سوۋيېت ئىتتىپاقى پارچىلانغاندىن كېيىن ئىستانبۇلنى ۋە ئالمۇتىنى مەركەز قىلغان ھالدا شەرقى تۈركىستان كۈچلىرى تەشكىللىنىشكە يۈزلەندى. قازاقىستان، قىرغىزستانلاردا ئۇيغۇرلار سىياسى جەھەتتىن تەشكىللىنىش بىلەن بىرگە ئىجتىمائى ئۆملۈك جەھەتتىمۇ قويۇق بىر مەدەنى ھاۋا بارلىققا كەلمەكتە. ئىقتىسادى جەھەتتىن ئالغاندا گەرچە ئىشلەپ چىقىرىش، سانائەت بولمىسىمۇ لېكىن پۈتۈن رايوننىڭ تىجارى ئىشلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ قولىدا راۋاجلىنىۋاتاتتى. شۇنىڭدەك ۋەتەندىن چىگرا ئاتلاپ تىجارەت قىلغۇدەك ھاللىق بولۇپ قالغان ئۇيغۇر تىجارەتچىلىرى ئۇچۇنمۇ بۇ ئەلدىكى ئۇيغۇر قېرىنداشلار پەۋقۇلئاددە ياخشى شارائىت ئىدى. لېكىن خىتاي چىگراسى سىرتىدا ئۇيغۇرنىڭ روناق تېپىشى خىتاي ئۇچۇن يوشۇرۇن تەھدىت سانىلاتتى. بۇنداق تەھدىتنى ئۇيغۇرلار شەكىللەندۈرمىسىمۇ لېكىن خىتايدىن ئىبارەت بۇ مىكروپ ئۇيغۇرنى ئۆزلىرىگە ئەجەللىك تەھلىكە دەپ بەلگىلىگەن ۋە بۇ تەھلىكىنى يوقۇتۇش ستراتېگىيەسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى ئاللىبۇرۇن پىلانلىغان. بۇ ھەقتە كىچىك بىر مىسال كەلتۈرۈپ ئۆتەيلى. 1994- يىلى 11- ئايلاردا خىتاي مەركىزى ھۆكۈمەت

سىياسى بىروسى جىددى قارار ماقۇللاپ، ئوتتۇر ئاسىيادا قەد كۆتۈرۈۋاتقان ئۇيغۇر جەمئىيىتىنى، ئۇيغۇر سىياسى ھەرىكىتىنى ۋۇجۇقتۇرۇش، ئۇيغۇرلارنى تېنچلىق ئۇسۇلى بىلەن مەركىزى خىتاي ھۆكۈمىتىگە بىر تۇتاش بېقىندۇرۇش .. قاتارلىق مۇھىم پىلانلىرىغا مەبلەغ تەستىقلىدى. سىياسى بىرونىڭ نۆۋەتتىكى پىلان قارارلىرىنىڭ ئىشقا ئاشۇرۇلۇش باسقۇچى شۇنچىلىك ئاددى ئۇسۇل بىلەن ئەمەلىلەشتى. بۇ ئىشنىڭ ئىككى بېشىدا نەۋرە ئىككى تۇققان مەسئۇل قىلىنىپ بەلگۈلەندى. خىتاي تەرەپتە ئابدۇكېرىم ئابباسوپنىڭ قىزى( شۇ چاغدىكى خىتاي مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ دائىمى ئەزاسى) ، ئۇيغۇر تەرەپتە ئابدۇكېرم ئابباسوپنىڭ جىيەن ئوغلى ( ئاچىسىنىڭ ئوغلى ) قىرغىزستاندىكى دانىك دەپ تونۇلىدىغان ئىلدان ئابباسوپ ئىدى. خىتاينىڭ بۇ ھەرىكىتى پۇل بىلەن ئەمەلىلىشەتتى. شۇڭا خىتاينىڭ بۇ مەخپى پىلانى شۇ چاغدىلا موسكۋا ك گ ب سى تەرىپىدىن پاش قىلىۋېتىلگەن بولسىمۇ لېكىن « قىرغىزستان ياش تىجارەتچىلىرى بىرلەشمىسى » نامىدا دەرھال تەشكىللەنگەن بىر جەمئىيەتنىڭ قولى ئارقىلىق ھېچقانداق توسالغۇسىز يۈرگۈزۈلدى. مەزكۇر جەمئىيەتنى تەشكىللىگۈچى دانىك ئەپەندى خىتاي مەركىزى ھۆكۈمىتى سىياسى بىروسىدىن تەستىقلەنگەن دەسلەپكى 5 مىليون دوللەرنى نەۋرە ئاچىسى ئارقىلىق تاپشۇرۇپ ئېلىپ، 1995 ـ يىلى فىۋرالدىن باشلاپ پۈتۈن ئوتتۇر ئاسىيادا « خىتاينىڭ ئىچكى ئىشىغا ئارلاشماي، تېنچ تىجارەت يولى بىلەن روناق تېپىش » قىزغىنلىقى ياراتتى. ئۇ ئۆزىنى مەشھۇر داھى ئابدۇكېرىم ئابباسىنىڭ جىيەن ئوغلى بولۇش سالاھىيتى بىلەن ئىنقىلاپنىڭ ۋارىسى قىلىپ ئوتتۇرغا چىقاردى. خىتاي بەرگەن پۇللار بىلەن قۇتاتغۇ بىلىك، دىۋان لوغەت تۈرك، ئون ئىككى موقام قاتارلىق ئەسەرلەرنى رۇسچە، ئەنگلىزچە تەرجىمە قىلىش ھەيئىتى تەشكىللىدى. ئۇنىڭ قىلىۋاتقانلىرى « ۋەتەن پەرۋەرلىك » تۇسىدە كۆزگە چېلىقاتتى.

پېقىرلەرگە يار يۆلەكتە بولۇش، ئىششىزلەرگە ئىش ئورنى قۇرۇپ چىقىش ۋە ئۇيغۇرلار سىياسىغا ئارلاشمىسىلا خىتاي بىلەن تىخىمۇ كۆپ تىجارى ۋە ئىشلەپ چىقىرىش مۇئەسسەلىرىنى قۇرۇپ چىقىشنىڭ ئىمكانىيەتلىرى بولىدىغانلىقى ئوچۇق ئاشكارە تەشەببۇس قىلىنىشقا باشلىدى. ئۇ تەشكىللىگەن « قىرغىزستان ياش تىجارەتچىلىرى بىرلەشمىسى» گە يېقىن يولىمىغان باشقا تىجارەتچىلەر خىتاي تەرەپتىنمۇ، يەرلىك يوشۇرۇن بۇلاڭچى ( رېكىت) لار تەرىپىدىنمۇ ئوخشاش ئۇسۇلدا زىيانكەشلىككە ئۇچرىدى. نەتىجىدە دانىك قۇرغان بۇ جەمئىيەت يەرلىك ئۇيغۇر تىجارەتچىلىرىنى بىر ياقىلىق قىلىپ تەرتىپكە سالغان بولدى. شۇ قاتاردا خېلە كۆچلۈك سىياسى تەشكىلاتلار شۇنچە تېز خەلقتىن ئايرىلىپ ۋەيران بولۇشقا يۈزلەندى. 1996 ـ يىلى ئاۋغۇست دانىك ۋە نېغمەت بوساق سەپەرۋەرلىكىدە قىرغىزستان ۋە قازاقىستان ھۆدۈتلىرىدا « ئۇيغۇر مۇئەماسى بەگلىكلىرى » قۇرۇلمىسىنى ئوتتۇرغا قويۇشتى. بۇ قۇرۇلمىنىڭ لايىھە يىغىنىغا گېرمانىيەدىن ئالىپتېكىن ئەپەندى تەكلىپ قىلىندى ۋە پەخرى زات بولۇپ قاتناشقان ئىدى. مەزكۇر ھەرىكەتلەرئوتتۇر ئاسىيا تەۋەسىدىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىنى ئىچىدىن يىمىرىشنىڭ باشلىنىشى ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە خىتاي ئوتتۇر ئاسىيا دۆلەتلىرىنىڭ مىللى ۋە سىياسى تەتقىقات ئورۇنلىرىغا ئۇيغۇرلار ئۈستىدە شۇم ئىغۋا تارقاتتى ـ ئۇيغۇرلار ئەزەلدىن تىنچلىقنى خالىمايدىغان، ئۇرۇشقاق، قوشنا ئەللەر بىلەن تىنچلىقتا بىرگە تۇرۇشنى خالىمايدىغان مىللەت، ئەگەر بۇلار خىتاينىڭ ئىدارىسى ئاستىدىن قۇتۇلۇپ ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل بولۇپ چىقسا جەزمەنكى ئوتتۇر ئاسىيا دۆلەتلىرىدىن تۇپراق تەلەپ قىلىدۇ، تۇپراق دەۋاسى سىياسى يول بىلەن ھەل قىلىنمىسا ئۇرۇشقا مۇراجىئەت قىلىدۇ، پۈتۈن رايون تىنچلىقى ئۇيغۇرلارنىڭ قولى بىلەن ۋەيران قىلىنىدۇ، ... خىتاي مۇشۇ ئىغۋالارنى تارقىتىشتىن بۇرۇن شەرقى تۈركىستان زىمىنىدىن 1994 ـ يىل 14ـ

ئۆكتەبىر قىرغىزستانغا 135 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر، 1995 ـ يىل 12 يانۋار قازاقىستانغا 90 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر يەر بۆلۈپ بەرگەن ئىدى. بۇنىڭسىزمۇ قازاقىستان، قىرغىزستان ۋە تاجىكىستان قاتارلىق دۆلەتلەر ئۆزلىرى ئىگىلەپ تۇرغان هازىرقى مەۋجۇت تۇپراقلىرىدا ئۇيغۇرستانغا تەئەللۇق جايلارنىڭ بارلىقىنى ئەمما رۇس ـ خىتاي چېگرا مۇناسىۋەتلىرىدە ئۇلارغا ئايرىپ بېرىلگەنلىكىنى ياخشى بىلىشەتتى. مۇشۇ بىر قاتار يوشۇرۇن تەھلىكىلەر يەرلىك مىللەتلەرنىڭ نەزىرىدە ئۇيغۇرلارغا نىسبەتەن مەنپىي قاراش شەكىللەندۇرۇشكە بىخ سالدى. بۇ ئېغىر ۋالار ئۇيغۇرلارنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن قىلماقچى بولغان جىنايى شۇملۇقلىرىنىڭ ئالدىن بېشارىتى ئىدى. شۇنداق بىر جىنايى شۇملۇق ئۇيغۇرلارنىڭ قولى بىلەن يۈز بەرمىگۈچە خىتاينىڭ تارقاتقان ئېغىۋالىرى ئاساسسىز بولۇپ قالاتتى. هاكۋاقتى ئۇيغۇرمۇ ئىككىنچى بىر تۇزاقنى ئىزدەپ يۈرەتتى. ئۇلار تۇساتتىن ۋەتىنىنى ئازات قىلماقچى بولۇپ قالدى. ھەمدە ئىنتايىن تېز ئازات قىلىنىشتىمسە كېيىنكى ئۈچ يىل ئىچىدە خىتاي بۇ ۋەتەننى ئۆزىنىڭ قانۇنى مۇلكىگە ئايلاندۇرىۋالارمىش. شۇ ئالاقزادىلىك ئىچىدە پاراللېل لاگىرنىڭ بىرى بولغان « شەرقى تۈركىستان ئازاتلىق تەشكىلاتى » قىسىلچاقتىن ئۇسۇپ چىقتى.

شۇم پېشانە ئۇيغۇر« شەرقى تۈركىستان ئىسلام جامائىتى»، « شەرقى تۈركىستان ئازاتلىق تەشكىلاتى » دىن ئىبارەت ئالەمشۇمۇل ئىككى لاگىرنى قۇرۇپ، ئۆز قوللىرى بىلەن پاكىستان، ئافغانىستان، ئۆزبەكىستان، قىرغىزستان، قازاقىستان ۋە تۈركىيە قاتارلىق ئەللەرنى قاپسىغان شۇنداق چوڭ بىر چەمبەر ھاسىل قىلدى. بۇ چەمبەر ماھىيەتتە ئۇيغۇرنى سولايدىغان بوغما خالتا ئىدى. ئۇيغۇرلار نېمە ئىش قىلدى؟ بىر لاگىرغا توپلانغان يېتىمچىلەر ئەرەپ جىھادچىلىرى تەييارلاپ قويغان جىهاد خانىدا ـ توغرىسى قۇشخانىدا ئۆز پۇتلىرىنى كانارىغا ئاسىدىغان پوكانچىلارغا پىچاق بىلەش بىلەن ئالدىراش ئىدى.

يەنە بىر لاگىردىكى يىتىمچىلەر ئۇيغۇرلار ماڭىدىغان يولغا ئورا كولاش بىلەن ئالدىراش ئىدى.

1996ـ يىل 24ـ ئاپرېل شاڭخەيدە بەش دۆلەت ئۆز ئارا چېگرا مۇداپىئەلىنىيەسىنى، تۇپراق پۈتۈنلۈكىنى بىرلىكتە قوغداش... توغرىسىدا توختامغا قول قويىۋاتسا ئۇيغۇر يىتىمچىلىرى مۇشۇكنىڭ ئۇۋىسىدا چاشقانغا ساراي ياساشقا كىرىشىپ كەتكەن ئىدى. ئادەتتە سوۋېيت ئىتتىپاقى تارقىلىپ كەتكەن بىلەن دۆلەت ئاساسى قانۇنلىرى ئېنىق بەلگىلەنمىگەن، ئارمىيە بىر تۇتاش موسكۋادىن ئىدارە قىلىنىدىغان، خىتاي بىلەن ئوتتۇر ئاسىيا ئەللىرىنىڭ چېگرا لىنىيەسىنى موسكۋا بىر تۇتاش مۇداپىئە قىلىۋاتقان شۇنداق بىر ھالەت ئۈستىگە شاڭخەي ئىتتىپاقى قۇرۇلۇپ، بۇ ئەللەر ئوتتۇرسىدىكى توختاملار تېخىمۇ پۈختىلىنىپ مېڭىۋاتقان چاغدا يىرتىق ئىشتاندىن ھېلىقى نەرسە چىققاندەك بىر ئىش قىلىشقا باشلىدى ئۇيغۇر يىتىمچىلىرى. ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى ئاچ قالغان قاپلان ئۇۋىسىدا قوزا بودايمەن دېگەندەك بىر كالۋا ھاماقەتلىك ئىدى. مەيلى « ئىسلام جامائىتى » لاگىرى بولسۇن، مەيلى « شەرقى تۈركىستان ئازاتلىق تەشكىلاتى » بولسۇن، ھەر ئىككىلا لاگىر ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەتەن سىرتىدا نېمە ئىش قىلالايدىغانلىقىنى، ئۇيغۇرنىڭ ئەقلىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى كۆرسۈتۈپ بەرگەن بىر جاھاننامە ئەينىكى بولدى.

گەپنى بىر ئاز يوقۇرىغا قايتۇرغاندا، خىتاي ۋەتەن ئىچىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ نېمە قىلالايدىغانلىقىنى، نېمە قىلىدىغانلىقىنى بىلەتتى. لېكىن ۋەتەن سىرتىدىكى ئۇيغۇرلار خىتاي ئۇچۇن ئېيتقاندا سىرلىق قارا ئۆڭكۈر ئىدى. 1997ـ يىلىدىن 2003 ـ يىلغىچە بولغان ئارلىقتا ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ ئۆلۈكلىرىنى سۇ يۈزىگە لەيلەتكەن بولدى. زادى نېمىشكە شۇنداق قىلىشلىرى كېرەك بولۇپ قالغان؟ بىر لاگىردىكىلەرغۇ خىتاينىڭ تۇزاقلىرىغا دەسسىگەن بولسۇن. ئۇلار دۇنيانى

چۈشەنمەيتتى. ئۇلارنى قاراڭغۇ تۇرمىدىن ئۇدۇل ئاشۇ لاگىرغا يوللىۋەتكەن ـ دەپ تۇرايلى. ئەمما مۇنۇ ئەركىن دۇنيادا ياشاپ، ئەركىنلىكنىڭ تەمىنى تېتىپ، دۆلەتنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى، ۋەتەننىڭ ، مىللەتنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلىدىغان، ئۆزلىرىنى سىياسەتچى، زىيالى دەپ ئاتايدىغانلار، كىتاب يازالايدىغانلار، شېئىر يازالايدىغانلار ، يىغىپ ئېيتقاندا ئۇيغۇرنىڭ دانىشمەنلىرى نېمىشكە قاپلان ئۇۋىسىدا قوزا بودىماقچى بولۇشقان ئىدى؟ ـ بۇ سوئاللارنىڭ جاۋابى ئۇنچىلىك ئاددى ئەمەس. ـ « ئۇلار خىتاينىڭ جاسۇسلىرى ئىدى، ئۇلار خىتايغا بەرگەن ۋەدىلىرىگە ئەمەل قىلىشتى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى خىتاينىڭ ساتقۇنلىرى ئىدى » ـ دېگەندەك تۆھمەت بىلەن باھا بېرىش ياكى تۆھمەت چاپلاش ھەرگىزمۇ سىياسىي يەكۈن بولالمايدۇ. « ئىسلام جامائىتى » لاگىرىدىكىلەر ئەرەپ جىھادچىلىرىغا تۇتقۇن بولۇشى ئارقىلىق خىتاي كولاپ قويغان گۆرگە تىرىك كۆمۈلگىنىدەك، « شەرقى تۈركىستان ئازاتلىق تەشكىلاتى » لاگىرىدىكىلەر ۋاستىلىك ھالدا خىتاينىڭ ئۆلۈم سىرتماقلىرىغا بېشىنى تىقىپ بەرگۈچىلەربولدى.

ئەسلىدىكى ھەقىقىي دەۋاگەر ئۇيغۇرلارنى جىنايەتچى قىلىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۈستىدىن جىنايى دېلو تۇرغۇزۇشتا خىتاي بىلەن رۇسىيە ك گ ب سى، تۈرك ھەربى ئىستىخباراتى، پاكىستان ھەربى ئىستىخباراتى قويۇق ھەمكارلاشتى. بىر مەيدان ئويۇن ئاخىرلاشقاندىن كېيىن جاۋاپكار ئۇيغۇرلارنى سوتقا تارتىشتا خىتاي، قازاقىستان، قىرغىزستان، پاكىستان، ئۆزبەكىستان قاتارلىق دۆلەتلەر بىچارە شۇم پىشانە ئۇيغۇرنىڭ ئۈستىدىن دەۋاگەرلىك ئورنىدا ئەرزدار بولدى. دەۋادا خىتاي، قازاقىستان، قىرغىزستان غەلبە قازاندى. تۈركىيە خىتاي تەرىپىدىن ئۆزى كۆزلىگەندىن ئارتۇق تارتۇقلاندى. پاكىستاننىڭ خىتايدىن ئالىدىغان ئۆلۈشى 11- سىنتەبىردىن كېيىن مۇقىملاشتى. بۇ ھەقتىكى پىكىر كېيىنكى باپلاردا ئايرىم بايان قىلىنىدۇ. بۇ يەردە قىسقىلا تىلغا ئېلىنماقچى

بولغىنى شۇكى، ئۇيغۇرلار زادى ئۇرۇش ئىشلىرىدىن قانچىلىك دەرىجىدە مەلۇماتلىق؟ ئۇيغۇرلار ۋەتەن ئىچىدە ئۇرۇش قىلىپ نېمىنى قازاندى؟ ۋەتەن سىرتىدا ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىپ نېمىنى قازاندى؟ ـ ئۇيغۇرلاردىكى ئۇرۇش خىياللىرى ئۇر كالتەك دەۋرىدىكى كىلاسسىك چۈشەنچىدىن زادىلا ئۆتەلمىدى. ئۇيغۇرلار قارشى تۇرماقچى بولغان قوراللىق دۈشمەن دۇنيادىكى ئۇرۇش دۆلەتلىرىنىڭ ئەڭ كۈچلۈكلىرىدىن بىرى، ئىقتىسادى جەھەتتىمۇ دۇنيانىڭ ئالدىنقى قاتارىدا تۇرىدىغان دۆلەت. لېكىن بۇ دۈشمەنگە ئۇيغۇرلار قايسى شەكىلدە قوراللىق ئۇرۇش قوزغىماقچى بولغان؟ مەسىلە مۇشۇ يەردە. بۇ تېمىدا ئەرەپ جىھادچىلىرىغا ئەسىر چۈشكەن ئۇيغۇر يىتىمچىلىرىنى تىلغا ئېلىش ئارتۇقچە. چۈنكى ئۇلار مەدرىستىكى تالىپچاقلاردىن تەركىپ تاپقان بىر قىزغىن ئېقىم ئىدى. ئۇلاردا نە دۆلەت، نە ۋەتەن، نە مىللەت چۈشەنچىسى يېتىلمىگەن ياكى ئەرەپ جىھادچىلىرى تەرىپىدىن ئۇلارنىڭ چۈشەنچىلىرى بۇلغىۋېتىلگەن. چۈنكى ئەرەپ جىھادچىلىرىنىڭ نەزىرىدە دۆلەت يوق، مىللەت يوق، ۋەتەن يوق. ئاللاھ يولىدا ئۆلتۈرۈش ۋە ئۆلۈش بار خالاس. بۇ يەردىكى چىگىش مەسىلە دەل ۋەتەننى قوراللىق ئازات قىلماقچى بولۇشقان « شەرقى تۈركىستان ئازاتلىق تەشكىلاتى » ئۈستىدە.

# 14

نوقۇل ئىنسان كۆتۈرۈش بىلەن تەشكىللىك ھەرىكەتنىڭ پەرقى بولۇدۇ ئەلۋەتتە. قوزغىلاڭ، ۋەقە، ئىسيانلار تەشكىلسىز، ستىخىيەلىك كۆتۈرلۈپ، خۇددى كەلكۈن سۇدەك ئۇدۇل كەلگەننى ئېقىتىپ، ياكى تەتۈر قۇيۇندەك تىك تۇرغاننى يىقىتىپ ئۆتۈپ كېتىدىغان ئۆتكۈنچى

هادىسىلەردۇر. بۇ ھەقتە «5ـ فېۋرال غۇلجا قىرغىنچىلىقى» نى مىسال ئالساق چۈشۈنۈشكە بىر ئاز ئاسان بولۇشى مۇمكىن. شۇ چاغدىكى غۇلجا ياشلىرىنىڭ پائالىيەتلىرى دەسلەپتە ياشلار مەشرىپى، كىچىك-كىچىك تەبلىغ گۇرۇھى، كىچىك-كىچىك مەشرەپ فۇتبول كوماندىسى ــ دېگەندەك تەشكىللەنمىگەن ھالدا يىغىلىش، توپلۇشۇش، ئۇيۇشۇش، گۇرۇھ شەكىللىنىش ھالىتىدە داۋاملاشتى. خىتاي ھاكىمىيىتى ئۇيغۇرنىڭ ھەرقانداق شەكىل، ھەرقانداق ئۇسۇل بىلەن توپلۇشىشىنى، گۇرۇھلىنىشىنى خالىمايتتى ۋە قارشى ئىدى. غۇلجا ياشلىرىنىڭ يوقۇرقىدەك ئۇيۇشۇپ بىر ئۇيۇم بولۇشى خىتاينىڭ ھېچقانداق قانۇنلىرىغا خىلاپ بولمىغىنى بىلەن لېكىن خىتاي دۆلىتىنىڭ ئۇيغۇرلار ئۈستىدىن يۈرگۈزىۋاتقان مۇستەملىكە سىياسىتىگە تۈپتەن خىلاپ جىنايەتكە يېقىنلاشقان قىلمىش ھېساپلىناتتى. بىراق ئۇلارنى بېسىقتۇرۇش ئۈچۈن، جىنايى جاۋاپكارلىققا تارتىش ئۈچۈن قانۇنى ئاساس بولمىغاچقا بىر بانا يارىتىلىشى كېرەك بولۇپ قالغان ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ياشلار فۇتبول كوماندىسى تەييارلىغان فۇتبول مەيدانى بىر كېچىدىلا تېرەكتۇر بىلەن ئاغدۇرۇلۇپ سۇ قۇيۇۋېتىلدى. بۇنىڭ كەينىدىن قىلىنغانلىقى سۈرۈشتۈرۈلگىنى ئۈچۈن كۆپلىگەن ئاكتىپ ياشلار ساقچى خانىدا ۋاقىتلىق توختۇتۇلۇپ قويۇلدى ۋە بەزەنلىرىگە قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش بېرىلدى. بۇ خۇددى ئۆلمەكنىڭ ئۈستىگە تەپمەك بولغاندەك بىر قورساق كۆپۈكى بولدى. كوچا دوقمۇشلىرىدىكى ئۆزلۈكسىز ئۇلغىيىۋاتقان غۇلغۇلا، مىش، مىشلار ئاخىرى بېرىپ ياشلار مەشرىپىنىڭ ئاكتىپلىرىنى نامايىش قىلىشقا ئېلىپ كەلدى. بۇ نامايىش ئادەتتىكى نارازىلىق بىلدۇرۇش شەكلىدە ئەمەس، بەلكى خۇددى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھىجرەتتىن ئىلگىركى دەۋرىدە مۇشرىكلارنىڭ قاتتىق بېسىمىغا دۇچ كەلگەن مۇسۇلمانلار قول تۇتۇشۇپ كوچىغا چىقىپ تۇنجا قېتىم ئىمانلىرىنى ئاشكارىلىغان كۆرۈنۈشنى ئەسكە سالاتتى. ياشلار كۆتەرگەن پىلاكاتلاردا «

-------------------------

لا إلــه الاالله محمــد رســول الله » ـ بىر ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر، مۇھامەد ( ئەلەيھىسسالام ) ئاللاھنىڭ ئەلچىسىدۇر ــ دېگەن ئىمان كەلىمىسى يېزىلغان بولۇپ، كۆپچۈلۈك بۇ كەلىمىنى شۇئار تەرىقىسىدە ئۈنلۈك توۋلىشاتتى. بۇ پائالىيەت نە سىياسى شەكىلنى، نە بىر ئىسياننى بىلدۈرمەيتتى. خىتاي ھۆكۈمىتىمۇ ياش قورامىغا يەتكەن كىشىلەرنىڭ ئىمان ئېيتىشنى چەكلىمىگەن. شۇڭا بۇ توپلۇشۇپ توۋلىغان ئىمان كەلىمىسى ھېچقانداق ئىسيان، ئەكسىل ئىنقىلاۋى ھەرىكەت شەكلىگە ياتمايتتى. ئەگەر ياشلارنىڭ بۇ تۈرلۈك توپلۇشۇپ ئېيتقان ئىمان مۇراسىملىرى تېنچ باشلانغىنىدەكلا يەنە شۇنداق شەكىلدە تېنچ ئاخىرلاشقان بولسا بەلكى « توپلاشقانلىق، جەمئىيەتنى پاراكەندە قىلغانلىق جىنايەتلىرى » ئۈچۈن باشلامچىلىرىدىن ۋە ئاكتىپلىرىدىن بىر قانچىسىگە بىر ، ئىككى يىلدىن جازا كېسىپ بىر تەرەپ قىلغان بولاتتى. ئەمما خىتاينىڭ مەقسىتى بۇ رايوندا بىر قېتىم مەركەزلىك قان تۆكۈش بولغاچقا ئىش باشقا ياققا يېتەكلەندى. چۈنكى غۇلجا رايونى ۋەتىنىمىزنىڭ قاچقۇنلىرى پانالىنىپ كەلگەن « تاغ ئارقىسى » دەپ ئاتىلىدىغان تېنچلىق ماكانى بولۇپ، 1964 ـ يىلىدىن كېيىن تا ـ شۇ كۈنلەرگىچە جان ساقلايدىغان مۇھىم پاناجاي بولۇپ قالغاچقا بۇ جاينىڭ تېنچلىقىنى بۇزۇش، خەلقىنىڭ يۈرىكىنى بىر قېتىم مۇجۇۋېتىش خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ نوقتىلىق ستراتېگىيەسىگە كىرگۈزۈلگەن. شۇڭا غۇلجا ياشلىرىنىڭ توپلۇشۇپ مەشرەپ شەكىللەندۈرۈشلىرى، مەشرەپتىكى جانلىق تەبلىغلەر، ھەتتا « كاپىرلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى قوبۇل قىلىش ئىماندىن ئاجرىتىدۇ» ــ غىچە بېرىپ يەتكەن تەبلىغ جاسارەتلىرى خىتايغا ئىللىق بىر مەساج يوللىغان بولدى. دەل شۇ پەيتلەردە ياشلار مەشرەپكە مەبلەغ سېلىنىپ، تۈرلۈك كوماندا تەشكىللىنىش باسقۇچىغا يەتكۈزۈلدى ۋە قوزغۇتۇش پۈرسىتى يېتىپ كەلگەندە، ئەتە فۇتبول ئوينىماقچى ــ بولغان مەيداننىڭ ئاغدۇرۇلۇپ سۇ

قويۇۋېتىلىشى ياشلارنى كوچىغا چىقىشقا يېتىلەپ كەلدى. پەقەت ئىمان شۇئارى تولۇلغان ياشلار ئارىسىغا كىرگۈزۈلگەن « ئۇرۇپ چاقۇچىلار» « ئىمان نامايىشى » نى ئىسيانغا ئايلاندۇردى. رەتلىك، ئىنتىزام بىلەن تولۇلىنىۋاتقان ئىمان نامايىشى بىردىنلا سېتېخىيەلىك كەلكۈنگە ئايلاندۇرۇلدى. بىر كۈن باستۇرۇلغان ئىسياندا تۆت يۈزدىن ئارتۇق ئۇيغۇر ياشلىرى ئۆلتۈرۈلدى. كېيىن ئۆي ئۆيلەردىن تۇتۇپ كېتىلىپ سوغاق سۇ چېچىپ توڭلۇتۇپ ئۆلتۈرۈلگەن ئۇيغۇر ياشلىرى مىڭدىن ئاشتى. غۇلجا راستىنلا قىيامەت مەيدانىغا ئايلاندى.

« 5- فىۋرال غۇلجا قىرغىنچىلىقى » ــ دەپ ئاتالغان مەزكۇر پاجىئە تەشكىلسىز، بىر قېتىملىق ئامموۋى ھەرىكەت شەكلىدە يۈز بەرگەن ھادىسىگە مىسال بولۇپ، ئۇنداق ھەرىكەتنى سادىر قىلغۇچىغا ۋە قاتناشقۇچىلارغا ھېچبىر ماكاندا، ھېچبىر زاماندا پايدىلىق ئاقىۋەت ئېلىپ كەلمەيدۇ. ئۇنداقتا ئاشۇ « 5 ــ فىۋرال غۇلجا قىرغىنچىلىقى » نىڭ شامىلىدا بارلىققا كەلگەن ۋەتەن سىرتىدىكى ئىككى لاگىرنىڭ بىرى بولغان « شەرقى تۈركىستان ئازاتلىق تەشكىلاتى » غا نەزەر تاشلاپ باقايلى. ئالدىنقى باپلاردا تىلغا ئېلىنىنغىنىدەك، غۇلجىدىكى قانلىق قىرغىنىنىڭ غەزەپ ئۇچقۇنلىرى چاقناۋاتقان پەيتلەردە ئالمۇتا، بىشكېك شەھەرىدىكى مۇساپىر ئۇيغۇر لارنى تۇتقا قىلغان ھالدا « شەرقى تۈركىستان ئازاتلىق تەشكىلاتى » ئېغىزدا بارلىققا كەلدى. بۇ تەشكىلاتنىڭ تەشەببۇسچىسى ۋە قۇرغۇچى رەھبىرى مەمتىمىن ھەزرەت ئىدى . ئۇ 1992 ــ يىلى دېكابىر ئىستانبۇلدا قۇرۇلغان « خەلقئارا شەرقى تۈركىستان مىللى قۇرۇلتىيى » نىڭ ئىجرائىيە كومىتېتى رەئىسى بولۇپ سايلانغان. « خەلقئارا شەرقى تۈركىستان مىللى قۇرۇلتىيى » نىڭ قارارلىرىدا كۆرسۈتۈلۈشىچە قۇرۇلتاينىڭ ۋەزىپىسى ئاساسەن شەرقى تۈركىستاننىڭ تارىخى ئەھۋالىنى، بۈگۈنكى ئىشغالىيەت ۋەزىيىتىنى، شەرقى تۈركىستان خەلقىنىڭ ئېچىنىشلىق ئەھۋالىنى ئەركىن دۇنياغا

ئاڭلىتىش، ئەركىن دۇنيا ئەللىرىنىڭ ۋە شەرقى تۈركىستان دەۋاسىنىڭ ۋەزىيەتلىرىنى ۋەتەن خەلقىگە يەتكۈزۈش، تەشۋىقات ئىشلىرىنى كۈچەيتىش .... قاتارلىق مەسىلىلەر تەكىتلەنگەن . بىراق قۇرۇلتاينىڭ رەئىسى ئەخمەت ئىگەمبەردى ئەپەندى رەئىسلىك ۋەزىپىسىنى ئېلىپ ئاۋستىرالىيەگە كەتتى. ئۇ رەئىسلىك سالاھىيتى بىلەن خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنى ئەيىپلەپ ئوچۇق خەت ئېلان قىلىپ تۇراتتى. شۇنىڭدەك خەلقئارا جامائەتچىلىككە، ھەرقايسى دېموكراتىك ئەللەرنىڭ رەھبەرلىرىگە تۈرلۈك مۇراجىئەت يوللاپ ئۇيغۇرلارنىڭ دەردىنى ئاڭلىتىپ تۇراتتى. ھەممىدە ۋەتەن سىرتىدىكى مۇھاجىر ئۇيغۇرلارغا تۈرلۈك بايانات، خىتاپنامە، چاقىرىق يوللايتتى. لېكىن قۇرۇلتاينىڭ تەشكىلى ئىشلىرىنى يۈرۈشتۈرۈش، مۇھاجىر ئۇيغۇرلارنى، ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرىنى مەركەزلەشتۈرۈش قاتارلىق مۇھىم مەجبۇرىيەتلەرنى ئادا قىلالمىدى. بۇنىڭدىكى تۈپ سەۋەب شۇ چاغلاردىكى مۇھاجىر ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى ئېغىر تەپرىقچىلىك، خىتاينى دۈشمەن تۇتۇشنىڭ ئورنىدا ئۆز ئارا دۈشمەنلىشىش، كونا زىددىيەتلەرنى يېڭىدىن كۆن تەرتىپكە قويۇپ، گوروھۋازلىق، تەرەپبازلىق، يۇرتۋازلىق قىلىشلاردەك خۇنىك ئىجتىمائى ھادىسىلەر ئىدى. قۇرۇلتاينىڭ ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ رەئىسى بولغان مەمتىمىن ھەزرەت ئەپەندى نېمە ئىشلارنى قىلغان ۋە ياكى ۋەزىپىسىنى ئۆتىيەلىگەنمىدى؟ ـ ئۇ كىشىمۇ يېزىش، سۆزلەشكە ماھىر بولغان بىلەن تەشكىلى ئىشلارنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمىدى. ئۇنىڭ ماقالىلىرى، ۋەتەندە بولغان تۈرلۈك ئىنقىلاۋى ھەرىكەتلەر توغرىسىدىكى ئۇچۇرلىرى، تۈرلۈك تەزىيەنامىلىرى « شەرقى تركىستان اۋازى » جورنىلىدا، « شەرقى تۈركىستان گېزىتى » ، « يېڭى ھايات» گېزىتى قاتارلىق نەشرى ئەپكارلاردا يورۇتۇلۇپ تۇراتتى. بىراق قۇرۇلتاينىڭ تۈرلۈك يىغىنلىرىنى چاقىرىش، تارقاق تەشكىلاتلارنى قۇرۇلتاي ئەتراپىغا توپلاش، شەرقى تۈركىستانلىقلارنىڭ ھەقىقى مەركىزى تەشكىلاتى

بولغان قۇرۇلتاينى كەلك مۇھاجىرلارغا تونۇشتۇرۇش قاتارلىق تەشكىلى ۋەزىپىسىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمىغان ئىدى. بۇنىڭ مەسىللىرى ئورنىدا تىلغا ئېلىشقا توغرا كەلسە قۇرۇلتاينىڭ ئىجرائىيە كومىتېت رەئىسى بولغان بۇ زات 1994 ـ 1995 ـ يىللىرى ئىستانبۇلغا ئۆزلۈكسىز توپلىشىۋاتقان بىر تۈركۈم « زىيالى» ياشلارنى سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرۈپ، قۇرۇلتاينىڭ ئەتراپىغا ئۇيۇشتۇرۇپ، جەڭگىۋار ياش قوشۇنلاردىن دەۋاغا پايدىلىق ئېقىم تەشكىللەشكە ئىزدىنىشنىڭ ئورنىدا ئۇلارنىڭ ئايرىم كۈچ بولۇپ تەشكىللىنىشىگە سۈكۈت قىلغان ۋە پۇرسەت بەرگەن ئىدى. 1995 ـ يىلى خىتاينىڭ قارا دەپتىرىگە « تېرورچى» بولۇپ تىزىملىتىلغان ئېغىزدىكى « شەرقى تۈركىستان ياشلىرى تەشكىلاتى »، ئارقىدىنلا شۇ ياشلار ئارقىلىق « خەلقئارا شەرقى تۈركىستان مىللى مەجلىسى » قۇرۇش لايىھەسىنىڭ بوران چاپقۇنلىرى، ئۇمۇ ئەمەلگە ئاشمىغاندىن كېيىن 1996 ـ يىلى نويابىردا تەشكىللەنگەن « دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتېيى» قاتارلىق بىر يۈرۈش ئېقىملار ئەسلىدە دەۋانىڭ دەسلەپكى مەركىزى ئورگىنى بولۇپ تەشكىللەنگەن « خەلقئارا شەرقى تۈر كىستان مىللى قۇرۇلتېيى » غا ئەڭ لازىملىق ئاۋاڭگارت كۈچلەر ئىدى. بۇ كۈچنىڭ ئايرىم شەكىللىنىشى دەۋاغا پايدىلىق شارائىت بولماستىن بەلكى دەۋانىڭ كېلەچىكىنى ئايرىش، دەۋا ئېقىمىدا بۆلۈنۈش، داۋالغۇش پەيدا قىلىدىغان سەلبى ئاقىۋەتلەرنىڭ باشلىنىشى بولاتتى . 1994 لەردە سىياسى تەشكىللىنىشتە باشلانغان ئاشۇ بۆلۈنۈشلەر توپ توغرا ئون يىل ـ 2004 ـ يىلى ئاپىرىلغىچە داۋاملاشقان بولدى. ئون يىلدىن كېيىن بىرلەشكىنى نېمە بولدى ؟ 1992 ـ يىلى دېكابىردا چاقىرىلغان « خەلقئارا شەرقى تۈركىستان مىللى قۇرۇلتېيى » نىڭ 1999ـ يىلى گېرمانىيەدە چاقىرىلغان داۋامى « شەرقى تۈركىستان ( ئۇيغۇرۇستان ) مىللى قۇرۇلتېيى » بىلەن، 1996 ـ يىلى گېرمانىيەدە شەكىللەنگەن«

دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى» بىرلىشىپ 2004 ـ يىلى ئاپرېلدا « دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى» نى بارلىققا كەلتۈرگەن بولدى. ئەسلىدە بۇنداق بىر ئاۋارىچىلىقنىڭ هاجىتى يوق ئىدى. بۇرۇن ئالدىغا كەلگەن « ياشلار» نى ياخشى تىزگىنلىگەن بولسا، ئۇنداق سۇنئى « ئىككىلىك » پەيدا بولمايتتى ۋە « سۇنئى » بىرلىككىمۇ ئېهتىياج چۈشمەيتتى. ئون يىل كېچىكتۈرۈلۈپ بۇ چوڭ « بىرلىك مەيدانغا كەلدى » بولغىنى بىلەن مۇهاجىر ئۇيغۇرلار تەشكىلى جەهەتتە چوڭ ئىككىگە بۆلۈندى. « شەرقى تۈركىستان سۈرگۈندىكى هۆكۈمىتى » نامىدا بىر تەشكىلات تۇغۇلدى. بۇ تەشكىلاتنى قۇرغۇچىلارنىڭ، تەشەببۇس قىلغۇچىلارنىڭ كۆپۈنچىسى « خەلقئارا شەرقى تۈركىستان مىللى قۇرۇلتىيى » غا مەنسۇپ كىشىلەر ئىكەنلىكى ئوتتۇردا. نېمىشكە شۇنداق بولۇشى كېرەك؟ ــ ئۇيغۇرلارنىڭ هاڭۋاقتىلىقىدىن شۇنداق بولۇشى كېرەك بولۇپ قالغان.

سىز ئۇستا باغۋەن بولسىڭىز كۆچەتنى قانداق يېتىلدۈرۈشنى بىلىسىز. كۆچەتكە قانداق پەرۋىش قىلغانلىقىڭىزنىڭ مېۋىسىنى بىر قانچە يىلدىن كېيىن سۆۋەتتە كۆرۈسىز. ئاچچىق ئۆرۈكنىڭ كۆچىتىنى تىكتىڭىزمۇ، ياكى ياغلىق ئۆرۈكنىمۇ، توغاچ كۆچىتىنىمۇ ياكى يىلىم شاپتۇلىنىمۇ. مېۋىسىنى كېيىن كۆرۈسىز. ئەسلى مەۋزۇغا كەلسەك، مەمتىمىن هەزرەت ئەپەندى ياخشى بىر يازغۇچى، تالانتلىق سىنارىست بولغىنى بىلەن تەشكىلاتچىلىقنى قاملاشتۇرالمايدىغان كىشى ئىدى. نېمە قىلاتتى بىر توپ ياشلار ئايرىم تەشكىلات قۇرۇپ. نېمە قىلاتتى ئۇيغۇرلار ئىككى قۇرۇلتاي قۇرۇپ. نېمە قىلاتتى ئۇيغۇرلار ئىككى چوڭ مەركەزگە ئايرىلىپ! ئۇيغۇرلار قورال كۆتەرسىمۇ ئىككى تەرەپتە، تەشكىلات قۇرسىمۇ ئىككى تەرەپتە، قۇرۇلتاي قۇرسىمۇ ئىككى تەرەپتە! بۇ ئىشنىڭ هەممىسىنى خىتاي شۇنداق قىلدۇرىۋاتامدىما؟ ئۇنداق بولسا شۇ خىتاينىڭ ئىشىنى قىلىۋاتقانلار كىم؟ ــ هېلىقى ئوچاقتا ئوتنى ئەپلەپ ياقالماي ئۆز قولى بىلەن ئۆيىگە ئوت قويىۋېتىپ تارشا ياسىغان

ئۇستىدىن يامانلايدىغان نادانلىقنى تاشلاپ، ئۆز قىلمىشلىرىمىزغا ئوبدانراق قاراپ باقايلى. ھەرقانداق تەبىئى ۋە ئىجتىمائى ھادىسە ئەلۋەتتە سەۋەپ نەتىجىلىك بولىدۇ. سىياسى ھادىسىلەرمۇ ئىجتىمائى ھادىسىلەرنىڭ بىر پارچىسى. مەسىلەن 1994 ــ 1995- يىللىرىدىكى شۇ قەلەم تۇتىدىغان ياشلارنى ئۆز سېپىگە جەلىپ قىلالمىغان مەمتىمىن ھەزرەت ئەپەندى قانداق قىلىپ قورال تۇتىدىغان قارام ياشلارنى ئىدارە قىلالايتتى! پەرەز قىلىپ باقايلى : ئەسلىدە ئۇ زات ئاشۇ قەلەم تۇتىدىغان ياشلارنى ئوبدان تەشكىللىگەن بولسا، ئۇلار « شەرقى تۈركىستان ياشلىرى تەشكىلاتى»، « خەلقئارا شەرقى تۈركىستان مىللى مەجلىسى»، « دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى» دېگەندەك ئەگرى توقاي يوللاردا ئون يىل ئېغىپ يۈرمىگەن بولاتتى. شۇنىڭدەك بىر تۈركۈم چوڭلارمۇ « شەرقى تۈركىستان مىللى مەركىزى»، « شەرقى تۈركىستان ــ ئۇيغۇرستان ــ مىللى قۇرۇلتىيى»، ئاخىردا توپلۇشۇپ « دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى »، « سۈرگۈندىكى شەرقى تۈركىستان ھۆكۈمىتى » دەپ، ھەر تەرەپتە بۇنچىۋالا كولدۇرلاپ يۈرمىگەن بولاتتى. بەلكى بۇلارنىڭ ھەممىسى بىر قاپاقنىڭ ئىچىدىلا كولدۇرلىغان بولاتتى. بەزىدە بىر ئادەممۇ تارىخنى يارىتالايدۇ، ياكى تارىخنىڭ ئۇنداق، بۇنداق بولۇپ نەتىجە بېرىشىگە سەۋەپچى بولۇپ قالىدۇ.

ئۆز ئىچىدە گەپ بىلەن ھەل قىلىنىدىغان تەشكىلى ئىشلارنى تۈزۈك بېجىرىپ كېتەلمىگەن ئادەم قانداقلارچە قوراللىق ھەرىكەت تەشكىللىمەكچى بولۇپ قالدى؟ « مىلتىقتىن ھاكىمىيەت چىقىدۇ » نى ئاڭلىۋالغان بىلەن، مىلتىقتىن بالايى ئاپەتمۇ چىقىدىغانلىقىنى ئويلاپ باققانمۇ؟ ئەسلىدە يازغۇچى دېگەن خەق بىر جۈملە خەتنى قانچە قېتىم ئۆچۈرۈپ، كۆچۈرۈپ يازىدىغان، كۆپ ئويلىنىدىغان خەق. ئەمما مىلتىقتىن ئىبارەت بۇ خەتەرلىك نەرسىنىڭ قانداق ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرىدىغانلىقىنى نېمىشكە ئويلىمىغان بولغىيتى! ئويلىغان بولۇشى

مۇمكىن. بىراق بىزنىڭ يازغۇچىلىرىمىز ئاساسەن خىيالى دۇنياغا بەنت قىلىنغان، رېئاللىقنى يېزىشتىن مەھرۇم ھالدا يېزىشنى ئۆگەنگەن كىشىلەر ئىدى. خىتاينىڭ « ئەدەبىيات ـ سەنئەت تېزىسلىرى » دا كۆرسۈتۈلگەن پىرىنسىپلارنىڭ ئىچىدە، نۇرغۇن چەكلىمىلەردىن كېيىن يېزىشنى ئۆگەنگەن، يېزىش پۇرسىتىگە ئېرىشكەن، يازغانلىرى يورۇق كۆرگەن ۋە شۇنداق خىيالى يېزىشقا ئادەتلىنىپ قالغان بولغاچقا، ئۆزى ياشاۋاتقان دۇنيانى  يېزىۋاتقاندەك كۆرۈنسىمۇ، يېزىۋاتقان بولسىمۇ خىيالى بىر دۇنيادا تۇرۇپ يازغانلىقى ئۈچۈن ئۆزى ياشاۋاتقان رېئال دۇنيادىن يىراقلىشىپ كەتكەن. شۇڭا ھەقىقى بىر رېئال ۋەزىيەتكە دۇچ كەلگەندە مېڭىسى قۇرۇقدۇلۇپ قالغاندەك، ئۆزىنى ساۋاتسىز بىرىدەك ھېس قىلغان ـ دە ، قارشىسىدىكى رېئال دۇنياغا جاۋاپ بېرەلمىگەن . بۇ گەپ پەقەت مەمتىمىن ھەزرەت ئەپەندىگىلا ئېتىلىۋاتقىنى يوق. بەلكى شۇ چاغدا ئۇنىڭ ئەتراپىدا پەرۋانىدەك ئەگىپ يۈرگەن، ياكى پوققا ئولاشقان چىۋىنىدەك يېپىشىپ يۈرگەن، ئۆزلىرىنى دانىشمەن، ئىنقىلاپنىڭ ئىدىئولوگىيەسىنى قۇرۇپ چىققۇچى ـ دەپ مەيدىسىگە مۇشتلىغان كىشىلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەمتىمىن ھەزرەت ئەپەندى ئېغىزدىكى « شەرقى تۈركىستان ئازاتلىق تەشكىلاتى » نى تۇيۇقسىز ئوتتۇرغا چىقارغاندا، شۇ تەشكىلاتنىڭ قوراللىق ھەرىكىتى بىلەن « ۋەتەننى ئازات قىلماقچى » بولغان دەسلەپكى ئاي ۋە دەسلەپكى مەۋسۇملاردا  ئۇنىڭ ئۆزىگە مەنسۇپ « مۇستەقىللىق كۈرۈشى» ناملىق بىر كىتاپ، شۇنىڭدىن سەل كېيىنرەك  « جەننەتنىڭ ئاچقۇچى» ( بۇ كىتاپ ئەسلىدە ئاۋۇ « مۇستەقىللىق كۈرىشى » دىن بۇرۇن يېزىلىپ نەشىرگە سۇنۇلغان بولسىمۇ جانابى« باش ئەمىر» سەل قىزغىنىپ قالغاچقا بۇ كىتاپنى تاتىمىسىغا سېلىپ قويۇپ، ھاپىلا ـ شاپىلا تۇتۇش قىلىدۇ ـ دە، كونا ـ يېڭى يازمىلىرىنى بىر ئاز رېمۇت قىلىپ « مۇستەقىللىق كۈرۈشى» نامىدا « ئىنقىلاپ نەزەرىيەسى » نى ئېلان

قىلىۋالىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىنرەك، بەلكى ئىگەشتۈرۈپرەك باش « دانىشمىنى» غۇلام ئوسمان ئەپەندى تەييارلىغان، نامدا ئىككىنچى، ئەمەلىيەتتە « بىرىنچى ئىنقىلاپ نەزەرىيەسي » بولغان « جەننەتنىڭ ئاچقۇچى » ) نەشىر قىلىنىدۇ . ئۇنىڭدىن كېيىنرەك « مۇجاھىدلار» نىڭ « ئىنقىلاۋى ئىرادىسىنى، ئىمان ـ ئىتىقادىنى، ھۇشيارلىقىنى ئۆستۈرۈش » ئۈچۈن يېزىلىپ، ئىككىنچى قەدەمدە تارقىتىلغان « ئۈچىنچى ئىنقىلاپ نەزەرىيىسى » « ئەينەك » ناملىق دەستۇر قول يازما شەكلىدە قولدىن قولغا ئۆتۈپ، كەڭ « پىدائىلار» نىڭ « ئىددىيەسى » يېتەكلىنىدۇ. يەنى بۇلار « قورالدىن بالايى ئاپەت » چىقىدىغانلىقىنى ئويلىيالمىغۇدەك ھالدىكى چالا ساۋات تالىپچاقلاردىن ئەمەس، بەلكى « ئىنقىلاپ نەزەرىيىسى» ، « ئىنقىلاپ دەستۇرى» يېزىپ، ئەگىشكۈچىلىرىنى، « پىدائى» لىرىنى، « مۇجاھىد » لىرىنى يېتەكلىگۈدەك «دانىشمەنلەر» ئىدى. ـ ئۇنداقتا ئۇلار نېمىشكە ئۆز كەسپلىرى بويىچە قەلەم، قەغەز بىلەن ئېتىشماي، كىتاپ، ماقالىلىرىنى يېزىشماي، شېئىر ـ نەزمىلىرىنى يېزىشماي، كىنو ـ سىنارىيەلىرىنى يېزىشماي، مىللەتكە لازىملىق، ئېھتىياجلىق بولغان ساھەنى، ئۆزلىرىگە تونۇشلۇق ئىشنى قىلىشماي، قانداقلارچە « ھاكىمىيەت چىقىدىغان مىلتىق » بىلەن ھەپىلىشىپ قالغان؟ ـ نېگىزلىك مەسىلە مۇشۇ نوقتىدا. ئۇلار يازغۇچى، شائىر، دانىشمەن بولغان بىلەن رېئاللىقتىن ئالاقىسى ئۈزۈلگەن ھالدا يېتىلگەن شۇنداق بىر خىيالى دۇنيانىڭ تەسۋىرچىلىرى ئىدى. بۇلارنىڭ ھېچ بىرى غۇلام ئوسمان ئەپەندى دىلو تۇرغۇزغاندەك « خىتاينىڭ جاسۇسلىرى، خىتاينىڭ ئىشپىيونلىرى، خىتايغا ئىشلەيدىغان مۇناپىقلار» دىن ئەمەس. ئەگەر غۇلام ئوسمان ئەپەندى مەتىمىن ھەزرەت ئەپەندىنىڭ ئۈستىدىن ئېلان قىلغان « خائىن» لىق ھۆكۈمنامىسىدە چىڭ تۇرالىسا، ئۇچاغدا بۇ دىلوغا ئۇمۇ چېتىشلىق بولۇپ چىقىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ نەزىرىدىكى « باش خائىن

» مەمتىمىن ھەزرەت « ئىنقىلاپ نەزەرىيىسى » نى يېزىشتىن كام دېگەندە ئالتە ئاي بۇرۇن « باش دانىشمەن» لىك سالاھىيتى بىلەن « جەننەتنىڭ ئاچقۇچى» نامىلىق « بىرىنچى ئىنقىلاپ نەزەرىيىسى» نى پۈتتۈرۈپ نەشىرگە تاپشۇرغان ۋە نەشىر قىلىنىپ بىگۇنا ئۇيغۇر ياشلىرى بۇ « خائىنلىق» ھەرىكىتىنىڭ قۇربانى بولۇشقا يېتەكلەنگەن. بۇ يەردە قىسقىلا بىر سوئال قىستۇرۇپ ئۆتكۈم بار. غۇلام ئوسمان ئەپەندى باش « ئەمىر» ى مەمتىمىن ھەزرەت ئەپەندىنىڭ خائىن ئىكەنلىكىنى ئۇلارنىڭ « ئىنقىلاۋى » مەغلۇپ بولۇشتىن بۇرۇنمۇ بىلەمتى، ياكى مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن بايقىدىمۇ؟ ـ مۇشۇ سوئالنى چۆرىدەپ جاۋاپ ئىزدەپ باقايلى. باش ئەمىرنىڭ خىتايغا ئىشلەيدىغان خائىن ئىكەنلىكىنى بۇرۇنلا بىلگەن بولسا بۇ « خائىنلىق » دىلوسىدا غۇلام ئوسمان ئەپەندىنىڭمۇ جىنايى شېرىكچىلىكى بار. ناۋادا ئۇ باش ئەمىرنىڭ « خائىنلىقى» نى باشتا بىلمەي، كېيىنچە تەھلىل قىلىش ئارقىلىق بەزەن گۇمانلىق مەسىلىلەرنى يىپ ئۇچى قىلىپ تېپىپ چىققان بولسا، دېمەك ئۇ ئەڭ چوڭ، ئەڭ دەلتى بىر ھاڭۋاقتى دانىشمەن. شۇنداق ھاڭۋاقتىلار، دۆمبىسى قىچىسا قولتۇقىنى قاشلايدىغان دەلتىلەر يېتەكلىگەن مىللەت پاجىئەلىك تەقدىرگە بوغۇلماي نېمە بولماقچى! دېمەك ئۇلار ئەركىن ئەللەردە تۇرۇپ ۋەتەن ئىچىدىكى ئاشۇ ساناقسىز بىسىم ئاستىدا ئەركىن ئىختىيارلىقىدىن مەھرۇم ھالدا ستەخىيەلىك قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، پاجىئەلىك باستۇرۇلۇپ تۇرىدىغان ئاۋام خەلقتىن پەرقلىق بىر ئىش قىلالمىدى. بەلكى ئۇيغۇر ھەرىكىتىگە، ئۇيغۇر ھەرىكىتىنىڭ ۋەتەن سىرتىدىكى تەرەققىياتىغا ئەڭ ئېغىر زىيان كەلتۈرگەن بولدى.

# 15

« 5ـ فېۋرال غۇلجا قىرغىنچىلىقى» نىڭ ئەسلىدىكى رېجىسسورلىرى، قوزغاتقۇچى يادرولۇق مەركىزى خىتاي ئىكەنلىكىنى زادىلا خىيالىغا كەلتۈرۈپ باقمىغان مىڭلارچە ئۇيغۇر ياشلىرى ئىنتايىن ئېچىنىشلىق قۇربان بولۇپ كەتكەن بولسا، بۇنداق تۇزاقلارغا دەسسىۋېلىشىنىڭ سەۋەبىنى دەۋرىمىز كىشىلىرىنىڭ ئويلاش، تاللاش جەھەتتىكى ئىختىيارسىزلىقى دېيىلسە، ۋەتەن سىرتىدىكى كىشىلىرىمىز ئەركىن ئويلىيالايدىغان، ئەركىن سۆزلىيەلەيدىغان، ئەركىن تەشكىللىنەلەيدىغان ۋە ئەركىن تاللىيالايدىغان ئەركىن دۇنيادا « 5 ـ فېۋرالنىڭ قوزغاتقۇچى شامىلى » دا قانداقلارچە « قوراللىق لاگىر » تەشكىلكىلىمەكچى بولۇپ قالدى؟ قايسى دۆلەت خىتايغا قارشى ھەربى ئەسلەھەلەر جەھەتتىن ياردەمدە بولالايتتى؟ خىتايغا قارشى قورالللىق ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن، خىتاينىڭ باسمىچى، ئىشغالىيەتچى ئارمىيەلىرىنى قورالللىق ئۇرۇش بىلەن يېڭىپ ۋە ئۇلارنى چېكىندۈرۈپ ۋەتەننى مۇستەقىل دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ چىققۇچە زادى قايسى دۆلەت پۇت تىرەپ ياردەم بېرەلەيتتى؟ ياردەم بېرىلگەن قوراللارنى، شۇ قورالنى ئىشلىتىپ خىتاي ئارمىيەسىنى يەر چىشلىتىدىغان « پىدائىلار» نى چىگرا ئىچىگە قانداق كۆرگۈزمەكچى بولغان؟ دۆلەت قۇرۇش شۇنچىلىك ئاسان خىيالى بىر ھادىسەمىدى؟

تارىخنى نېمە ئۈچۈن يېزىش كېرەك؟ نېمە ئۈچۈن ئوقۇش ۋە ئوقۇتۇش كېرەك؟ نېمە ئۈچۈن تارىخنى تەتقىق قىلىش كېرەك؟ ـ تارىخ ئۆتمۈشكە ئائىت ھادىسە. لېكىن ئۇنى ئوقۇش، ئوقۇتۇش، تەتقىق قىلىش ئۆتمۈش بىلەن كېلەچەكنى تۇتاشتۇرىدىغان تۇگۇندۇر. تارىختىن ساۋادى بولمىغان، دۇنيا ۋەزىيىتىدىن ساۋادى بولمىغان، سىياسەتتىن ساۋادى بولمىغان، خىتاينىڭ ھىلە ـ مىكىر، تۇزاقلىرىدىن قىلچىمۇ گۇمانى بولمىغان، ئاللاھ راسچىل بولۇشقا بۇيرىغان، پەيغەمبەر يالغان سۆزلىمەسلىككە،

ھەممىلە ئىشلەتمەسلىككە يېتەكلىگەن ئاقكۆڭۈل تالىپلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ تۆپتۈز ساددىلىقلىرىدىن تۇزاققا چۈشۈپ قالدى ــ دەپ تۇرايلى. ئۇلار ئاللاھ يولىدا كاپىرلارغا قارشى جىھاد قىلىمىز ـ دېگەن ئەقىدىلىرىنىڭ قۇربانلىرى سۈپىتىدە خىتاي قۇرغان تۇزاققا چۈشۈپ ئەرەپ جىھادچىلىرىغا ئەسىر بولدى ۋە بۇگۈنگىچە بۇ تۇزاقنى تونۇپ يەتكىنى يوق ۋە بۇ پاجىئەدىن قۇتۇلغىنى يوق ھەم قۇتۇلۇشىنى خالىمايدۇ. لېكىن تارىخنى يازالايدىغان، تارىخ توغرىسىدا لېكسىيە سۆزلەپ ئاۋام خەلقنى تالاڭ قالدۇرىدىغان « بىلىملىك، زىيالى» لار تارىختىكىگە ئوخشاش ماركىلىق بۇ ئوچۇق تۇزاققا نېمىشكە دەسسىدى؟

« رۇسلاردىن بىزگە ۋاپا كەلگەن ئەمەس.» بۇ ھۆكۈم ئاۋام خەلقىمىزنىڭ يىرىك كۆز قارىشىدۇر. ئەمما ئۇنى سىياسىلاشتۇرۇپ ئېيتقاندا رۇس بىلەن خىتاي ئارىسىدىكى جۇغراپىيەلىك ستراتېگىيە، مىللىي سىياسەت ستراتېگىيەسى، شۇنىڭدەك سودا مۇئامىلە، ئىقتىسادى ۋە ئومۇمى مەسىلىلەر، قوشنىدارچىلىق ــ چېگرىداشلىق مۇناسىۋەتلەر ۋە چېگرا مۇداپىئەلىرىنى مۇقىملاش، تۇپراقلارنى، مۇستەملىكە رايونلارنى ئىدارە قىلىش توختامى ... قاتارلىق تۇرلۇك ستراتېگىيەلىك ھەمكارلىقلار سەۋەپلىك رۇس بىلەن خىتاي ئارىسىدا ئۇيغۇرلار خەجلىنىپ كەلگەن ئىدى. 19 ــ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ۋەتىنىمىزنىڭ جەنۇبى قىسمىدىكى قەشقەرىيە ھۆكۈمىتىنى، شىمالدىكى ئىلى ئۇيغۇر سۇلتانلىقىنى ئوخشاش مەزگىلدە رۇسلار ئاغدۇردى. گەرچە قەشقەرىيە ھۆكۈمىتىنى رۇسلار بىۋاستە قول تىقىپ باستۇرمىغان بولسىمۇ، لېكىن شۇ چاغدىكى ئاجىز خىتايغا ياردەم قىلدى. ئەمما شىمالدىكى ئىلى ئۇيغۇر سۇلتانلىقىنى رۇسلار ئەسكەر چىقىرىپ باستۇردى. بىراق ئۇزۇن تۇپراق تەۋەلىكىگە قوشىۋالماستىن ئەسلىدىكى ستراتېگىيەلىك توختام بويىچە خىتايغا سېتىپ بەردى.

بۇ چاغدا رۇسلار چار پادىشالىقى دۆلەت تۈزۈمىدە ئىدى. 20 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا بولسا بىرىنچى جۇمھۇرىيىتىمىزنى رۇسلار ياردەم قىلىپ غەلىبىگە ئېرىشتۈرگەن بولسىمۇ، يەنە ئۆزلىرى قول تىقىپ باستۇردى ۋە خىتايغا تۇتۇپ بەردى. شۇنىڭدەك ئىككىنچى جۇمھۇرىيىتىمىزنى رۇسلار ئۆزلىرى پىلانلاپ، ئۆزلىرى قوزغاپ، ئۆزلىرى قوماندانلىق قىلىپ، بىزنىڭ قان بېدىلىمىزگە مۇستەقىل دۆلەت قىلىپ قۇردۇردى. بىراق ھېچ تەخىر قىلماستىن، مۇستەقىللىقنىڭ ئەمىنىمۇ تۈزۈك تېتىغىلى قويماستىن خىتايغا تاپشۇرۇپ بەردى. يۈز يىل ئىچىدە تۆت قېتىملىق دۆلىتىمىزنى رۇسلارنىڭ خىتايغا سېتىپ بېرىشى ياكى باستۇرۇپ بىكارغا بېرىۋېتىشى ئەسلىدە بىز ئۇچۇن ئەڭ چوڭ تارىخى ساۋاق ئالدىغان، ۋاز كېچىلمەس تەتقىقات قىلىشقا تېگىشلىك ئالەمشۇمۇل ئىش ئىدى. رۇس بىلەن خىتاي ئوتتۇرىسىدىكى بۇ خىل ئۇزۇنغا سوزۇلغان ھەمكارلىقنىڭ سەۋەبلىرى ئىدىئولوگىيە بىرلىكى..... پالان ـ پۇستان مەسىلە ئەمەس. چۈنكى ئالدىنقى ئىككى دۆلىتىمىزنى خىتايغا باستۇرۇپ بەرگەندە رۇسلار باشقا ھاكىمىيەت تۈزۈمىدە، خىتاي باشقا بىر ھاكىمىيەت تۈزۈمىدە ئىدى. كېيىنكى ئەسىردە بىرىنچى جۇمھۇرىيىتىمىزنى باستۇرغان رۇسلار كوممۇنىست، خىتاي دېموكراتىك تۈزۈمدە بولسا، ئىككىنچى جۇمھۇرىيىتىمىزنى باستۇرغان رۇسلار بىلەن خىتاي بىر تۈزۈم، بىر ئىدىئولوگىيەدە بولغان. 1945ـ يىلى شەرقى تۈركىستان ئازاتلىق ئارمىيەسىنى ماناس دەرياسى بويىدا توختاشقا بۇيرۇق چۈشۈرگەن كوممۇنىستىك رۇس ھاكىمىيىتىنىڭ شەرقى تۈركىستانغا بولغان مەۋقەئەسى ئېنىق بولۇپ، خىتايدا قوراللىق ئۇرۇش قىلىپ ھاكىمىيەت تالىشىۋاتقان دېموكراتىك گومىنداڭچى خىتاي بىلەن كوممۇنىستىك خىتاينىڭ قايسى بىرى غەلىبە قازانسا شەرقى تۈركىستاننى شۇ نىڭغا بېقىندۇرۇش، تەسلىم قىلىپ، بويسۇندۇرۇپ باستۇرۇپ بېرىش قارارى ئاللىبۇرۇن مۇقىملىنىپ

بولغان. بۇ تارىخى ھادىسىلەرنى، خىتاي بىلەن رۇس ئوتتۇرسىدىكى بۇ ئۆزگەرمەس ستراتېگىيەلىك ھەمكارلىقلارنى ئەلۋەتتە خىتاي بىلەن رۇسلارنىڭ سىياسىي يېتەكلىشى ئاستىدىكى، رۇسلارنىڭ ھەربىي ئىدارىچىلىكى ئاستىدىكى « شاڭخەي ئىتتىپاقى » تېررىتورىيەسىدىن ھەربى بازا ئارىيەت ئالغان، شۇ بازىدا مىلتىق ئېتىشنى ئۆگۈنۈپ ۋەتەننى قوراللىق ئازات قىلماقچى بولغان مەمتىمىن ھەزرەت ئەپەندى ئىنتايىن ياخشى چۈشىنەتتى. چۈنكى ئۇ تارىخ يازىدۇ ئەمەسمۇ! چۈنكى ئۇ « مۇستەقىللىق كۈرىشى» نامىلىق « ئىنقىلاپ نەزەرىيەسى» دە سەركەردە، دۆلەت رەئىسى خوجا نىياز بىلەن ستالىن ۋە شىڭ شىسەي ئوتتۇرسىدا بولۇپ ئۆتكەن تارىخى ۋەقەلەرگە ئالاھىدە ئورۇن بەرگەن ئەمەسمىدى!

شۇڭا تەكرارلايمىزكى، تارىخنى نېمە ئۈچۈن يېزىپ، نېمە ئۈچۈن ئوقۇپ، نېمە ئۈچۈن ئوقۇتۇپ، نېمە ئۈچۈن تەتقىق قىلىدىغان نەرسە ئۇ! 1944 ـ يىلى نىلقىدا كۆتۈرۈلگەن ئىسيانىنى جۇڭنەنخەيىنىڭ يول يورىقى بىلەن ئۆزىنىڭ يېتەكلىشى ئاستىغا ئالغان خىتاي قانلىق، ئۇيغۇر تىللىق ياش كوممۇنىست ئابدۇكېرىم ئاباس ۋە ستالىننىڭ پىلانلىشى، مەجبۇرلىشى بىلەن بۇ ئىنقىلاپنى دىنى جەھەتتىن يېتەكلىگەن، يەنە شۇ ستالىننىڭ بۇيرىقى بىلەن دۆلەت رەئىسى بولغان ئەلىخان تۆرە بۇ تۇپراقتا مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇلمايدىغانلىقىنى ئىنتايىن ياخشى بىلەتتى. بىرى ستالىنغا مۇتلەق بويسۇناتتى. يەنە بىرى خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ سادىق جاسۇسى ۋە پىداكارى ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسىلا بۇ ئەلدە دۆلەت قۇرۇش ئۈچۈن ئىش قىلىۋاتقانلار ئەمەس ئىدى. شۇ ئىنقىلاپتا قۇربان بولۇۋاتقانلارنىڭ ناھاق قۇربانلار ئىكەنلىكىنى ئۇلار ۋە باشقا ستالىن يوللىغان نۇرغۇن كوممۇنىست رەھبەرلەر ئوبدان بىلەتتى. بۇ جەڭچىلەر مۇستەقىل شەرقى تۈركىستان دۆلىتىنىڭ قۇربانلىرى بولماستىن بەلكى ۋاستىلىك ھالدا ستالىن بىلەن ماۋ نىڭ قۇربانلىرى بولۇپ قالغان ئىدى.

ئۇنداقتا بۇ قېتىم مەمتىمىن ھەزرەتنىڭ ئۇرۇش لايىھەسىگە قول بېرىپ قۇربان بولغانلار كىمنىڭ قۇربانلىرى ئىدى؟ ـ ئالدىنقى باپلاردا قىسمەن تىلغا ئېلىنىپ ئۆتتۈلگەندەك سوۋېيېت ئىتتىپاقى پارچىلانغاندىن كېيىن خىتاي ئىگەللەپ تۇرغان مۇستەملىكە ئۇيغۇرستان چېگراسىغا كۆتۈلمىگەن ئەھۋال ئاستىدا بىر مۇنچە ياش ۋە قېرىنداش دۆلەتلەر قوشنا بولۇپ قالدى. بۇ ۋەزىيەت خىتاي ئۈچۈن ھەقىقەتەن خەتەرلىك ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈشى مۇقەررەر ئىدى. دېمىسىمۇ سوۋېيېت ئىتتىپاقى دەۋرىدە، ئۇنىڭدىن ئىلگىرىمۇ ئاۋالقى ئۆتمۈشلەردە بۇ تۈپراقلارنى رۇسلار خىتايغا نىسبەتەن خەتەرسىزلەندۈرۈپ كەلگەن. لېكىن ئوتتۇرا ئاسىيا ئەللىرىنىڭ بىر ئۆلگۈچە مۇستەقىل دۆلەت بولۇپ رۇسلارنىڭ ئىدارىسى ئاستىدىن چىقىپ كېتىشى خىتايغا يۈزلىنىپ كېلىۋاتقان بىر شۇملۇقتىن دېرەك بېرەتتى. دەل شۇ خەۋپنى ئوبرازلاشتۇرۇپ، ئالمۇتا، بىشكېك ، تاشكەنت قاتارلىق شەھەرلەردە ئۇيغۇرلارنىڭ پىششىقەدەم ئىنقىلاۋى شەخسلىرى، سىياسى ئەرباپلىرى تەشكىللىنىشكە، ئۇيغۇرستاننىڭ مۇستەقىللىقىنى تەلەپ قىلىشقا باشلىدى. بۇ ھال خىتاينىلا ئەندىشىگە سېلىپ قويماستىن ھەتتا رۇسلارنىمۇ دىققەتلەندۇرەتتى. چۈنكى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ سىلاۋيانلاشقان قىسمىنى رۇسلارنىڭ تېنچ ئىدارە قىلىشى ئۈچۈن ئۇيغۇرلار، ئۇيغۇرستان جەزمەنكى خىتاينىڭ ئىدارىسى ئاستىدا تۇرۇشى شەرت بولۇپ كەلگەن ۋە ھېلىمۇ ئۇيغۇرستاننىڭ خىتايدىن ئايرىلىپ چىقىپ بىر پۈتۈن تۈركى ئاسىيا بولۇشى يەنىلا رۇسلارنىڭ بۇ تۇپراقلارنى « ئۆز مەيلىگە قويۇپ بېرىپ ئىدارە قىلىش، جاپاسىنى ئۆزلىرى تارتىپ ھالاۋىتىنى رۇسلار كۆرۈش » پىلان، ستراتېگىيەلىرىگە تامامەن قارشى ئىدى. ئۇيغۇرلار ئەزەلدىن خەۋپلىك كۈچ بولۇپ كەلگەن. چۈنكى ئۇيغۇرلارنىڭ مىللى ئىرادىسىنىڭ كۈچلۈك ئىكەنلىكى، دۆلەتچىلىك ئىقتىدارى ، باشقا تاغچى، چارۋۇچى قېرىنداشلارنى ئۆز تەسىرىگە ئېلىپ

بىر پۈتۈن ئىدارە قىلىش ئەھتىماللىقى ئىنتايىن يوقۇرى ئىدى. رۇسلارنىڭ قولىدىن چىققان سىلاۋيان ئاسىياسىنىڭ دەرھال « مۇستەقىل دۆلەتلەر ھەم دوستلىقى» نى قۇرۇپ چىقىشىمۇ رۇس بىلەن خىتاينى چۆچۈتكەن بىر خەتەرلىك ستراتېگىيەنىڭ باشلىنىشى بولۇپ قالغان. شۇنىڭ ئۈچۈن تېخى دۆلەتنىڭ قانداق نەرسە ئىكەنلىكىنى تۇزۇك ئاڭقىرىپ بولالمايۋاتقان، دۆلەتچىلىك مەنپەئەتىگە قارىغاندا مىللى قېرىنداشلىق، تەقدىرداشلىق ھېسسىياتى كۈچلۈك تۇرۇۋاتقان سىلاۋيان ئاسىيالىق قېرىنداشلىرىمىزنىڭ دۆلەتچىلىك چۈشەنچىسىنى ئۆستۈرۈشكە رۇسلار بىلەن خىتاي بىرلىكتە پىلان تۈزۈپ ھەمكارلىقنى قايتىدىن باشلىدى. ئۇيغۇردىن ئىبارەت « بۇ تىنجىماس، ئىسيانكار، ئەتراپىدىكى قوشنىلىرىنى ئۇرۇشقا سۆرەپ كىرىدىغان، تۇپراققا تويمايدىغان، كېڭەيمىچى، قېرىنداشلىرىنى ئاياپ ئولتۇرمايدىغان، ئۆزىدە كۆيۈۋاتقان ئوتنى قوشنىلىرىغا، قېرىداشلىرىغا تۇتاشتۇرۇپ ھەممىنى بىرلىكتە كۆل قىلىدىغان، توختىماي قان تۆكۈشنى ئارزۇ قىلىدىغان......» بۇ خەتەرلىك مىللەتنىڭ تولۇق ئەپتى بەشىرىسىنى سىلاۋيان ئاسىياسىدىكى ساددا دۆلەتلەرگە كۆرسۈتۈپ، بۇ ئەللەردىكى ئۇيغۇرلار بىلەن قېرىنداش خەلقلەرنىڭ ھۇشيارلىقىنى ئۆستۈرۈش، ئۇيغۇردىن نەپرەتلەندۈرۈش، ئۇيغۇرنى كۆرگەن يەردە قوللىرىدىن كېلىشىچە يوقۇتۇشقا تىرىشىش – قاتارلىق ئىرقى دۈشمەنلىكنى قانات ياردۇرماقچى بولدى. خىتاي بىلەن رۇس سەپەرۋەرلىكىدە باشلانغان بۇ ئىرقى دۈشمەنلىك جېكى ئەينى ۋاقىتتىكى گېتلىر گېرمانىيەسىنىڭ ياۋرۇپادا ئىجرا قىلغان يەھۇدىلارغا قارىتا ئىرقى تازىلاش ھەرىكىتىنىڭ ئاسىيادىكى – سىلاۋيان ئاسىياسىدىكى بىر شەكلى ئىدى. گېتلىر گېرمانىيەسى ئۆز ۋاقتىدا يەھۇدىلارنى يوقۇتۇش ئۈچۈن « گېرمانىيە، گوللاندىيە، پولشا، رومانىيە، ۋىنگىرىيە » ئىتتىپاقىنى قۇرغان بولسا ، شۇنىڭدىن ئاز كەم ئاتمىش يىل كېيىن

ئۇيغۇرغا قارشى مەزكۇر « شاڭخەي بەشلىكى » سان جەھەتتە، مۇددىئا، ستراتېگىيە جەھەتتە ئوخشاش فورمىدا قۇرۇلدى ۋە ھەرىكەت ئىجرا قىلىشى كۈتۈلمەكتە ئىدى.

خىتاي بىلەن رۇسلار ئوتنى ھەرگىزمۇ ئۆز قولى بىلەن تۇتىدىغان مىللەتلەردىن ئەمەس. ئۇيغۇرنى جازالاش ئۈچۈن جىنايى پاكىتنى ئۇيغۇرنىڭ قولى بىلەن ئىشلىشى كېرەك. بۇ نوقتىدا شۇنداق بىر پەرەزنى كۆزدىن كەچۈرۈپ باقايلى: ئەگەر مەمتىمىن ھەزرەت ئەپەندى شۇ چاغدىكى ئىمتىيازى، شۆھرىتى بىلەن تۈركىيەدە ياشىمىغان، بەلكى ئوتتۇر ئاسىيا ـ سىلاۋيان ئاسىياسىدا ياشىغان بىرى بولۇپ قالغان بولسا، قولىدا ئۇيغۇرلارنىڭ مەركىزى تەشكىلاتى بولغان قۇرۇلتاي بار دېيىلسە، ئۇ پات پاتلا « گەپ بىلەن، يىغىن ئىچىش بىلەن ئىش ھەل بولمايدۇ، بەدەل تۆلىمەي نەتىجىگە ئېرىشكىلى بولمايدۇ.....» دېگەن تۇراقلىق جۈملىلىرىنى تەكرارلاپ تۇرغانلىقىنى موسكۋا ك گ ب لىرى ئاڭلاپ تۇرغان بولسا ئەھۋال قانداقراق بولغان بولاتتى! ئۇ چاغدا مەمتىمىن ھەزرەت ئەپەندى يازماقچى بولغان « ئىنقىلاپ نەزەرىيەسى» دە قۇرئان، ھەدىسلەر ئانچە كۆزگە چېلىقمىغان بولاتتى. چۈنكى سىلاۋيان ئاسىياسىدا دىن ئانچە بەك تەرغىپ قىلىنمايتتى. بەلكى مىللى ـ ئېتنىك مەسىلە، تارىخ، ھۆكۈمرانلىق، ئاق سۆڭەك ئۇيغۇرلۇق كۆپرەك تىلغا ئېلىنغان بولاتتى ـ دە، موسكۋادىن كېلىدىغان ك گ ب ـ ئىستىخبارات خادىمى دىندار قىياپىتىدە ئەمەس، بەلكى يوقۇرى تەربىيە كۆرگەن، سىپايە، بىلىملىك، تارىخچى، تەتقىقاتچى، ( مەخپىيەتلىكنى نەزەردە تۇتقان ھالدا ئارىغا تەرجىمان ئىشلەتمەسلىك ئۈچۈن ئۇيغۇرچە سۆزلەيدىغان، چېھرىمۇ ئۇيغۇرغا ئوخشاپ كېتىدىغان) قىياپەتتە بىرى بولۇپ كەلگەن بولاتتى. ئۇ دەسلەپكى كۆرۈشۈشتە مەمتىمىن ھەزرەت ئەپەندىدە ئىشەنچ تۇرغۇزۇش ئۈچۈن قويىدىن بىر كىچىك ئورۇش خەرىتىسىنى چىقىرىپ ئاۋايلاپ ئاچاتتى ـ دە، ـ ئەپەندىم، سىز ئارتۇقچە

ئىككىلىنىپ ئولتۇرماڭ، ۋاقىت يېتىپ كەلدى. رۇسلار تارىختا ئۆتكۈزگەن خاتالىقنى يۇيۇش ئۈچۈن پېقىرنى جانابىڭىز بىلەن سۆزلۈشۈشكە يوللىدى. رۇسلار پەقەت يۇزىنى يۇيۇش ئۈچۈنلا ئەمەس بەلكى بۇ قېتىملىق ئۇرۇشتا رۇسىيەنىڭ تۈپ ۋە مەڭگۈلۈك ستراتېگىيەسى ئالدىن بەلگۈلەندى. مانا بۇ خەرىتىگە قاراڭ! ــ دەيتتى ۋە ئۆزى بارماقلىرىنىڭ ئۇچى بىلەن نىختاپ تۇرۇپ چۈشەندۇرۇشكە باشلايتتى! بۇ ئۇرۇش خەرىتىسى ئېھتىمال مۇنداق تەسۋىرلەنگەن بولاتتى: رۇسىيەنىڭ ئۇيغۇرىستاننى بويلاپ خىتايدىن مۇداپىئەلىنىش چىگرا لىنىيەسى مۇڭغۇلىيەنىڭ غەربى جەنۇپ ئوتتۇر سىزىقىدىن باشلاپ تاجۇكىستاننىڭ شەرقى جەنۇپ ئافغان كاردورىغىچە بولغان ئۇزۇن كەتكەن تاغ دالالارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەگەر رۇسىيە ئۇيغۇرىستاننىڭ مۇستەقىللىق ئۇرۇشىغا مەبلەغ سېلىپ ئۇيغۇرىستاننى خىتايدىن ئايرىپ چىقسا، ئۇ چاغدىكى خىتايغا قارشى چىگرا مۇداپىئە لىنىيەسى ئەڭ ئاز دېگەندىمۇ ھازىرقىدىن سەككىز ھەسسە قىسقىرايدۇ. يەنى مۇڭغۇلىيەنىڭ ئۇيغۇرىستانغا تۇتاشقان چىگرا لىنىيەسىدىن باشلاپ ئۇيغۇرىستاننىڭ تىبەتكە تۇتاشقان چىگرا لىنىيەسىگىچىلىك بولغان ئارلىقتىكى خىتاي بىلەن چىگرالىنىش نوقتىسىغا يىغىنچاقلىنىدۇ. شۇنداق بولغاندا رۇسىيەنىڭ ئۇيغۇرىستان مۇستەقىللىق ئۇرۇشىغا سالغان بارلىق ھەربى خىراجىئەت چىقىمى ئۇيغۇرىستان مۇستەقىل بولغاندىن كېيىنكى رۇس ــ خىتاي چىگرا مۇداپىئەسىدىن تېجەلگەن بەش يىللىق ھەربى راسخۇدى بىلەن ئۆتەلگەن بولىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن رۇسىيەنىڭ ئىقتىسادى كۇنسايىن ئالغا قاراپ راۋاجلىنىدۇ. ھەربى خىراجىئەت تېجەلدى دېمەك دۆلەت روناق تاپتى دېمەكتۇر! مانا بۇ رۇسلارنىڭ ئۇيغۇرىستان خەلقى ئالدىدا يۇزىنى يۇيۇشى ۋە ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن مەبلەغ سېلىشىدىن ئىبارەت بىر چالمىدا بىر قانچە پاختەكنى سوققانلىقتۇر!

موسكۋادىن كەلگەن دىپلوماتلارنى چۈشەندۈرگەندە بىزنىڭ ئۇرۇش خۇمار« قوماندانىمىز» نېمىلەرنى قىلماس ئىدى ! نېمىلەرنى دېمەسس ئىدى! بىراق ئۇرۇش خۇمار قوماندان سىلاۋيان ئاسىياسىدىكى بىرى بولماي، ياۋرو ــ ئاسىيادىكى بىر دىيانەتلىك زات بولۇپ تۇرىۋاتقاندا ئۇنىڭ يېنىغا موسكۋادىن ھېلىقى دىپلومات ھەرگىز كەلمەيتتى. چۈنكى ئۇيغۇرلار تارىختا بىر قانچە قېتىم رۇسلاردىن كۆڭلى قالغان. ئۇلار تۈركلەر بىلەن قېرىنداش، دىنداش، ھەتتا تۈركىيە ئۆز ۋاقتىدا ھىندىستاندا، پاكىستاندا، ئافغانىستاندا تېنەپ يۈرگەن ئەيساالارغا ئاتادارچىلىق قىلغان. نۆۋەتتىمۇ تۈرك ھۆكۈمىتى ــ سۈلەيمان دېمىرەل ھۆكۈمىتى تېنەپ قالغان ئۇيغۇر يىتىمچىلىرىغا ۋەتەنداشلىق بەرمەكتە! مانا بۇ چوڭ پۇرسەت! تۈركىيەلىك تۇققانلىرى ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىنى ئىندەككە كەلتۈرەلەيدۇ.... ئۇيغۇرلارمۇ تۈرك قېرىنداشلىرىغا ئىشىنىدۇ. تۈرك ھۆكۈمىتىمۇ تەيۋەن بىلەن خىتاينىڭ ئوتتۇرسىدا دەلدەڭشىپ يۈرۈپ، ياكى تەيۋەندىن تۈزۈك نەپ يوق، ياكى خىتايغا يېقىنلىشىدىغان تۈزۈكرەك بىر تەدبىر تاپالماي ياتسىراپ كېلىۋاتقان بولغاچقا موسكۋانىڭ تەكلىپىنى ــ باش ئۇستىگە ــ دەپ، قوبۇل قىلاتتى. موسكۋانىڭ بۇ تەكلىپى تۈرك ــ خىتاي مۇناسىۋىتىنى جىپسلاشتۇرغاندىن سىرت، رۇس ــ تۈرك تىجارى، تەرەققىيات ھەمكارلىقىنىمۇ جانلاندۇراتتى. شۇنىڭدەك تۈرك ــ ئەرمەن زىددىيەتلىرىنىڭ تۈگۈنى يېشىلەتتى. ھەمدە تۈركىيەنى زادىلا مەنسىتمەي كېلىۋاتقان « غەرپلىك دوستلىرى » ئالدىدا ئۆزىنى كۆرسۈتۈشكە، دۇنيانى ئىدارە قىلىۋاتقان « بەش » نىڭ ئەڭ كۈچلۈك بولغان ئىككىسى بىلەن قولتۇقلۇشۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرسۈتۈشكە پۇرسەت كەلگەن ئىدى. بۇنىڭدىن كېيىن تۈركىيەگە ئالدىراپ چاخچاق قىلماسلىقى كېرەكلىكىنى بىلدۈرۈدىغان ، تۈرك تۇپرىقىنى پارچىلىماقچى بولغان، ئوتتۇز مىڭ كىشىنىڭ قاتىلى بولغان پ ك ك ( پې كا كا ــ پارتىي كۇردىستان كەر كارەن ــ كۇردىستان ئىشچىلار

پارتىيەسى ) بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ قانۇنسىز تېرور ھەرىكەتلىرىگە ماددى ۋە سىياسى جەھەتتىن ياردەمدە بولۇپ كېلىۋاتقان « غەرپلىك دوستلار» غا « دىققەت! » سىگنالىنى چالىدىغان پۇرسەت كەلگەن ئىدى. موسكۋانىڭ بۇ تەكلىۋى يەنە بۇنىڭدىن بۇرۇن تۈركىيەنىڭ تەيۋەن بىلەن قويۇق ھەمكارلىششىغا ، شۇ ئارقىلىق تەيۋەنچى دۆلەتلەر بىلەن تېخىمۇ ئىچ قويۇن بولۇشىغا قارشى پ ك ك نى كوزۇر قىلىپ تۈركىيەنى خېلە بەكلا بېسىم ئاستىدا تۇتۇپ كېلىۋاتقان خىتايغا قارشى كوزۇر بولۇشتا تېپىلماس ئەڭگۈشتەر ئىدى.

« گەپ بىلەن، شۇئار بىلەن، تەشكىلات قۇرۇش بىلەن، دۇنياغا داتلاش بىلەن ھېچ ئىش تاڭاتمايدۇ. بەدەل تۆلىمەي نەتىجە بولمايدۇ. قان تۆكمەي ۋەتەن ئازات بولمايدۇ، ئەگەر ئازات بولۇپ قالسىمۇ تەمى بولمايدۇ. شۇڭا بىر ئىش قىلىش كېرەك!» نى بىز ئاڭلاشتىن بۇرۇن خىتاي بېخەتەرلىك ئىدارىسى، رۇس ك گ ب لىرى، تۈرك ھەربى ئىستىخباراتلىرى ئاڭلاپ، تەتقىقات يۈرگۈزۈپ، بۇ گەپلەر دېگۈچىگە نىسبەتەن گەرچە ئادەتكە ئايلىنىپ قالغان بىر بانا بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ بىر يازغۇچى بولغانلىقى، ئۇ بىر مىللەتنىڭ كۆزگە چېلىققان ئادىمى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ گەرچە ھېچقانداق ئىجرائاتى بولمىسىمۇ لېكىن ئالەمشۇمۇل بىر قۇرۇلتاينىڭ « ئىجرائات باشلىقى» بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئۆزى ئويلىماستىن دەۋەتكەن گەپلىرى ئۇستىدىمۇ ھېلىقىدەك ئىستىخبارات ئورگانلىرى نۇرغۇن پۇل خەجلەپ تەتقىقات ئېلىپ باردۇ. ئۇ زات « مەن بىر ئىش قىلىمەن ئۇكا، بۇنداق قۇرۇق تەشكىلاتچىلىقتىن بىر تال پاختەكمۇ ئۇركىمەيدۇ، پۇلنى شۇنىڭ ئۈچۈن تېپىۋاتىمەن، بولمىسا ئۆزەمنىڭ قولۇمدىكىسى سۇلالەمگىچە يېتەتتى....» ـ دەپ، ( « ئاكا سىز تىجارەتچى بولۇۋاپسىزغۇ، ۋەتەن مىللەتنىڭ غېمىنى كىم قىلار ئەمدى » دېگەن ) ياشلارغا بەرگەن جاۋابى سىلاۋيان ئاسىياسىدىلا ئەمەس، ھەتتا ۋەتەنگىچە ئاڭلىنىپ كەتكەن : « مەمتىمىن ھەزرەت

تاتارىستاندا تېرە زاۋۇتى قۇرۇپتۇ ـ دەك، قازاقىستاننىڭ چىمكەنت ۋىلايىتىدە پاختا شىركىتى قۇرۇپ پۈتۈن ئوتتۇر ئاسىيانىڭ پاختىسىنى سېتىۋېلىپ ياۋروپاغا تارتقىدەك، قىرغىزىستاننىڭ جالال ئابات ئوبلاستىدا ياغلىق زاۋۇتى قۇرۇپتۇ ـدە، پۈتۈن مۇسۇلمان ئاياللار چېگىدىغان ياغلىقنى ھۆددىگە ئېلىۋېلىپ بىر تۈتاش تەمىنلىگۈدەك! ـ شۇنچىۋالا پۇلنى نېمە قىلارمىش ؟ ـ نېمە قىلاتتى گەپ بىلەن ئىش ھەل بولمىغانكىن، ئالدى بىلەن پۇل تېپىپ شۇ پۇلغا سوۋېيىت ئىتتىپاقىدا چىرىپ كەتكەن پارىخور قۇماندانلاردىن زامانىۋى قورال سېتىۋېلىپ خىتاي دېگەننىڭ يەتمىش پۇشتىنى كۆزىگە كۆرسىتىدىكەن! ـ يائاللاھ! شۇ كۈنلەرمۇ كېلىدىكەندە ئوغۇل بالا ئەزىمەت!

ئۇ زات « بىر ئىش قىلىش » تىن قاق بەش يىل بۇرۇن ئۇنىڭ بىر ئىش قىلىدىغانلىقى توغرىسىدا ئالەمگە ئېپار، ئەنبەر پۇرىقى تارقاپ كەتكەن ئىدى. ـ نېمە ئىش قىلدى؟ ـ« تونۇش دۈشمەنلەردىن زەمبىرەك ئارىيەت ئېلىپتۇ » دېگەن لەتىپە ـ چاخچاقلارنى ئوبرازلىق ئويۇن ئارقىلىق تاماشىبىنلارغا تەقدىم قىلماقچى بولدى!

# 16

ئۇيغۇرلار دۆلەتچىلىك ئىقتىدارىنى يوقۇتۇپ دۈشمەنلەرگە ئەسىر بولغان بەختسىزلىك مىللى ھاياتىدا ھېچقاچان تەقدىرگە تەن بەرمىدى. يارىتىلىشىدىنلا ئاقسۆڭەك، ئالىجاناپ، باشقىلارغا بېقىنىشتىن ئۆلۈمنى ئەلا بىلىدىغان، خوجايىنلىق روھقا ئىگە بۇ مىللەت ئۆزىنى باشقىلاردىن تۆۋەن كۆرگىنى يوق. خىتايدىن ئىبارەت تارىخى، مىللى دۈشمىنىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى بىر دەقىقىمۇ ئېتىراپ

قىلىپ باقمىدى. دۈشمەنگە قارشى، مۇستەملىكىچىگە قارشى ئەۋلاتمۇ ئەۋلات جەڭدىن باش تارتمىدى. لېكىن ئەركىنلىك، ئازاتلىق، مۇستەقىللىق ئۇرۇشى بالىنى دادىغا ئۇلاشتۇرمىدى. دۈشمەنگە قارشى، مۇستەملىكىچىگە قارشى ئۇرۇش ئەسىر ئاتلاپ كەتكەنلىكتىن، مىللەتنىڭ روھى ئۆلمىگەن بىلەن ئەقىل، تەپەككۇرى، يىراقنى كۆرەرلىكى زەئىپلەشتى. پىلانلىق ھەرىكەت قىلىش ئورنىغا نېمە ئۇدۇل كەلسە شۇنى ئۇرۇپ چىقىش، دۈشمەننى قايمۇقتۇرۇپ پۇرسەت يارىتىش ئورنىغا قاراملارچە جاسارەت كۆرسىتىپ تۇزاققا چۈشۈش، ئىنقىلاۋى ھەرىكەتتە غەلبىنى كۆزلەش ئورنىغا قەھرىمان، باتۇرلۇقنى غايە قىلىش... قاتارلىق چېكىنىش خۇسۇسىيەتلىرى مىللى مەۋجۇتلىقىمىزنىڭ خارەكتېرىگە، بىر پۈتۈن مىللى پىسخىكىمىزغا ئايلىنىپ قالدى. بەدەل تۆلەشنى – مەردانىلىك دەيدىغان، قاتمۇ قات مەغلۇبىيەتلەرنى، قانلىق باستۇرلۇشنى – نەتىجە دەيدىغان، ئەسلىدىكى مۇستەقىللىققا ئىنتىلىشتىن ئىبارەت ھەقىقى غايىنى ئۇنتۇپ، ئۈمۈتسىزلىككە تولغان ھالدا پەقەت قۇربان بولۇشنىلا مەدھىيەلەيدىغان بولۇپ قالدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇدۇل كەلگەن ساغلىقنىڭ ئارقىسىدىن سۈت قوغلاپ يۈگۈرگەن يېتىم قوزىدەك ھەر تەرەپكە بۈيۈن قىسىپ ئىنتىلىدىغان ھالەت مىللىتىمىزدە قەد كۆتەردى.

« شەرقى تۈركىستاننىڭ تەقدىرىنى موسكۋا يېشىدۇ! » دېيىتتى يۈسۈپ بەك مۇخلىسى ۋە ئۇنىڭ تەرەپدارلىرى. تەقدىرىمىزنى موسكۋانىڭ قانداق يېشىدىغانلىقىنى 19 - ئەسىردە ئىككى قېتىم، 20 - ئەسىردە دۆلەت دەرىجىلىك مەغلۇبىيىتىمىزدە ئىككى قېتىم، ئىنقىلاۋى ياردەم خارەكتېرىدە، كۆچۈرۈپ يۆتكەپ كېتىش ئۇسۇلىدا كۆپ قېتىم كۆرسىتىپ قويدى. لېكىن بىز كۆرۈپ تۇرۇپمۇ ئەقىل تېپىشنىڭ ئورنىغا سۈتكە ئۆگۈنۈپ قالغان يېيىتم قوزىدەك موسكۋانىڭ پېشىدىن ئايرىلمىدۇق. ئۆتكەن ئەسىرنىڭ دەسلىۋىدىن تا ئاخىرقى يىللىرىغىچە – ئۈچىنچى

مىڭ يىلنىڭ بۇسۇغىسىغىچە موسكۋانىڭ قۇيرۇقىدىن نېرى بولالمىدۇق. موسكۋا ك گ ب لىرى بۇ قېتىم ئوتنى لاخشىگىر بىلەن تۇتۇشنى پىلانلاپ « شەرقى تۈركىستاننىڭ تەقدىرىنى يېشىش » نى تۈركىيەگە ئۆتكۈزۈپ بەردى. ــ نېمىشكە شۇنداق قىلغاندۇر؟ ــ ئۇيغۇرنى ئاخماق قىلىۋېرىپ زېرىكىپ قالغانمىدۇر يا بولمىسا. تەرسا لۈكچەكلەرمۇ ئون مۇشت تەككەندە بىرەر قېتىم ياندۇرۇپ مۇشت ئاتالمايدىغان مەتونى ئۆرۈۋېرىشتىن يالتىيىپ قالارمىش. توۋا خۇدايىم! ك گ ب نىڭ ئىشلىرى ھەقىقەتەن مۇرەككەپ. ئەسلىدىكى مەقسەتكە كېلىشتىن ئاۋال يەنە بىر ئاز ئايلىنىپ كېلەيلى.

1962 ـ يىللىرىدىن باشلاپ ئىزچىل ھالدا « ۋەتەن قۇتقۇزۇش رادىئوسى» نى ئىشقا سېلىپ، 1969 ـ يىلى ئومۇمى يۈزلۈك باستۇرۇلۇش پاجىئەسىگىچە، تىللاردا داستان بولغان« ئاخۇنوپ، مىجىت سىلىڭ » لارنىڭ يېتەكچىلىكىدىكى قوراللىق ۋەقەلەرنى كەلتۈرۈپ چىقارغان، ئۇيغۇرلارنىڭ ھەقىقى مىللەت سۆيەر ئوغلانلىرىنى قورچاق يەرلىك ھۆكۈمەت قاتلاملىرىدىن، قوراللىق ھەربى قىسىملىرىدىن تاسقىتىپ چىقارغان، ئومۇمى جەمئىيەتتىكى يۈرەكلىك ۋەتەن سۆيەر يىگىتلەرنى، رادىئو ئاڭلىيالىغۇدەكلا كىشىلەرنى ئىسيان كۆتەرتىپ بىر پۈتۈن يىغىشتۇرۇشقا يېتەكلىگەن ك گ ب ئەمەسمىدى! ھەتتا رادىئو دولقۇنلىرى ئارقىلىق « 67 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى دەل چۈش ۋاقتىدا تۇرغات تاغ ئېتەكلىرىگە يېتىپ كېلىڭلار! سىلەرگە سوۋېيېت قىزىل ئارمىيەسىدىن 15 مىڭ كىشىلىك قورال يەتكۈزۈلىدۇ! » چاقىرىقى قانچە مىڭلىغان يىگىتلەرنىڭ قېنىغا زامىن بولمىغان! ۋەتىنىمىزنىڭ شىمالى قىسىمىدا شۇ موسكۋانىڭ يوشۇرۇن ئالاقىسى بىلەن تەشكىللەنگەن ئىنقىلاۋى كومىتېتىنىڭ ياش رەھبەرلىرىدىن ئەخمەت ئىگەمبەرى، سابىت ئابدۇراھمان ـ ئۇيغۇرى لارنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن قاچاق يوللار ئارقىلىق موسكۋاغا يوللۇنۇپ،

سوۋېيېت كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزى كومىتېتىدىن شەرقى تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىق ھەرىكىتىگە ياردەم بېرىش تەلىۋىنى ئېلىپ كەتكەن ياش ئىنقىلاۋى سەپداشلاردىن دولقۇن ياسىن، خەرنىسا قاتارلىق يەتتە نەپەر قىز- يىگىت جەڭچىلەرمۇ ك گ ب تەرىپىدىن ئالمۇتىدا توختۇتۇلۇپ قېلىنىپ، ئاشۇ « ۋەتەن قۇتقۇزۇش رادىئوسى» دا ئىشلىتىلگەن ۋە ئۇلارنى رادىئو دولقۇنلىرى ئارقىلىق گۇۋالىق بېرىشكە مەجبۇرلاپ « سوۋېيېت ھۆكۈمىتى شەرقى تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىقى ئۈچۈن ھەرزامان تەييار» ئىكەنلىكى توغرىسىدا ھەركۈن ئالتە نۆۋەت ئاڭلىتىش تارقاتقان ئەمەسمىدى . ئۇيغۇرلار « ئىنقىلاۋى باشلىق» نى كۆرمىسىمۇ، « رادىئو دولقۇنلىرى » ئارقىلىق قوزغۇلۇپ تاققا چىقىدىغان باتۇر مىللەت ئىكەنلىكىنى ياخشى بىلگەن موسكۋا ك گ ب لىرى ۋەتەن ئىچى ـ سىرتىدىكى « قان خۇمار» ئۇيغۇرلارنى قوزغاش ئۈچۈن ھېلىقى تاشلىۋەتكەن كونا تەرەكتۇرنىڭ ماتۇرىدەك « رادىئو » نى يۇنانىستاندىن يۆتكەپ كېلىپ ئاڭلىتىش بېرىش تەكلىۋىنى 1998 ـ يىللىرى « شەرقى تۈركىستان ئازاتلىق تەشكىلاتى» نىڭ رەھبىرىگە كىم ئارقىلىق ئاڭلاتقان بولغىيتى ھە! ئەگەر تۈرك دۆلەت چېگراسىنى قوغداۋاتقان، بۇ ئويۇندىن خەۋەرسىز تۈرك مىللەتچى ئېقىمىغا مەنسۇپ ئەسكەرلەر ھېلىقى كونا داڭقانى چېگرادا مۇسادىر قىلىۋەتمىگەن بولسا، ئۇنى تالىبانلار قورغانىغا سالامەت يەتكۈزۈۋالغان بولسا ئويۇن قانداق ئوينالغان بولاتتى ھە!

ئۇيغۇر شۇنداق ھاڭۋاقتى، يىتىم قوزىدەك بىچارە ئىدى. 1934- يىلى ئۇيغۇرنىڭ چارەك ئەسىر قۇربان بېرىپ قۇرغان دۆلىتىنى رۇسلار باستۇرۇپ يوقاتقانلىقىنى ئۇيغۇر ياخشى بىلەتتى. بىراق ئارىدىن ئون يىل ئۆتۈپلا تاغ ئارقىسىدا سوۋېيېت ك گ ب لىرى ئىسىملىرىنىڭ ئاخىرىغا سىلاۋىيانچە موپ، ۋىچ لار قوشۇلغان سوۋېيېت گىراجدانلىق پاسپورتىنى تارقىتىپ، قولىدا بۇنداق پاسپورتى بارلارنىڭ ئۆلۈك تىرىكىگە سوۋېيېت

ھۆكۈمىتى ئىگە بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، قوللىرىغا مىلتىق تۇتقۇزۇپ رۇسچە كوماندا بېرىپ جەڭ مەيدانىغا يەنى قۇشخانىغا ھەيدىدى. ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئۇزۇن مۇڭگۈزلۈك سەركە، دىنى ئۆلىما ئەلىخان تۆرە كېتىۋاتاتتى. بۇ بىچارە ئۇيغۇرنىڭ ئويلانغۇدەك ھالى يوق ئىدى. ــ ھەي ۋاپاسىز چېقىر كۆز ئورۇس! بىزنىڭ مۇستەقىل دۆلىتىمىزنى سەن باستۇرۇپ يوق قىلغان ئىدىڭ! ئون يىل ئۆتۈپلا يەنە سەن بىزگە قورال تۇتقۇزۇپ نېمە قىلماقچى! ــ دېمىدى ۋە دېيەلمىدى. كىملەر دېيەلىسۇن! دادىسى بىلەن ئوغلى يۈز كۆرۈشەلمەي، ئوغلى چوڭ بولغىچە دادىسى قۇشخانىدا كانارىغا ئېسىلىپ تېرىسى تۇلۇمچە سويۇلۇپ تۇرىدىغان، يېتىم قوزىدەك چوڭ بولىدىغان بۇ ئۇيغۇرنىڭ ئىچىدە ئەلىخان تۆرىدەك ئەۋلىياخانىغا، ئاباسوپ، دەلىلقان، ئەخمەتجانلاردەك « زىيالى» لارغا كىم چىش يېرىپ، تىك بېقىپ گەپ قىلالىسۇن! ھەي بىچارە ئۇيغۇر، ھەي بىچارە ئۇيغۇر! ئاشۇ پاجىئە دىن ئەللىك يىل كېيىن يەنە شۇ ماركىلىق پاجىئەگە ئۆز ئايىقىڭ بىلەن تۇتۇلدۇڭ!

موسكۋا ك گ ب لىرى بۇ قېتىم تۈرك ھەربى ۋە مىللى ئىستىخباراتىنى لاخشىگىرنىڭ ئورنىدا قوللاندى. تۈرك تەتقىقاتچىلىرى، تۈرك ــ خىتاي ئىشلىرى تەتقىقات ئورگانلىرى، تۈرك ــ خىتاي ئىشلىرى ستراتېگىيە ئورگانلىرى ۋە تۈرلۈك تەتقىقاتچى مۇتەخەسسىلەرمۇ ئۆزلىرىنىڭ مىللى قېرىدېشى بولغان ئۇيغۇرنىڭ ئومۇمى ئەھۋاللىرىنى رۇس ك گ ب لىرى بىلگەندەك بىلمەيتتى ۋە بىلمەيدۇ. رۇسلار بىزنىڭ جۇغراپىيەمىزنى بىز بىلىشتىن ئاز دېگەندە بىر ئەسىر بۇرۇن ئىلمى يوسۇندا بىلىپ بولغان. بىزنىڭ كىشىلىك خارەكتېرىمىزنى، يۇرتلارنىڭ ، يۇرتداشلىقنىڭ تۈرلۈك خۇسۇسىيەتلىرىنى، ئۆرپى ئادەت، ئەنئەنە، قائىدە يۇسۇن، مەدەنىيەت، تارىخ ۋە كازا ھەممە ئەھۋاللىرىمىزنى ئەڭ مۇكەممەل شەكىلدە بىلگەچكە تەتقىقات مەركەزلىرىدە ئالاھىدە بۆلۈم تەسىس قىلغان. ئۇيغۇرلار توغرۇلۇق مۇھىم تەتقىقات ماتېرىياللىرى

بىلەن تۈرك ئىستىخباراتىنى تەمىنلىگەن موسكۋا ك گ ب لىرى گېزى كەلگەندە ئۇيغۇرلارنى رادىئو دولقۇنلىرى ئارقىلىق قوزغاش تەكلىۋىنى بېرىشنىمۇ ئۇنتۇپ قالمىغان بولسا كېرەك. ئۇيغۇرلارغا پاسپورت تارقىتىشنىمۇ رۇس ك گ ب لىرىنىڭ نەتىجىلىك تاكتىكىلىرىدىن ئىدى. 44 ـ يىلى شەرقى تۈركىستان مۇستەقىللىق ئىنقىلاۋىنى قوزغىغان رۇسلار ئۇيغۇر جەڭچىلىرىگە سوۋېيت گېراجدانلىق پاسپورتى تارقاتقىنىدەك، 97 ـ يىلى « شەرقى تۈركىستان ئازاتلىق تەشكىلاتى » نىڭ سىلاۋيان ئاسىياسىدا روناق تېپىشى ئۈچۈن « تۈرك ۋەتەن داشلىق » پاسپورتى تارقىتىشلىرىمۇ ك گ ب نىڭ يول كۆرسىتىشىدىن خالى بولماسلىقى مۇمكىن. ئەللىك يىل ئىلگىرى ۋەتىنىمىزنىڭ شىمالىدىكى پىدائى جەڭچىلەرگە رۇس ك گ ب لىرى سىلاۋيانلاشقان شەكىلدىكى « موپ، ۋىچ » قوشۇلغان سوۋېيت پاسپورتىنى تارقاتقان بولسا، بۇ قېتىم ۋەتەن سىرتىدىكى ئۇيغۇر يىتىمچىلىرىنى پىدائى بولۇشقا قىزىقتۇرۇپ تۈركچە « كاسىراكجى، گۈنەن، چىتىن » قوشۇمچىلىرى بىلەن ياسالغان تۈرك ۋەتەنداشلىق پاسپورتى تارقىتىلدى. قوللىرىدا تۈزۈك پاسپورتى بولمىغان، چەتئەلگە چىقتىم ـ دەپ، سىلاۋيان ئاسىياسىغا چىقىپ قېلىپ، تالا تۈزگىمۇ يۈرەكلىك چىقالماي مۆكۈنۈپ يۈرگەن، ۋەتەنداشلىق پاسپورتىغا شۇنچىلىك ئېھتىياجلىق ئۇيغۇر يىتىمچىلىرىنى ۋەتەنىنىڭ مۇستەقىل بولۇشىدىنمۇ بەكرەك تۈرك ۋەتەنداشلىق پاسپورتى مەھلىيا قىلىۋالاتتى. بۇ ئەھۋاللارنىمۇ موسكۋا ك گ ب لىرى ئىنتايىن ياخشى بىلەتتى. يەنە بىر مەسىلە تۈركىيە ھۆكۈمىتىنىڭ شۇنداق بىر ئالاھىدىلىكى باركى، تۈرك گېراجدانى دۇنيانىڭ قانداقلا يېرىدە ئۆلۈپ كەتسە ئۆلۈكىگە ئىگە بولۇپ تۈركىيەگە يۆتكەپ كېتىدۇ. بۇمۇ ئۇيغۇر يىتىمچىلىرىنى قانائەتلەندۈرىدىغان بىر ئەۋزەللىك ئىدى.

ئەمدى ئۆز گېپىمىزگە قايتىپ كېلەيلى - دە، 1997- يىلى ياز ئايلىرىدا « شەرقى تۈركىستان ئازاتلىق تەشكىلاتى » نى ئاغزاكى تەشكىللەپ بۇ « تەشكىلات » نىڭ پىدائىلىرى ۋەتەننى قوراللىق ئازات قىلماقچى بولغان شۇ قەدەر كارامەتلەرنىڭ ئارختېكتورىنى پەرەز قىلىپ باقايلى. ئالدىنقى باپتىكى تەسەۋۋۇردا «ئىنقىلاۋى قۇماندان » مەمتىمىن ھەزرەت ئەپەندى سىلاۋىيان ئاسىياسىدا تۇرىۋاتقان بىرى بولغان ھالىتىدە ئۇنىڭ يېنىغا موسكۋادىن كېلىدىغان كىشى ۋە ئۇنىڭ مۇھىم تەكلىپلىرى پەرەز قىلىنىنغان ئىدى.لېكىن بۇ تەكلىپ ئىستانبۇلدا رېئاللىققا چىقىپ قالدى. شۇڭا قۇماندانىنىڭ يېنىغا كېلىدىغان كىشىنى موسكۋادىن ئەمەس، ئەنقەرەدىن پەرەز قىلىشىمىز مۇۋاپىق. ـ ئەگەر سىز دىنى ساھەدە كۆپرەك تەربىيە كۆرگەن بىرى بولسىڭىز تەكلىپنى ئېلىپ يېنىڭىزغا كېلىدىغان كىشى قۇرئانى كېرىمنى مۇڭلۇق تىلاۋەت قىلىدىغان، ئايەت، ھەدىسلەردىن ئوبدانلا تەپسىر قىلىدىغان، كېچىلىرى سىز خورەك تارتىپ ئۇخلاپ قالغىنىڭىزدا سىزنى خىجىل قىلىپ تەھەججۇت ئوقۇيدىغان شۇنداق ئېتىقادلىق تەقۋادار سىياقىدا بولىدۇ. ئەگەر سىز مىللەتچىلىك خارەكتېرى كۈچلۈكرەك بىرى بولغىنىڭىزدا يېنىڭىزغا كەلگەن كىشى تۈرك تۇپراقلىرىنىڭ دائىرىسىنى شەرقتە ـ ئورخۇن، ئۇلانباتۇردىن باشلاپ غەرپتە ئەگە دېڭىزى، شىمالدا ۋولگا دەرياسىنىڭ ئورتا ئېقىملىرىدىن جەنۇپتا سەيلون بوغۇزىغىچە بولغان جايلاردىن سۆز ئاچىدۇ- دە، سىزنى ھازىرقى رېئال ۋەزىيەتكە باشلاپ كېلىپ پۈتۈن كاپكاز، قىرىم، ئۇيغۇر ئەللىرىنىڭ قەد كۆتۈرىدىغان ۋاقتىنىڭ كەلگەنلىكىنى، بۇنىڭ ئۈچۈن كاپكازلار ئالدىنقى شەرتلەرنى ئادا قىلىپ موسكۋانى چېچەنىستانىنىڭ مۇستەقىللىقىنى ئېتىراپ قىلىدىغان « تىنچلىق شەرتنامىسى » تۈزۈشكە قىستاپ توختامغا قول قويدۇرغانلىقىنى، كېيىنكى ئۈچ يىل ئىچىدە كاپكازخەلقىنىڭ ئۇرۇش قەلئەسى بولغان چېچەنىستان دۆلەت

بولۇدىغانلىقىنى، ئەمدى ئۇيغۇرلارنىڭ دەرھال قوراللىنىپ ئىش تەۋرىتىدىغان ۋاقتى يېتىپ كەلگەنلىكىنى، بەدەل تۆلىمەي نەتىجە بولمايدىغانلىقىنى تەپسىلى چۈشەندۈردۇ.( دېمىسىمۇ بۇ چاغلار گەرچە جەۋھەر دودايىپ سۈيقەست بىلەن ئۆلتۈرۈلگەن بولسىمۇ، كېيىنكى ئۈچ يىل ئۇرۇشسىز تېنىچ ئۆتەلىسە چېچەنىستان خەلق رايىغا قويۇلۇپ ياكى رۇسىيە ئىچىدىكى ئاپتونوم جۇمھۇرىيەتتە قالىدۇ ياكى مۇستەقىل بولىدۇ. بۇ پەقەت ئۈچ يىل تېنىچ ئۆتۈپ كەتسىلا ھەل بولىدىغان مەسىلە ئىدى. رۇسىيە ھۆكۈمىتىدىكى بۇ خىل ئىلگىرلەش ئۇيغۇرنى قورال كۆتۈرۈشكە غىدىقلايتتى.) ئۇ كىشىنىڭ سۆھبەتلىرى سىزنى شامدەك ئېرىتىپ، يىلىمدەك يېپىشتۇرۇپ قويىدۇ. ئۇنىڭ ئالدىدا ئۆزۈڭىزنى ساۋاتسىز دېھقاندەك كۆرۈپ قالىسىز. سىز شائىر، سىنارىست، يازغۇچى، شەرقى تۈركىستانلىق مۇھاجىرلارنىڭ سىياسى تەشكىلاتىنىڭ باشلىقى، دىيانەتلىك، قۇرئان، ھەدىسلەرنىڭ تۈركچە تەرجىمىسىنى كۆپ ئوقۇپ دىندىن خېلە ئوبدانلا مەلۇماتلىق بولۇپ قالغان، تىجارەت قىلىپ پايدا بىلەن زىياننىڭ تەمىنى تېتىغان مەمتىمىن ھەزرەت بولغىنىڭىزدا تۈرك مىللى ئىستىخباراتىدىن، ھەربى ئىستىخباراتىدىن كېلىدىغان كىشى ياكى كىشىلەر ئەلۋەتتە كۆپ قىرلىق كۆرۈنۈشكە ئىگە بىرلىرى بولۇدۇ. سىزنىڭ كىشىلىك ئالاھىدىلىكىڭىزنى ـ كېلىپ چىقىشىڭىزنى، ھازىرقى ئىقتىدارىڭىزنى، قولىڭىزدىن قانچىلىك ئىش كېلىدىغانلىقىنى سىزدىنمۇ ياخشىراق بايقىيالايدىغان، كۆپ تەجرىبىلىك، بىرىنچى سۆھبەتتىلا سىزنى قايىل قىلىۋالغۇدەك، سىغىندۇرالىغۇدەك، كېلەر قېتىم كەلگۈچە ئىچىڭىزدىن بىر نەرسە تېپىرلاپ ئارام بەرمەيدىغان ھالغا كەلتۈرەلىگۈدەك كىشىلەر سىز بىلەن مۇناسىۋەت ئورناتقان بولۇدۇ. ئەمدى دەسلەپتە بولغان سۆھبەتنى ئوچۇقلاشتۇرۇپ دىئالوگ شەكلىدە ئىپادىلەپ باقايلى.

: خوجام 21 ـ ئەسىر تۈرك ئەسىرى بولىدۇ ـ دېيىلسە قانداق قارىغان بولاتتىڭىز؟

ـ ئەلۋەتتە ئۈمىدىم كامىل. ھەر ئىش ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بىلەن بولىدۇ.

: ئەگەر يېڭى ئەسىرگە مۇستەقىل شەرقى تۈركىستان بىلەن كىرىمىز ـ دېيىلسە ـ بەكلا بالدۇر ـ دېگەن بولارمىدىڭىز؟

ـ ئەلۋەتتە! شۇنداقتە. خىتاينى سەل چاغلىغىلى بولمايدۇ.

: خىتاي سىزچە بەك كۈچلۈكمىدۇر؟

ـ مېنىڭچىلا ئەمەس، پۈتۈن دۇنيا شۇنداق قاراۋاتىدۇ.

: سىزچە سوۋيېتلەر ئىتتىپاقى خىتايدىن ئاجىزمىدى؟

ـ يوقسۇ ئەپەندىم. كۈچ مەسىلىسى بىلەن بىرگە دىپلوماتىيەمۇ ھەل قىلغۇچ ئامىل. خىتاي دىپلوماتىيەدە بەك ئالغا كەتتى.

: ئۇيغۇرلاردا « مىڭ ئېغىز كاپ كاپتىن بىر قېتىم چىپ چاپ ئەلا » دەيدىغان گەپ بار. ئەگەر ئۇرۇشتا غەلىبە قىلغان چېچەن مۇجاھىدلىرىنىڭ ئارقىسىدا تۈرك كۈچى بار- دېيىلسە، مۇستەقىللىق ئۇرۇشىغا تەييارلىق قىلىۋاتقان ئارنوۋۇتلۇق ـ كوسوۋالىقلارنىڭ ئارقىسىدا تۈرك كۈچى بار ـ دېيىلسە، سىز نېمە دەر ئىدىڭىز؟

ـ بۇ ھەقتە مېنىڭمۇ ئازدۇر كۆپ مەلۇماتىم بار. ئەمما بىزدە تېخى تەييارلىق يوق.

: تۈركىيەنىڭ ئالاھىدىلىكى نە ئامېرىكىدا بولسۇن، نە ياۋرۇپا بىرلىكىدە بولسۇن. تۈركىيە پۈتۈن ئەرەب، ئافرىقا، جەنۇبى ئاسىيا ئىسلام ئەللىرىنىڭ يېتەكچى تۈگۈنىدۇر! تۈركىيە ناتونىڭ قۇرغۇچى ئەزالىرىدىن بولۇپلا قالماي بەلكى ناتودىكى يېتەكچى نوپۇزلۇق دۆلەتنىڭ بىرىدۇر. تۈركىيە سىياسى ستراتېگىيە، ئىقتىسادى ئالاقە تۈگۈنى، مەدەنىيەت ئۇچرىشىش نوقتىسى، جۇغراپىيەلىك ئەۋزەللىكى قاتارلىق مەڭگۈلۈك قىممەتنى ئۆزىگە مۇجەسسەلىگەن بولۇپ ئۈچ چوڭ قىتئەنىڭ

مېڭىسىدۇر، يۈرىكىدۇر ۋە قان تومۇرىدۇر! دېمەك تۈركىيە باركەن، تۈرك قېرىنداشلىرىڭىز باركەن، پۈتۈن تۈرك ئەسكەرلىرى باركەن يەنە نېمىگە تەييارلىقىڭلار يوق؟ مەن بىلمىدىم خوجام!

ــ بىزنى خىتايلار بەك ئەزدى. خەلقىمىزدە ئىقتىساد يوق، قورال تۈتۈشنى تېخى بىلمەيدۇ. ۋەتەن ئىچىدە ئۇنداق بىر لاگىر تەسىس قىلىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. ۋەتەن سىرتىدا ئەسكەر بولغۇدەك ئادەملىرىمىز يېتەرسىز. بۇ مەسىلە مېنىڭمۇ دىققىتىمنى ئۆزۈندىن بېرى چالغىتىپ كەلگەن ئەپەندىم.

: ئاللاھغا شۈكرىلەر بولسۇنكى، خوجام نېمىلا دېمىگەن بىلەن سىزدە ئىمان نۇرى باركەن! سىزدە مۇستەقىللىق ئۈمىدى باركەن. تۈرك ھۆكۈمىتى ئىسلارنى تام ئەللىك يىل باقتى. ئەپسۇس ئۇلاردىن ئىش چىقمىدى. تۈركىيەدىن ئېلىشنىلا كۈتۈدىغانلار بەك كۆپ. بېرىشنىمۇ ئويلاش كېرەك. بۇ دېگىنىم بىز ئۆزۈمىز بېرىپ شەرقى تۈركىستاننى ئازات قىلالمايمىز. ئەلۋەتتە بىز بۇ دەۋاننىڭ ئىگىلىرىدۇرمىز. شۇنداقتىمۇ ئىشنىڭ بېشىنى سىلەر باشلايسىلەر. خوجام سىز گەپ ئارىسىدا ئەسكەر تەربىيلەيدىغان لاگىر توغرىسىدا قوشۇمچە قىلدىڭىز. بۇ ئەلۋەتتە بىرىنچى ئامىل. ئەمما ۋەتىنىڭىزنىڭ چېگراسىدا قېرىنداش تۈرك ئۆلكىلىرى باركەن، تاغچى قېرىنداشلىرىڭىزدىن ئات ئېغىلى بولسىمۇ ھەل قىلىشقا بىز ۋەدە بېرىمىز! ھەممە ئىشنى بىزگە قويۇڭ. يېتەركى سىز « ئەمىر» بولۇپلا بەرسىڭىز، بۇيرۇقلا بەرسىڭىز نېرىسى بىزگە ئائىتتۇر......يېقىن كېلەچەكتە- بەلكى مۇشۇ سۆھبەتتىن كېيىن بىر يىلغا يەتمىگەن پۇرسەتتە ھېچ بولمىدى دېگەنىدىمۇ ۋەتىنىڭىزنىڭ بىر قىسمى ــ يەنى ئانا يۇرتىڭىز- ھىندىستانغا يانداش خوتەننى سىزگە ئېلىپ بېرىمىز! شۇنداق بولغاندا ناتو ھاۋا ئارمىيەسى خوتەنگە بازا قۇرۇدۇ! دېمەك يېڭى ئەسىرگە ــ ئۈچىنچى مىڭ يىلغا شۇنداق غەلبە بىلەن كىرىمىز! سىز بېخەتەر، ئەركىن ياشاۋاتقان تۈركىيەنى مىسالغا

ئالساق ھەربىر غېرىچ يەردە ئاز دېگەندىمۇ ئون ئادەمنىڭ سۆڭەكلىرى كۆمۈلگەن. شۇنىڭ ئۈچۈنلا بۇگۈن بىز خاتىرجەم ياشاۋاتىمىز. سىز بۇگۈن ۋەتىنىڭىز ئۈچۈن قېنىڭىزنى، مېلىڭىزنى، سۆڭەكلىرىڭىزنى بېغىشلىمىسىڭىز، ۋەتىنىڭىزدە كەلگۈسى ئەۋلاتلىرىڭىز ياشىماي قالىدۇ. بۇگۈنكى قۇربانلىق كەلگۈسىنىڭ كاپالىتىدۇر.

شۇنداق بىر سېھرى، ئەپسۇنلارغا كۆڭۈل بەرمىگەن تەقدىردە نېمىگە ئىشىنىپ، نېمىگە تايىنىپ، قايسى ئىمكانىيەت بىلەن ئىنقىلاپ قىلماقچى بولغان؟ ــ دەرۋەقە شۇ سۆھبەتتىن كېيىنلا « شەرقى تۈركىستان ئازاتلىق تەشكىلاتى» ئىغىزدا قۇرۇلۇپ، گەرچە بىرەر ۋاراق يازما شەكىللىك قائىدە قانۇنىيەت بولمىغان بولسىمۇ « پىدائىلار» ئۆزلىرىنى ئەنگە ئالدۇرۇپ، ۋەتەن چېگراسىغا يېقىن يەردىن ھەربى مەشىق قىلىدىغان « بازا » ھەل قىلىنىپ، : « مەمىتىمىن ھەزرەت ۋەتەننى ئازات قىلىدىكەن، ئازاتلىق تېغى بىزنى كۈتمەكتە، ئالدى بىلەن مالنى، مال تۈگىسە جاننى پىدا قىلايلى » چاقىرىقلىرى ئۆزلۈكسىز جاراڭلاپ، بۇ ئەللەردە جان ساخلاپ يۈرگەن، جانلىرى ئۆزلىرىگە ئېغىر كەلگەن، بىر بېشىنى پاناقىغىدەك يەر تاپالماي دەكە ــ دۈكىدە بېشى قېتىپ يۈرگەن، پاسپورتسىز، ۋىزاسىز، بارار جايى يوق يىتىمچىلەردىن تارتىپ، ئىشى ئوڭدىن كېلىپ چەتئەل كونسۇل خانىلىرىدەك ئۆي ئىمارەت بىنا قىلىۋالغان، توققۇزى تەل « يەرلىكلەر » بولۇپ كەتكەن كىشىلەرگىچە بۇ ھەرىكەتكە قىزىقىپ ئۆزلىرىنى ئاتاشقا باشلىغان ئىدى. سودىگەرلەر ئۆزلىرىنى كۆرسەتمەي، ئىسمىلىرىنى ئاتاشماي يوشۇرۇن ئىئانە قىلىشلار، ئۈششاق ــ چۈششەك دۇكاندارلار مېلى بىلەن جېنىنى پىدا قىلىپ، دۇكانلىرىنى ئېلىشىغا سېتىپ دەسلەپكى ئىھتىياجلىق بولغان ئادەم كۈچىنى ھەل قىلىشلار، مەسجىد مەسجىدلەردە ياڭراۋاتقان تەبلىغلەر، « ئىنقىلاپ » دېسە كىشىلەر تازا ئۇبدان ئەگەشمەيدىكەن ــ دەپ، « جىھاد » نى بولۇشچە ۋارقىرىغان جۈمە

خۇتبىلىرىدىكى قايىنام تاشقىنلىقلار..... ئۇزۇن ئۆتمەيلا « پىدائىلار» كۆپۈيىپ كەتكەچكە چۈنتەكتە بارى قۇرۇقدۇلۇپ ئىئانە كەلگەچكە ئالدىراپ تېنەپ « ئىئانە » نى مەجبۇرى كۈچ ئىشلىتىپ يىغىشلار، ۋەتەندە ئىش قوزغاشقا ئالدىراپ كېتىپ، « ئالمۇتا ـ ئۇرۇمچى پاساجىر ئائىرپىلانى » غا باسىدىغان يۇك تاقلارنىڭ ئىچىگە كالاچىنكوپ قاچىلاپ يوللاشلار، ئۇرۇمچىدە « مال تاپشۇرىۋالىدىغان پىدائى» مالنى تاپشۇرىۋېلىشقا جۇرئەت قىلالماي، مال ئالمۇتىغا قايتىپ چىقىشلار، ئۇرۇش بۇيرىقى كۈتۈپ تۇرۇش ئۈچۈن ۋەتەنگە ئالدىن كىرگۈزۈلگەن ۋە چەتئەلدە نۆۋەت كۈتۈپ تۇرغان « پىدائىلار» « بىكار ساخلاپ تۇرغىچە خوتۇن ئېلىپ بالا تاپقاش » تۇرۇشلار، .... ۋاي ۋاي ۋاي ۋايۋاي ــ ۋاي.

موسكۋا ك گ ب لىرى بىلەن تۈرك ئىستىخباراتى رىجسورلۇق قىلغان بۇ ئويۇن شۇنچىلىك داۋاملىشاتتى. يازغۇچى بىر رومان يازماقچى بولۇپ ئاساسى ۋەقەدىن سىرت قوشۇمچە ھادىسىلەرنى تەسۋىرلەپ، باش قەھرىماندىن سىرت قوشۇمچە پىرسوناجلارنى قىستۇرۇپ، مۇھىت تەسۋىرلەپ، پىرسوناجلارنىڭ ئىچكى دۇنيالىرىنى بايان قىلىپ ئالتە يۈز بەتلىك بىر توم پۈتتۈرۈپ چىققان بولسا، سىنارىست ئۇ ۋەقەلىكنى قىسقارتىپ ئاتمىش بەتلىك دىراما يېزىشى مۇمكىن. ئەمما فىلىم ئىشلىمەكچى بولغان رىجسور ھەممىنى يىغىنچاقلاپ يېرىم سائەتلىك كۆرۈنۈش بىلەن ھىكايىنى يىغىشتۇرىدۇ. لېكىن ھىكايىدىنمۇ خەۋىرى بولمىغان، دىرامىدىنمۇ خەۋىرى بولمىغان تاماشىبىنلار فىلىم ئاخىرلىشىپ ئىكران چىرىقى ئۆچۈرۈلسىمۇ داۋامىنى كۆرىمىز دەپ كىنوخانىدا ھاڭۋېقىپ ئولتۇرۇپ قالىدىغان ئىشلار ئادەتتىكى ئەھۋال. ئۇيغۇرلارنى ــ مۇنداقچە ئېيتقاندا ھاڭۋاقتى تاماشىبىنلارنى ھاياجانغا سالغان شۇ « ئازاتلىق » ئۇرۇش تەييارلىقى ئەسلى رىجسورلىرىنىڭ نەزىرىدە ئون مىنۇتقىمۇ يەتمەيدىغان قىسقىلا بىر كۆرۈنۈش بولۇپ،

ئۇنىڭ داۋامىنى باش رولچى ــ قورچاق ئەمىر بەكرەك ئۆزارتىۋەتكەن بولسا كېرەك. چۈنكى ئۇ بېلەتنى كۆپرەك تارقىتىپ، ئېلاننى ھەددىدىن ئارتۇق تەشۋىق قىلىۋەتكەندە.

# 17

قەدىمى زامانىدىكى توقۇنۇشلارنى « ئىنقىلاپ» دېگەندىن كۆرە « جېدەل، ماجرا» دېيىش شۇ زاماننىڭ ئومۇمى كەيپىياتىغا ئويغۇن ئىدى. مىللەتلەر ئارىسىدىكى، قەبىلىلەر ئارىسىدىكى تۈرلۈك ئۇرۇش، جەڭگى ــ جېدەللەر قەدىمى زامانلاردا شۇنچىلىك ئاددى بىر ھادىسىدىن تۈغۈلاتتى. ئۇ زامانلاردىكى توقۇنۇش گەپ بىلەن، ئىلمى چۈشەندۈرۈش بىلەن، دېپلوماتىيە بىلەن ئەمەس بەلكى كۈچ بىلەن، كۈچ سېلىشتۇرمىسى بىلەن ھەل بولاتتى. بىر قەبىلە، بىر مىللەت يەنە بىر قەبىلىنى، يەنە بىر مىللەتنى ئۆزلىرىگە بېقىندۇرۇشنى، ئۆزلىرىگە قوشۇۋېلىشنى مەقسەت قىلسا ئۇرۇش ئېچىشتىن بۇرۇن ئۇلارنىڭ مال ۋارانلىرىنى، ئات كالىلىرىنى بۇلاپ كېتەتتى ۋە گۈزەل مەلىكە خانىشلىرىنى بۇلاپ كېتىش ياكى مەجبۇرى تەلەپ قىلىش بىلەن قەستەن يۇقۇنۇپ قارشى تەرەپنى ئۇرۇشقا باشلاپ كىرەتتى. يولسىزلىقلار توقۇنۇشنىڭ، ماجرانىڭ باشلىنىشىغا سەۋەپ بولاتتى. ماجرالار بىر تەرەپنىڭ تامامەن يېمىرلىشى بىلەن ئاخىرلىشاتتى ياكى ئۆچ ئاداۋەت ئەسىرلەپ داۋاملىشاتتى. كېيىنچە تۆپراق، تېرتۆرىيەلەر چېگرا ئارقىلىق ئايرىلىپ دۆلەت شەكىللەنگەندىن كېيىن قەبىلىلەر، مىللەتلەر ئارىسىدىكى ئۇرۇش، ماجرا، توقۇنۇشلار سۈپەت جەھەتتە، شەكىل جەھەتتە ئۆزگەرگەن بولسىمۇ ئەسلى ماھىيەت ساقلىنىپ كەلدى. مىللەتلەر، دۆلەتلەر ئارىسىدىكى

ئۇرۇش، توقۇنۇش، ئىتتىپاقلىق، دوستلۇق مۇناسىۋەتلىرى ۋە تۇرلۇك ئەھدىنامىلەر ماددى مەنپەئەتنى ئاساس قىلغان ھالدا شەكىللىنىدغان، ھىمايە قىلىنىدغان ، ھەمكارلىق ئېلىپ بېرىلىدىغان كۆچلۈك سىياسى مۇناسىۋەتلەر شەكىللەندى .

« تۈلكە ئاكاڭ ئۆچكۈندۈر بېناشتا، بىر بالاسى بولمىسا قۇيرۇق ياتامدۇ تاشتا » ئەقىللىق ئاتىلىرىمىز ئۆزلىرى بېسىپ ئۆتكەن تارىخى كەچمىشلەردىكى تۇرلۇك بالايى قازالارنى، دۈشمەنلەرنىڭ تۇزاقلىرى، ھىلە مىكىرلىرى توغرىسىدىكى تەجىربىلىرىنى بۆرە بىلەن تۈلكە ئارىسىدا بولۇپ ئۆتكەن كىچىك بىر مەسەلگە يىغىنچاقلاپ، شۇنچىلىك ئوبرازلىق تەسۋىرلىگەن ئىدى. « ئىسلارنى ئەللىك يىل بېقىپ ئۇلاردىن ئىش چىقمىدى » دېگەن بۇ جۇملىنى « ئىسلارنى ئەللىك يىل قەپەستە تۇتۇپ تۇرغان، ئۇلاردىن ئىش چىقىشنىڭ ئالدىنى ئالغان» دەپ چۇشەنگەن بولساق مەسىلەن، ئاندىن ــ بىزنى نېمىشكە قەپەستىن ئۆچۈپ چىقىشقا ئۈندەۋاتقانلىقىنى، ئىسلارنىڭ زامانىدىكى ئومۇمى ئىمكانىيەتلەر بىلەن ھازىرقى ئەھۋاللىرىمىزنى سېلىشتۇرۇپ ئەقلىمىزنى ئازراق ئىشلەتكەن بولساق، ئەلۋەتتە كىشىلەرنىڭ شەكەر يالاتقان زەمبىرەكنىڭ ئۆچىغا مىنىپ قالمىغان بولاتتۇق. ھازىرقى زامان تۇرك مىللەتچىلىكىنىڭ ئىجاتكارى قەھرىمان ئالىپ ئارسلان تۈركەش پارتىيە خىتاپنامىسىدە مۇنداق كېسىپ ئېيتقان ئىكەن: « بىز تۈركىيە تۈركلىرى پۈتۈن دۇنيادىكى تۈركلەرنىڭ، تۈركى خەلقلىرىنىڭ غېمىنى يېيىشىمىز، ئۇلارغا ئىگە بولىشىمىز كېرەك. ئۇلار بىزنىڭ قېرىنداشلىرىمىزدۇر . لېكىن بىر شەرت ئاستىدا. ئۇ بولسىمۇ تۈركىيەمىزنىڭ مىللى مەنپەئەتىگە، دۆلەت مەنپەئەتىگە قىلچىمۇ زەرەر كەلتۈرمىگەن بولۇشى كېرەك . »

تۈرك قېرىنداشلىرىمىز توغرىسىدا، تۈركىيە دۆلىتى توغرىسىدا، ئىستىقرارسىز ئالمىشىپ تۇرىدىغان تۈرك ھۆكۈمەتلىرى توغرىسىدا، مۇخالىپەتچىلىك پىرىنسىپلىرىنى ئىچكى دۈشمەنلىك دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ نىزالىشىدىغان تۇرك پارتىيەلىرى توغرىسىدا بىز نېمىلەرنى بىلىمىز؟ ـ نەزىرىمىزنى خەلق ئارىسىدىكى ئاددى بىر تەمسىلگە ئاغدۇرۇپ كۆرەيلى : « قىرغاق كۆرۈپ بۆز ئال، ئانا كۆرۈپ قىز ئال » بۇ دېگەن يەرلىك ئۇسۇلدا توقۇيدىغان بىر خىل پاختا رەختى بولۇپ، ئۇنىڭ پۇختا، سۈپەتلىك، چىدامچان بولۇشىنى رەختنىڭ ئەن قىرغاقلىرىغا قاراپ بىلگىلى بولىدىكەن. شۇنىڭدەك ئۆيىگىزگە كېلىدىغان كېلىنىڭ ياخشى يامان بولۇشى ئانىسىغا باغلىق ئىكەن . ياخشى تەربىيە كۆرگەن، ۋاپادار، ئاقكۆڭۈل، شەرمى ھايالىق ئانا قىزىنىمۇ ئۆزىدەك تەربىيلەيدىكەن. نائەھلى، ھارامخور، ھاياسىز ئانىنىڭ قىزىمۇ قارىماققا ئەدەپلىك، ئەللىق كۆرۈنگىنى بىلەن، ئۆيىڭىزگە كېلىن بولۇپ كىرىپ بولغاندىن كېيىن ئوغلىڭىزنى « پاختىباش» قىلىپ قويىدىكەن.

خوش، بىر كىيىملىك بۆز، ماتا ئېلىش توغرىسىدا، ئۆيگە بىر كېلىن ئەكىرىش توغرىسىدا شۇنچىلىك ئەھمىيەتلىك، ئىخچام، پەلسەپۋىلىككە ئىگە تەربىيە، مەسىلەھەت بېرەلىگەن ئۇيغۇرنىڭ بۈگۈنكى ھالى نېچۈك بولۇپ قالدى؟ بىر ۋەتەننى ئازات قىلماقچى، دۇنيادىكى بەشىنىڭ بىرى بولغان، دۇنيادا ئەڭ كۈچلۈك دەپ ئېتىراپ قىلىنىۋاتقان بىر دۈشمەنگە قارشى قوراللىق جەڭ ئاچماقچى بولغان ئەقىللىق، جاسارەتلىك يازارمەنلىرىمىز، قوماندانلىرىمىز بۇ ئىشقا نىسبەتەن بىر كېلىن ئالغانچىلىك كۆڭۈل بۆلمىگەنمىدى! بىر تامباللىق بۆز ئالغانچىلىك سىنچىلاپ باقمىغانمىدى! ـ يانچۇقچى دېگەن شۇنچىلىك ئۇستا بولىدۇركى، كۆزۈڭىزنىڭ ئىچىگە تىكىلىپ تۇرۇپ چۆنتىكىڭىزنى قۇرۇقداپ قويىدۇ. ئالدامچى، ھىلىگەر دېگەن شۇنچىلىك يېقىملىق، مەردانە كۆرۈنىدۇركى، ئاشقازىنىڭىزغا كىرىپ

بولاي دېگەن نېمىنىڭىزنى ئاغزىڭىزدىن تارتىۋېلىپ سىزنى ئاچ قويىدۇ. بىر قانچە ئادەم، ياكى مەلۇم بىر گورۇھ ۋەكىللىرى، ياكى مەلۇم بىر پارتىيە ۋەكىللىرى ياكى مەلۇم بىر دۆلەت ئەرباپلىرى يېنىڭىزغا كېلىپ « ئىش، كۈچ بىزدە بار، دەرھال تەشكىللىنىپ ۋەتىنىڭىزنى قوراللىق ئازات قىلىۋېتىڭ » دېسە بۇ ئىشقا بىر پارچە بۆز ئالغانچىلىك تەرەددۇت قىلمىدۇقمۇ! بىر كېلىن ئېلىش ئۈچۈن ئانىسىنى كۆرۈش كېرەك ــ بولغانچىلىك بولسىمۇ ئىزدىنىپ باقمىدۇقمۇ؟ ــ يەنى بىزگە ياردەم قىلماقچى بولغان، ۋەتىنىمىزنى « بىزگە قۇتقۇزۇپ بەرمەكچى » بولغان شۇ مەردانە، پىداكار كىشىلەرنىڭ ياكى شۇ دۆلەتنىڭ تىكىشى نەدە توختايدىغانلىقىنى بىر قېتىم كۆڭۈل قويۇپ تەتقىق قىلىپ باقمىدۇقمۇ؟ ــ كىم بار ئىدى بىزنىڭ ئىنقىلاۋى ئىشلىرىمىزدا بىر نەرسىنى ئاڭقىرالىغۇدەك ، هە! كىم بار ئىدى.

شۇنچە ئاختۇرسام تۇزۇك قاپاق يوق،
باراڭ باراڭغا ئوخشىماي قالدى.
.........
دەلدۈش تۇرۇپمۇ بېرەر پەتنۋا،
ساراڭ ساراڭغا ئوخشىماي قالدى. ( ئابدۇقادىر جالالىددىن ــ شېئىرىدىن )
شۇنداق پۈتۈن بىر مىللەت هاڭۋاقتى بولۇپ كەتكەن تۇرسا، يەنە كىم نىمە ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بارالىسۇن! : ئەپەندىم قورال لازىمۇ، ۋەتىنىڭىزنى قورال كۈچىگە تايىنىپ ئازات قىلىۋالامسىز؟ ــ دېسە، ــ ياق، مېنىڭ ئەسكەرلىكتىن ئەسلا خەۋىرىم يوق. ماڭا قەلەم، قەغەز كېرەك ــ دېگۈدەك ئەقىل بولغان بولسا، : خوجام ئاللاھ يولىدا جىهاد قىلىپ، كاپىر خىتاينى ۋەتىنىڭىزدىن قوغلاپ چىقىرىشقا تەييارمۇسىز ؟ قورال بىزدە، پۇل بىزدە، سىز پەقەت ئاللاھ بەرگەن جاننى ئاللاھ يولىدا پىدا قىلسىڭىزلا قالدىسى بىزگە ئائىت ــ دېيىلگىنىدە ــ ياق، مەن جىهاد توغۇرلۇق سۆزلەشنى، تەبلىغ قىلىشنى بىلىمەن، قورال ئىشلىتىشنى

بىلمەيمەن، كەسپىم ئەسكەرلىك ئەمەس، دىنى زات. ۋەزىپەم ئاللاھنىڭ دىنىنى ئاۋام خەلققە يەتكۈزۈشتۇر، ئىمانغا، ئىسلامغا دەۋەت قىلىش، تەۋھىد، ئەمرى مەئرۇپ، نەھيى مۇنكەر توغرىسىدا جامائەتنى خەۋەرلەندۈرۈش نۆۋەتتىكى مۇھىم جىھادتۇر ــ دېيەلىگەن بولسا كاشكى « ساراڭ ساراڭغا، ساق ساققا ئوخشىغان » بولاتتى. بىر يازارمەننىڭ قورال ئىشلىرىغا قول تىقىشى، بىر ۋەز نەسىھەت قىلىدىغان دىنى زاتنىڭ قورال كۆتۈرۈپ جىھاد يولىغا كىرىپ قېلىشى خۇددى « دەلدۈش تۇرۇپمۇ پەتىۋا بەرگەن » دەك بىر ئىش بولماي نېمە ئۈزى! ــ سەن ئۈزۈڭ يېلىڭنى بىلىم ئىگىلەشكە سەرپ قىلىدىڭ! سەن ئۈزۈڭ يېلىڭنى ئاللاھنىڭ دىنىنى ئۆگۈنۈشكە سەرپ قىلىدىڭ! نېمىشكە ئۆزەڭگە تالىق بولغان ئىشنى قىلمىدىڭ؟ بۇ مىللەت سەنلەرنىڭ بوداپ يەيدىغان پاخلانلىرىڭمىدى! بۇ ۋەتەن سەنلەرنىڭ قۇشخاناڭمىدى! ــ دەيدىغان بىر ئوغۇل بالا يوق. ئىشنى باشلىغاندا بۇقىنىڭ ئارقىسىدىن ئەگەشكەن قىسىردەك پۇشۇلداپ مېڭىپ، كېيىن ئىش ئەپلەشمىگەندە ئەقىل ئىشلىتىپ تەجرىبىنى ئىلمى يوسۇندا بايان قىلىشنىڭ ئورنىدا ــ « پالانى خائىن ئىدى، پۆكۈنچى مۇناپىق ئىدى، پۇستانچى ساتقۇن ئىدى، مۇنۇسى قاتىل ئىدى، ئاۋۇسى خىيانەتچى ئىدى، موللا رادىكال، يازغۇچى ئىمانسىز، مەخسۇم نان قېپى ئىدى .... » دېگەندەك ئېغۋالارنى بەش ئىشەككە يۈك بولغىدەك توم، توم كىتاپ قىلىپ تارقىتىشقا ۋاقىت ئاجىرتالىدى. بىراق بۇنچە ۋالا ئېغۋا، پىتنە پاساتقا تولغان ئەخلەت دۆۋىسىدىن مىللىتىمىز ھېچنېمىنى ئىلغىۋالالمىدى. ئاۋام خەلقىمىز ئون يىل بۇرۇنقىدەكلا ھاڭۋاقتى. شۇنچىۋالا قۇربانلىق بېرىلگەن، يەنە ئوتتۇز يىلدىمۇ تۆلەپ بولالمىغۇدەك زىيان بىلەن نەتىجىلەنگەن پاجىئەلەر توغرىسىدا ئوتتۇردا قالغىنى پەقەتلا ئېغۋا، تۆھمەت، پىتنە پاسات، سەن خائىن، سەن مۇناپىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

« ئىش قىلدۇق، قولىمىزدىن كېلىدىغانىنىڭ ھەممىسىنى قىلدۇق، قانداق قىلىپ بەرسەك بولاتتى» ـ دەيدۇ تېخى « مىللەت ئۈچۈن، دىن ئۈچۈن ئىش قىلىپ بەرگەن » لەر. ئەگەر ئۇلار « قولىدىن كەلگەننى قىلغان» بولسا ئىدى مەسىلەن : شائىرلىرى شېئىر يېزىپ، كىتاپ يازارمەنلىرى كىتاپ يېزىپ، سىنارىستلىرى فىلىم ئىشلەپ، ئارتىستلىرى رول ئېلىپ جانلىق ئوبراز ئارقىلىق خەلقىمىزنىڭ ئېڭىنى يوقۇرى كۆتۈرۈشكە مىھنەت سىڭدۈرگەن بولسا، سودىگەرلىرى دۇكاننى، مېلىنى ئېلىشىغا سېتىۋەتمەي تىجارىتىنى قىلىپ ئىقتىسادى جەھەتتىن يۈكسەلگەن بولسا، موللا، مەخسۇم، قارىلارمۇ خەلقىمىزنىڭ دىنى ئاڭ سەۋىيەسىنى يۈكسەلتىش ئۈچۈن، مىللى ئەخلاقىنى، مىللى ئىرادىسىنى يۈكسەلتىش ئۈچۈن ئۆزلىرى بىلىدىغان، قىلالايدىغان ۋە شۇنداق قىلىش بۇيرۇلغان بويىچە تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن بولسا، ئوقۇش يېشىدىكى يىگىتلەرنى قۇشخانىغا يوللىماي ئەكسىچە مىللى ھاياتنى گۈللەندۈرۈش يولىدا ئوقۇش، ئالى بىلىم ئېلىش، مۇھىم بولغان كەسىپلەرنى ئىگىلەش يۇرتلىرىغا ئورۇنلاشتۇرغان بولسا مانا بۇ ئۇلارنىڭ « قولىدىن كېلىدىغان ئىش» لارنى قىلغانلىقى بولار ئىدى. قايسى بىرلىرى ئۆزلىرىنىڭ قولىدىن كېلىدىغاننى قىلدى؟ ـ ئۇلارنىڭ قىلغان ئىشلىرى ئېغىر مەغلۇبىيەتتىن سىرت پىتنە، پاسات، ئۆچ ئاداۋەت، تەپرىقىچىلىك، ئېغىر دەرىجىدە بۆلۈنۈش قاتارلىق سەلبى ۋە پاجىئەلىك ئاقىۋەتلەردىن ئىز قالدۇرغان بولدى خالاس.

بىرلىرى دەيدۇ ـ « بىز تەشكىللىنىپ، قوراللىنىپ ۋەتەننى ئازات قىلىشقا تەييارلىق قىلىۋاتاتتۇق. ھەسەن مەخسۇمچىلار پىدائىلىرىمىزنى قايمۇقتۇرۇپ ئىشىمىزنى ئىچىدىن بۇزۇپ تاشلىدى » ـ دەپ. ئەھۋال ھەقىقەتەن شۇنداق بولغان بولسا، ۋەتەننى ئازات قىلىش ـ خىتايغا قارشى جەڭ ئېچىپ قوراللىق ئۇرۇش قىلىش ئارقىلىق ۋەتەننى

ئازات قىلىش ھەسەن مەخسۇمچىلارغا تاقابىل تۇرۇشتىنمۇ ئاسانراق ئىش - دەپ ئويلاپ قالغانمۇ؟ يەنى ھەسەن مەخسۇمچىلار پىدائىيلارنى قايمۇقتۇرۇپ، ئىشنى ئىچىدىن بۇزۇپ تاشلىغۇدەك ھالدىكى بىر ئاجىز ھەرىكەت قانداق قىلىپ ۋەتەندىن خىتاينى قوغلاپ چىقىرالىغان بولاتتى! شۇنىڭدەك يەنە بىرلىرى دەيدۇ - « ئاللاھ يولىدا توپلۇشۇپ، جىھاد قىلىشنى، كاپىر خىتايلارنى ۋەتەندىن قوغلاپ چىقىرىپ ئىسلامى دۆلەت قۇرۇشنى پىلانلاۋاتساق، مەمتىمىن ھەزرەت گورۇھى يوچۇقتىن چىقىپلا يولىمىزنى توساپ، مۇجاھىدلىرىمىزنى ئۆتتۇرەپ ئىشىمىزنى بۇزۇۋەتتى » - دەپ. ئەگەر ئىش راستىنلا شۇنداق بولغان بولسا، مەمتىمىن ھەزرەت گورۇھى راستىنلا خائىن بولۇپ، ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىدىغانلارنىڭ يولىنى توساپ ئۇلارنى بەربات قىلىۋەتكەن بولسا، ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىپ كاپىر خىتايلارنى قوغلاپ چىقىرىش شۇنچىلىك ئاسان ئىشمىدى؟ يەنى تەپسىلەرەك ئېيتقاندا خىتاي كاپىرلىرى مەمتىمىن ھەزرەت گورۇھىدىنمۇ ئاجىزمىدى؟ ئەھۋال راستىنلا شۇنداق بولسا مەمتىمىن ھەزرەت گورۇھى 1998 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە يىمىرىلىپ تارقاپ كەتكەندىن باشلاپ تا 2003 - يىلىنىڭ ئاخىرى ھەسەن مەخسۇم پاكىستان ئارمىيەسى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگىچە بولغان بەش يىللىق ئۇزۇن ۋاقىت جەڭ مەيدانى بوش قالدى. مۇجاھىدلارنىڭ قولىنى كىم تۇتىۋالدى؟ يولىنى كىم توسىۋالدى؟ دېمەك، ئىشنىڭ تىزگىنى ئۇلارنىڭ قولىدا ئەمەس ئىدى.

ئاردىن ئون نەچچە يىل ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ بۇ ھادىسىلەرنى تارىخ سۈپىتىدە سىرىتتىن تەھلىل قىلىپ خەلقىمىزگە يەتكۈزۈش نۆۋەتتىكى سىياسى تېمىدۇر ۋە كەلگۈسىدىكى ئىنقىلاۋى ھەرىكەتنىڭ يۆنۈلۈشىنى بەلگۈلەشتە مۇھىم ئەھمىيەتلىك ئەمگەكتۇر. - ئۇنداق بولسا ئۇلار نېمە ئىش قىلىشى كېرەك ئىدى - دېگەن سوئال ئۇستىدە

توختۇلۇپ كۆرەيلى. « قويىنى قاسساپ سويسۇن»، « ئالتۇننى زەرگەر سوقسۇن » دېگەن ماقالنى تۆۋەندىكى مىسرا بىلەن شەرھىلەپ باقايلى:

« شۇنچە ئاختۇرسام تۇزۇك قاپاق يوق،

باراڭ باراڭغا ئوخشىماي قالدى.

.........

دەلدۇش تۇرۇپمۇ بېرەر پەتىۋا،

ساراڭ ساراڭغا ئوخشىماي قالدى. »

زەرگەر ئۇستىغا پىچاق تۇتقۇزۇپ قوينى سويدۇرسا قانداق بولۇدۇ، قاسساپقا ئالتۇننى بېرىپ زىنەت بۇيۇمى سوقتۇرىمەن دېسە قانداق بولۇدۇ. ئىش شۇنداق ئاسان يەردىن بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. مەيلى يازارمەن بولسۇن، مەيلى دىنى زات بولسۇن ئۇلارنىڭ بىلىدىغىنى كىتاۋى، ئىلمى ئىشلاردۇر. ئۇلار قوللىرىدىكى كىتاپ، قەغەز، قەلەملىرىنى تاشلاپ مىلتىققا ئىنتىلىشلىرى خۇددى مۇپتى ئۆلىمادىن ئاتلاپ ئۆتۈپ دەلدۇشتىن پەتىۋا سورىغاندەك بىر سىپى ئۆزىدىن دەلدۇشلۇك ئىدى. لېكىن ئۇلار شۇ يىللاردا هاياجانلىرىنىڭ ئۇلگۇسى قىلىۋالغان جەۋهەر دودايىپ بولسا سىنارىست ياكى تالىپ ئەمەس بەلكى ئەسكەر ئادەم ئىدى. ئۇ يوقۇرى دەرىجىلىك هەربى خىزمەتتە بولۇپ، سوۋىيېت ئىتتىپاقىنىڭ سىبىرىيە، ئوكرائىنىيە، ئىستونىيە قاتارلىق رايونلىرىدا بومباردىمانچى هاۋا ئارمىيە قىسمىدا ۋەزىپە ئۆتىگەن، سوۋىيېت ـ ئافغان ئۇرۇشىدا ئالاهىدە هەربى خىزمەت ئۆتىگەن يوقۇرى دەرىجىلىك گېنىرال مايور ، مۇتەخەسسىس هەربى ئەمەلدار ئىدى. ئۇنىڭ قولىدا چېچەنىستاننىڭ ئالى هوقۇقى بار ئىدى. ئۇ ۋەتەن سىرتىدىن پىدائى يۆتكىمەيتتى. ۋەتەن سىرتىدىن قورال يۆتكىمەيتتى. ئۇ سۈرگۈندە ـ ئىستانبۇلدا، ئافغانىستان تاغلىرىدا ئەمەس، ئۆز ۋەتىنىنىڭ پايتەخت شەهرى گروزنىي شەهرىدە رەهبەر بولۇپ سايلانغان ئىجرائات هوقۇقىغا ئىگە كىشى ئىدى. شامىل باسايىپلار، ئاسلان ماسخادوپلار ئەسكەرى ۋە سىياسى تەلىم كۆرگەن كىشىلەر ئىدى.

بۇلارنىڭ ئۇرۇشىدا داڭقى چىققان خەتتاپ ۋە باشقا ئەرەپ جىهادچىلىرىمۇ ئۆز دۆلەتلىرىدە ھەربى، سىياسى تەلىم كۆرگەن كەسىپ ئەھلىلىرى ئىدى.

يەتمىشىنچى يىللىرىنىڭ ئاخىرلىرى ھىندىستان ھىكايە فىلىمى « سەرگەردان » نى كۆرۈپ گۆدەك، ياش باللار يانچۇقچى، بۇزغۇنچى، پاراكەندىچى بولۇپ كەتكىنىدەك، توقسىنىنچى يىللىرىنىڭ ئاخىرلىرىدىكى سىنارىستلىرىمىز، يازارمەنلىرىمىز، دىنى زاتلىرىمىز قوراللىق ئىنقىلاپ قوزغاشقا ھەۋەس قىلىشتى. تېخى ۋەتەن سىرتىدا قوراللىق تەشكىللىنىپ ۋەتەننى ئازات قىلىشماقچى بولۇشتى. ئىش شۇنچىلىك ئاسانمىدى؟ دودايىپىنىڭ سالاپىتىگە، شۆھرىتىگە قاراپلا قۇماندان فورمىسى كېيۋالغان بىلەن، بىنالادەن ئەپەندىگە ئوخشاش ساقالنى ئۇزۇن قويۋالغان بىلەن ئىش ئۇنداق ئاسان يۇرۇشمەيدۇ. خىتاي بىزنى شۇنداق قىلىپ قويغان. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئىسيان كۆتۈرۈپ چىقسا ئۆز بېشىنى ئۆزلىرى يېسۇن ـ دەپ، بىزنى ئەسكەرى كەسىپتىن يىراقلاشتۇرغان. ئىش بىلمەيانغان ھاڭۋاقتى قىلىۋەتكەن. بىز تېخى خىتاينىڭ مائارىپ سىستىمىدىن، خىزمەت تەقسىماتى سىستىمىدىن ئاغرىناتتۇق ۋە ـ بۇ كالۋا خىتايلار فىزىكا كەسپى ئوقۇغان ئادەمنى باجخانىغا ئورۇنلاشتۇرىدۇ. ماتېماتىكا ئوقۇغان ئادەمنى تىل ـ ئەدەبىيات كەسپىگە ئوقۇتقۇچى قىلىپ بەلگىلەپ قويىدۇ. مېخانىك كەسپى ئوقۇغان ئادەمنى يېزىغا باشلىق قىلىپ قويىدۇ.... بۇ دۆت خىتايلار..... شۇڭا راۋاج تاپمايدۇ ـ دەپ، خىتاينى تىللايتتۇق. ئەگەر كەسىپ ئەھلىنى ئۆز كەسپىگە قويماسلىق دۆت، كالۋالىق بولغان بولسا، راۋاج تاپماسلىقنىڭ سەۋەبى بولغان بولسا دەل بىزنىڭ ئىنقىلاۋىمىزنىڭ راۋاج تاپماسلىقى، دەۋارىمىزنىڭ روناق تاپماسلىقى، ئىلگىرى باسماسلىقىمىز سەۋەپ نەتىجىلىك ھالدا ئۆزۈمىزنىڭ دۆت، كالۋالىقىمىزدىندۇر.

كەسىپى ئىشىنى كەسىپ ئەھلىگە تاپشۇرماي، ھەممىنى ئۆزۈمىز قىلىدىغان، تەتۈر، مەنمەنچى، مەمەدانلىقىمىز ئۆز بېشىمىزغا بالا بولۇپ تۇرىدۇ.

ۋەتەن سىرتىدا تەشكىلاتنى سەن قۇرۇپ چىق. دىپلوماتىيەنىمۇ سەن قىل. ئىقتىسادى ئىشلارنىمۇ سەن بېجىر. قورال تۇتىدىغان ئىشنىمۇ سەن قىل. كىتاپ يازىدىغان ئىشنىمۇ سەن قىل. ۋەز، تەبلىغنىمۇ سەن قىل. ۋەتەننىمۇ سەن ئۆز قولۇڭ بىلەن ئازات قىلىۋەت. نېمۇنداق بېشىڭ چوڭ سېنىڭ! مانا مۇشۇنداق كالۋالىقىمىز ئۆز بېشىمىزغا بالا بولۇپ كەلدى.

سەن ۋەزىپىنى تەقسىملەشنى بىلگەن بولساڭ ئىش بۇنچىۋالا زىيىنىغا تارتمايتتى. ئەگەر ۋەزىپىگە لايىق كەسىپ ئەھلى بولمىغان ۋەزىيەت ئاستىدا ئۇنى ھەل قىلىشنىڭ يولىنى ئىزدىشىڭ، تېپىشىڭ كېرەك ئىدى. سەن ئىمتىيازىڭ بىلەن تەشكىلات قۇردۇڭ. يەنە شۇ ئىمتىيازىڭ بىلەن خەلقنى سەپەرۋەر قىلىپ ئىقتىساد توپلاپ، خەلقنىڭ پۇلىغا خەلق ئۈچۈن، مىللەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان كېرەكلىك ئادەملەرنى ئوقۇتۇپ كەسىپ ئەھلىنى يېتىشتۈرگەن بولساڭ، سەندىن ھېلىقى قۇماندانلىق فورمىسىنى باشقىلار سالدۇرىۋالاتتىمۇ، سەندىن ھېلىقى ئۇزۇن ساقالنى باشقىلار يۇلىۋالاتتىمۇ!

# 18

ۋەتەن، مىللەت ئۇچۇن ھەقىقى، ئەمەلى ئىش قىلىمەن ـ دەپ، قەدەمنى چوڭ ئېلىپ قويۇپ ئىشنى ئەپلەشتۈرەلمىگەن ياكى شۇ يولدا كېتىۋېتىپ سەھۋەنلىك بىلەن مىللەتكە زىيان سالغان كىشىلەرگە ئالدىراپ تېنەپ « خائىن، جاسۇس، خىتاينىڭ ئادىمى»ـ دەپ، تۆھمەت چاپلاش ئىنقىلاۋى ھەرىكىتىمىزدە پايدىسىز ئامىل بولۇپلا قالماستىن بەلكى كەلگۈسىدە يەنە بىر خاتا قەدەم بېسىلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا نەزەردە تۇتۇلىدىغان تەجرىبىنى بەربات قىلغانلىق بولۇپ، خاتالىقنى باشتىن باشلاشقا شۇنىڭدەك يەنە بىر پاجىئەنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەبچى بولۇپ قالىدۇ. شۇنىڭ ئۇچۇن ئىنقىلاۋى ھەرىكىتىمىزگە رەھبەرلىك قىلىپ مەغلۇپ بولغان كىشىلەرنى تەنقىتلەشكە بولىدۇكى، ئۇنىڭ خائىن ئىكەنلىكىگە ئۇچۇق ئىسپات بولمىغان ھالدا تەھلىل يۈرگۈزۈش ئارقىلىق « خائىن » لىق قالپىقىنى كەيدۈرۈپ قويۇشنىڭ ئۆزىلا يەنە بىر سىياسى خاتالىقتۇر. ئالايلۇق مەسىلەن: ھەسەن مەخسۇم ۋە ئۇنىڭ بىر تۈركۈم يىقىن سەپداشلىرى خىتاي تۈرمىسىدىن ۋە خىتاي چېگراسىدىن غەرەزلىك چىقىرىۋېتىلگىنى راست. بىراق ئۇلارنىڭ « شەرقى تۈركىستان ئازاتلىق تەشكىلاتى » غا قىلغان ئىچكى بۇزغۇنچىلىقلىرى، ئۇ تەشكىلات تارقىلىپ تۈگىگەندىن كېيىن مىڭلىغان يىتىمچىلەرنى تۇپلاپ يىللارچە ئافغانىستاندا تۇتۇپ تۇرغانلىقى ئىنكار قىلىنمايدىغان ئىسپاتلىق مەسىلە بولسىمۇ مەزكۇر ئەھۋاللار ئۇلارنىڭ خىتايغا ئىشلىگەنلىكىنى، خىتاينىڭ باشقۇرۇشىنى يوشۇرۇن قوبۇل قىلغانلىقىنى دەلىللىمەيدۇ. ئۇلارنىڭ ئوتتۇر ئاسىيادا ئىچكى ئىختىلاپ قوزغاپ، « ۋەتەن مىللەت دېگۈچىلەر ئىمانسىز كېتىدۇ » ـ ئېغۋالىرى كۆز قاراش ئوخشاشماسلىقىدىن كېلىپ چىققان

--------------------------

مۇخالىپەتچىلىككە ياتسا، كېيىن ئافغانىستاندا مۇجاھىدلارنى توختۇتۇپ قويۇشلىرى، تالىبانلارنىڭ ئالدىنقى سېپىگە ئېۋەرتىلىشى ئۇلارنىڭ ئۆز ئىدارىلىرى ئاستىدىكى ئەركىن تالالاش بولماستىن، بەلكى ئەرەپ جىھادچىلىرىنىڭ بىر تۇتاش باشقۇرۇشىدىكى ئەسىرلىكتىن كېلىپ چىققان ئىختىيارسىز خاتالىقلاردۇر. ئۇلارنى يوقۇرقى مەسىلىلەر بىلەن « خائىن » دېيىش توھمەتتۇر. شۇنىڭدەك « شەرقى تۈركىستان ئازاتلىق تەشكىلاتى » نىڭ قۇرغۇچى ۋە ئاكتىپ يېتەكچىلىرىنىڭ ھەرىكەت جەريانىدىكى خاتالىقلىرى قانداقتۇر خىتايغا ئىشلىگەن خائىنلىق قىلمىشلىرىنىڭ دەلىلى بولالمايدۇ. ھەممە پاجىئە ئىش بىلمىگەنلىكتىن، ئىشنى قىلىدىغان ئۆز ئەھلى بولمىغانلىقتىن كېلىپ چىققان.

ئەگەر ئۇلارنى خىتايغا باغلانغان خائىن، ساتقۇن ـ دەپ ئەيىپلىگىنىمىزدە، تۆۋەندىكىدەك باشقا، يېڭى بىر پاجىئە كېلىپ چىقىشى مۇمكىن. بۇ دەل تارىخنىڭ تەكرارلىنىشى بولۇپ، تارىخقا توغرا، ئادىل قارىمىغانلىقىمىزنىڭ جازاسىنى تارتىپ قالىمىز. مەسىلەن ئون يىل ئاۋالقى سىلاۋيان ئاسىياسىدىكى، كەشمىر، ئافغانىستان، پاكىستان قاتارلىق جايلاردىكى ئىككى لاگىرنى ئاساس قىلغان « قوراللىق ھەرىكەت » لەرنىڭ يېتەكچىلىرىنى ماھىيەتتە خىتايغا ئىشلىگەن ساتقۇنلار ئىدى، شۇڭا ئىنقىلاۋىمىز مەغلۇپ بولدى ـ دەپ قارايلۇق. نۆۋەتتە ئىران، لۇبنان، سۈرىيە قاتارلىق دۆلەتلەر موسكۋا ك گ ب لىرىنىڭ غىدىقلىشى بىلەن يەنە بىر ئويۇننى ئويناپ، مەمەتنى ئەمەس ئەمەتنى، ھەسەننى ئەمەس ھۈسەننى يېتەكلىسە، ئەمەت ئويلايدۇكى، مەمەت « خىتايغا ئىشلەيدىغان خائىن » ئىكەندۇق، شۇڭا ئىنقىلاپنى دەسلىۋىدىلا سېتىپ قويغان، شۇڭا مەغلۇپ بولغان، مەن ئەلۋەتتە ھەقىقى پاك ئىنقىلاپچى، بۇقېتىم چوقۇم غەلىبە قىلىمىز، مىللىتىم، ۋەتىنىم مۇشۇ سەۋەپ بىلەن ئازات بولۇپ قالسا مەن خەلقىمنىڭ قەھرىمانى بولۇپ

قالىمەن ــ دەپ، ئۇخلىماي چۈش كۆرۈشكە باشلايدۇ. چۈنكى ئەمەت ئۆزىگە ئىشىنىدۇ. ئۇ مەمەتكە ئوخشاش« خائىن » ئەمەس! شۇنىڭدەك ھۇسەنمۇ ئۆزىنىڭ ھەقىقى مۇجاھىد ئىكەنلىكىگە ئىشەنچىسى كامىل. ھەسەننىڭ بېسىپ ئۆتكەن قىسمەتلىرىگە قارىغاندا ئۇ ئۆزىنى ساغلام، پاك ئادەم ــ دەپ ئىشىنىدۇ. ئۇ چەتئەلگە باشقا بىر ساغلام يول بىلەن چىققان. ئۇ قۇيرىقىنى خىتايغا تۇتقۇزۇپ قويمىغان! ئۇ ئەرەپ جىھادچىلىرىنىڭ قولىدا ئەمەس بەلكى ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن ھەرىكەت قىلالايدۇ. ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ جىھاد قىلىش تەكلىۋى بېرىۋاتقانلار ھىندىقۇش تاغلىرىدىكى قارا قاچاق جىھادچىلار ئەمەس، بەلكى مۇنتېزىم دۆلەت خادىملىرى...... بەلكى بۇ ئاللاھنىڭ ياردىمى بولسا كېرەك. مۇشۇ سەۋەپ بىلەن كاپىر خىتايلارنى ۋەتەندىن قوغلاپ چىقىرىپ، ئاللاھنىڭ دىنىنى ھۆكۈمران قىلىدىغان پەيت كەلسە ئەجەپ ئەمەس! ــ ھۇسەن شۇلارنى تەسەۋۋۇر قىلىدۇ ــ دە، نەتىجىدە مەمەت كىرگەن كېچىككە ئەمەتمۇ كىرگەن بولىدۇ. ھەسەن چۈشكەن كاتاڭغا ھۇسەنمۇ چۈشىدۇ. تارىخ تەكرارلىنىدۇ. تارىخنى تەكرارلاش مەغلۇبىيەتنىڭ دەل ئۆزىدۇر! مەغلۇبىيەتنى خائىنغا، غەلبىنى قەھرىمانغا باغلاپ چۈشىنىش كىلاسسىك قاراشتىن ھالقىيالمىغان قاتماللىقتۇر.

بىز ئىنقىلاۋىمىزغا كىلاسسىك ئۇسۇل بىلەن مۇئامىلە قىلىپ كەلدۇق. ئەللىك يىل بۇرۇنقى، يۈز يىل بۇرۇنقى ئىنقىلاۋى تارىخلىرىمىزنىغۇ قانداقتۇر ئەپسانىۋى چۆچەكلەردىكى توقۇلما ۋەقەلەردەك ئويدۇرما، ساختا نەرسىگە ئوخشۇتۇپ قويىمىز. تېخى يېقىندىلا يۈز بەرگەن، قان ھىدى بۇرنىمىزدىن كەتمىگەن پاجىئەلىك ۋەقەلەرنىمۇ ئىلمى ئۇسۇل بىلەن، رېئال ئەمەلىيەتكە باغلاپ تەھلىل يۈرگۈزۈشنىڭ ئورنىغا قانداقتۇر ئەپسانىۋى توقۇلمىلاردەك رەڭ بېرىپ، ھادىسىلەرنىڭ

ئەسلى ماھىيىتىنى كۆرۈنمەس، بىلىنمەس ھالغا كەلتۈرۈپ قويىمىز. تارىختىن ئىبرەت ئالماي، تارىخنىڭ ھەقىقىي يۈزى بىلەن تونۇشماي قىلغان، ئەتكەنلىرىمىز بەئەينى مۈزنىڭ ئۈستىگە ئۆل بىسىپ ئۆي سالغان مەتونىڭ ئۆزى. بىز ئىنقىلاۋىمىزنىڭ مەغلۇبىيەتلىرى ئۈستىدە ئىلمىي ئىزدىنىش ئېلىپ بارمىدۇق. مەغلۇبىيەتلا بولىدىكەن ئۇنى پەقەتلا خائىنغا يۆكلەپ قويدۇق. «ئىنقىلاپچى» لىرىمىز بىر كۆزنى تېڭىپ جۇۋۇازغا قېتىپ قويغان ئۆكۈزدەك بىر يۆنۈلۈشتە ئايلىنىۋەردى. « ئىنقىلاپ» تىن ئىبارەت بۇ ئەبجەق بويۇنتۇرۇق ئۆكۈزنىڭ پاتتىڭىدىن زادىلا چۈشمىدى. مىللىتىمىزنىڭ ئويلىنىۋالغۇدەك ئارامىنى قويمىدى. تۆرلۈك تۈمەن پىسخىك جەڭلىرى ئەقىللىق ئوغلانلىرىمىزنى خۇددى ئەڭگىلىزلارنىڭ زەمبىرەكلىرىگە ئوق ـ ياي بىلەن قارشى تۇرغان ئىندىيانلاردەك تەلۋە قىلىپ قويدى. ختاي مۇتەخەسسىسلىرى بېجىندا راھەت باغچىسىدا ئولتۇرۇپ پىلانلىغان پىسخىك ئۇرۇشىغا بىز ماسلىشىپ شىردەك ھۆركىرەيمىز! بۇ خىل پىسخىك جېڭى بىزگە چەتئەلدىمۇ ئاراملىق بەرمىدى. ئويلىيالمىدۇق. مۇشۇ مەزمۇندا بىر ئاز ۋەقەلىككە قايتىشنى ئويغۇن كۆردۇم. 1997ـ يىلى مەزكۇر ئىككى لاگىر جۇۋۇازلارغا ئۆكۈز تاللاپ تازا قىزىپ كېتىۋاتاتتى. ئىيۇل ئېيىنىڭ ئوتتۇرلىرى ئىراننىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىدىن بىر ھەيئەت موسكۋانى زىيارەت قىلدى. خۇددى يىرتىق خۇرجۇندىن زەدەك چۈشكەندەك تاشقى ئىشلار مىنىستىرىنىڭ مەسلەھەتچىسى ھەيئەتتىن ئايرىلىپ ئالمۇتىغا كېلىپ « خەلقئارا شەرقى تۈركىستان مىللى كومىتېتى، خەلقئارا شەرقى تۈركىستان مىللى فرونتى» نىڭ قوش رەئىسى يۈسۈپ بەك مۇخلىسى بىلەن ئىككى كىشىلىك كۆرۈشۈش ئۆتكۈزدى. بۇ خەۋەرنىڭ دايكەشلىكىنى، گوپپاڭچىلىقىنى تۈركىيە ئاخباراتلىرى ئۈستىگە ئالغان بولسا كېرەك!.... تۈرك گېزىتلىرى تارقاتقان خەۋەردە مۇنۇلار كۆزگە چېلىقاتتى ـ كۆزگە چېلىقىش ئەمەس يۈرەكنى قېپىدىن

چىقىرىۋەتكىلى تاسلا قالدى: « ئىران تاشقى ئىشلار مىنىستىرى موسكۋا زىيارىتىدىن قايتىپ، شەرقى تۈركىستانلىقلارنىڭ لىدەرى، مۇجاھىد يۈسۈپ بەك مۇخلىسىنى زىيارەت قىلدى. شەرقى تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىق ھەرىكىتى ئۈچۈن دەسلەپكى قەدەمدە يۈز مىليون ئامېرىكا دوللىرى ياردەم قىلىدىغانلىقىنى زىيارەتچى مىنىستىر ئىران ھۆكۈمىتى نامىدىن ۋەدە قىلدى...» مەن قىزىپ كېتىۋاتقان مېڭەمگە مۇز تېگىپ بىر ئاز ئەسلىمگە كېلىۋالغاندىن كېيىن يۈسۈپ بەك مۇخلىسىغا تېلېفون قىلدىم. ئۇنىڭدىن سەككىز يۈز دوللەر سورۇدۇم. تۈرك پاسپورتىدىن بىرنى سېتىۋېلىپ، ۋەتەنگە كىرىپ تۇرۇش، ...... ئارزۇيۇمنى ئېيتتىم. مەندە راستىنلا جاندىن باشقا نەرسە يوق ئىدى. جاننى ساخلاشقا مەيلىممۇ قالمىغان ئىدى..... بۇنىڭدىن بۇرۇن يۈسۈپ بەك مۇخلىسى مېنىڭ ۋەتەنگە قايتىشىمنى كۆپ قېتىم تەكىتلىگەن بولسىمۇ مەن قوپاللىق بىلەن رەت قىلغان ئىدىم. بۇ قېتىم ئۇ مېنىڭ ئاكتىپلىقىمدىن ھەيران بولۇپ سورىدى: جاندىن تويدىڭىزمۇ؟ ــ ياق، ئەپەندىم. جان يەنىلا بەك تاتلىق ــ دېدىم چاخچاق ئارلاش. ــ ئۇنداقتا ھاياجانغا نېمە سەۋەپ بولدى؟ ــ دېدى ئۇ پاڭقۇشلاردەك ۋارقىراپ. ــ يۈز مىليون دوللەر! ــ دېدىم ، ئاۋازىمنى ئۇنلۇك قويۇۋېتىپ. شۇنىڭ بىلەن قوپال سۆزلەر باشلىنىپ كەتتى. ئۇنىڭ جېنىغا تەككەن گەپلەر ئىكەن ھېلىقى يۈز مىليون دوللەرنىڭ يالغان خەۋىرى. ــ شەرقى تۈركىستان ئۈچۈن جېنىڭ تاتلىق سەنلەرنىڭ! ئىراننىڭ يۈز مىليون دوللىرىنى ئاڭلاپ كېچە كۈندۈز ئارام بېرىشمىدىڭ قېرى جېنىمغا! شۇ ئىرانلىق موللىلارنىڭ، شۇ تۈرك مۇخبىرلىرىنىڭ يەتمىش پۇشتىنى.....! دېدى قېرى ئاچچىقلاپ.

ئىككىنچى بىر ھادىسە مۇنداق بولغان ئىدى. ھېلىقى ئىككى لاگىردىكىلەر ــ ئىككى دۇكاندارلار ــ دەپ تۇرايلى ــ خېرىدار تالىشىپ،

جېدەللىشىپ، ( ئوچۇق) سىرلار« پاش بولۇپ »، ئاخىرى سىلاۋىيان ئاسىياسىدا ئۇيغۇرلارغا چاشقان تۇشۇكى ساراي بولغان تازا يامان چاغلاردا « پىدائىلار» دىن بىر قانچىسى ( ئائىلىك، بالىلىقلىرىمۇ بار) ئىرانغا بېرىپ قالىدۇ. ئىران ھۆكۈمىتى ئۇلارنى خىتايغا تاپشۇرۇپ بەرمەي، ئامانلىق بېرىدۇ. ئۇلار ئىراندا تۇرۇشلۇق ب د ت مۇساپىرلار ئىدارىسىگە ئۆزلىرىنى مەلۇم قىلىشىپ، ئىشلىرى ھەل بولغىچە ئىككى يىلدەك تۇرۇپ قالىدۇ. لېكىن ئىران دۆلىتىدىن ئۇلارغا قىلچىمۇ خەۋپ يەتمەيدۇ. ئۇلارنىڭ ئىشلىرى ھەل بولۇپ، ياۋروپا دۆلەتلىرىگىچە خاتىرجەم يۆتكەپ كېتىلىدۇ. بۇ مەزگىل 2000 ــ ۋە 2001 ــ يىللىرى بولۇپ، كۆپلىگەن ئاسىيا دۆلەتلىرى ئۇيغۇر يىتىمچىلىرىنى خىتايغا، ياكى ئامېرىكىغا « تېرورىست »- دەپ تۇتۇپ بېرىۋاتقان خەتەرلىك پەيتكە توغرا كېلەتتى. شۇڭا ئىراننىڭ مەزكۇر خەيرخاھلىقى كۆڭۈللەرنى ئۇۋۇلىماقتا ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا غەرپ ئەللىرىدە يىلتىز ئورنىتىۋاتقان خىتاي « قاچقۇن» ( دېپلوماتىك خادىم ) لىرىمۇ ئۇيغۇر مەسىلىرىنىڭ كېلەچىكى توغرىسىدا كۆڭۈل بۆلۈشكە باشلىدى. ئۇلارنىڭ مۇلاھىزىسىدە : « 2015 ــ يىلغىچە ئۇيغۇرلار قوراللىنىپ خىتايغا قارشى كەڭ كۆلەمدە ئۇرۇش قوزغايدىغانلىقى، ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ ھەل قىلغۇچ ھەرىكىتىدە ماددى كۈچ بولۇپ ئىران كۆزدە تۇتۇلىدىغانلىقى، چۈنكى ئىران ئوتتۇرا شەرق ۋە ئىسلام ئەللىرىدە ئۇيغۇرلار بىلەن ئەڭ قويۇق تارىخى مۇناسىۋىتى بولغان بىر دۆلەت بولۇپ مەلۇم جەھەتتىن ئورتاق مەدەنىيەتكە ئىگە ئىكەن. ھەمدە شەرقى تۈركىستان، ئافغانىستان، تاجىكىستان، ئۆزبەكىستاننىڭ بىر قىسمى، پاكىستان ــ كەشمىر رايونلىرىنىڭ بىر قىسمى قاتارلىق كەڭ بىر جۇغراپىيەدە ئىران بىلەن كۈچلۈك مەدەنىيەت ئورتاقلىقىغا ئىگە خەلقلەر ياشايمىش. شۇڭا ئىران شەرقى تۈركىستاننىلا قوتۇلدۇرسا بۇ كەڭ رايوندا ئىراننىڭ سىياسى، جۇغراپىيەلىك تەسىرى كۈچلىنىدىكەن. بۇ رايونلار كەلگۈسىدە ئىران

ئاسىياسى ياكى پارىس ئاسىياسى بولۇپ قالىدىكەن....شۇنىڭدەك قازاقىستاننى ئاساس قىلىپ ئوتتۇر ئاسىيا دۆلەتلىرىدە مىليوندىن ئارتۇق ئۇيغۇر ياشايدىكەن. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن قازاقىستان ئۇيغۇرلارنىڭ خىتايغا قارشى ئۇرۇش قوزغىشىغا قولاي شارائىت بېرىدىكەن ۋە مەجبۇر بولۇدىكەن. ھەتتا قازاقىستان ئۇيغۇرلار بىلەن قېرىنداش بولغانلىقى ۋە خىتاينىڭ كېڭىيىپ كېلىش خەۋپىدىن ئۆزىنى قوغدىشى نوقتىسىدىنمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ مۇستەقىللىقىغا ياردەم قىلىدىكەن. شۇنداق قىلىپ شەرقى تۈركىستان بىر قوزغۇلۇش بىلەن ئەڭ كېچىككەندىمۇ 2020 ـ يىلىغىچە مۇستەقىل دۆلەت بولۇپ قالىدىكەن...»

يوقۇرقىدەك بىر قاتار سىنارىيەلەردىن كېيىن ئەنقەرە ئىستىخباراتىنى ۋاستە قىلغان ھالدا ئىران ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئىستىخباراتى ئۇيغۇرلارغا ئىللىق بىر مەساج يوللىدى. بۇ 2002 ـ يىلىنىڭ باھار ئايلىرى ئىدى. ئىران ئۇيغۇرلار بىلەن نېمىشكە بېۋاستە سۆزلەشمىدى؟ ياكى بۇ مەساجنىڭ ئارخىتېكتۇرلىرى يەنە شۇ موسكۋا ك گ ب لىرىمىدۇر؟ تۈركلەر ئەسكەر مىللەت، بۇيرۇقنى جان ـ دەپ قوبۇل قىلىدۇ ـ دەپ، تۈركىيەنى ئىراننىڭ ئوت تۇتىدىغان لاخشىگىرى قىلىشقا مەسلەھەت بەرگەنمىدۇر شۇ ك گ ب ؟ ـ بۇ توغۇرلۇق تولىمۇ يىراق كەلگۈسىدە ئىشقا كىرىشىدىغان ئۇيغۇر ـ ئىران مۇناسىۋتى ستراتېگىيە مۇتەخەسسىسلىرى ئىزدەنسۇن. بىز ئارتۇق باش قاتۇرۇپ ئاۋارە بولمايلى. چۈنكى بىز ستراتېگىيە كەسپىگە ئائىت ئەمەسمىز. ئىراندىن كەلگەن بۇ تەكلىپتە مۇنۇلار تىلغا ئېلىنغان: « ئۇيغۇرلار خىتاينىڭ مۇستەملىكىسىگە چۈشۈپ قالغاندىن بېرى زادىلا تېنجىمىدى. خىتاينىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى قوبۇل قىلمىدى. ئىرانمۇ ئۇزۇن يىللاپ ئەجنەبى زوراۋانلارنىڭ دەردىنى تارتقان. بۇرۇن ئۆز ھالىمىز بىلەن بولۇپ

ئۇيغۇرلارنىڭ دەردىگە يېتەلمىگەن ئىدۇق. ئەمدى قاراپ تۇرمايمىز! ئۇيغۇرلار ئىران خەلقى بىلەن دىنى قېرىنداش، قويۇق مەدەنىيەت ئورتاقلىقىغا ئىگە. نۆۋەتتە ئۇيغۇرلارنىڭ مۇستەقىللىقىقا، ھۆرلۈككە بولغان چەكسىز ئىنتىلىشلىرىنى ياخشى تونۇپ يەتكەن غەرپلىك مىسسىيونېرلار ئۇيغۇرلارغا ياردەم قىلىش نىقاۋى ئاستىدا ئۆزلىرىگە بېقىندۇرۇشنى پىلانلىدى. ئۇيغۇرلار خىتايدىن قۇتۇلۇپ چىققىنى بىلەن غەرپلىككە تۇتۇلىدۇ. يامان يېرى شۇكى، غەرپلىك مىسسىيونېرلارنىڭ ئارقىسىدا يەھۇدى يوشۇرۇنغان. دېمەك ئۇيغۇر مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمىز ۋاستىلىك ھالدا يەھۇدى سىرتمىقىغا بوغۇلۇپ قالىدۇ. بىز ئىران بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن بىر مۇسۇلمان قېرىنداش خەلقنىڭ يەھۇدىلارغا تۇتۇلۇشىنى راۋا كۆرەلمەيمىز! بىزنىڭ بۇ مەقسەتلىرىمىزنى ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىمىز ياخشى چۈشۈنۈشلىرى كېرەك. بىز بىلەن ھەمكارلىشىپ، يەھۇدى تەسىرىنىڭ يىلتىزىغا پالتا چېپىشلىرى لازىم. بۇ مۇسۇلمانلىق ئورتاق مەجبۇرىيەتلىرىمىزدۇر! ئۇيغۇرلار بىلەن ئىران ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت بۈيۈك چىن خاقانى چەنلۇڭ دەۋرىدىن باشلاپ ئۈزۈلۈپ قالغان. قېرىنداش ئىككى خەلق ئارىسىدا ئىككى ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىت ئالاقە بولمىدى. ئالاقىمىزنى تۇرك قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئەسلىگە كەلتۈرمەكچىمىز. ئۇيغۇرلار مۇستەقىل دۆلەت قۇرغىچە بىز ئىرانلىق ئۇلار بىلەن بىر سەپتە بولۇمىز. .....» ئىراق ئىرانلىقنىڭ مەزكۇر سالامى يېتىپ كەلگەندە ئۇيغۇرلار ئىچىدە جاۋاپ قايتۇرىدىغان تۈزۈك گوروھ يوق ئىدى. يوق ئىكەنلىكىنى تۈرك ئىستىخباراتى ناھايىتى ياخشى بىلەتتى. بۇ چاغدا ئۇلارنىڭ قورچاق ئەمىرى « مىنىڭ ئاشقىم » ناملىق داستانىنى يېزىش بىلەن ئالدىراش ئىدى... ئىچكى جېدەلدە غەلبە قىلغان يەنە بىر لاگىردىكى مەخسۇملار بولسا ئىرانلىقنى يەھۇدىلاردىنمۇ بەتتەر دۈشمەن كۆرۈدىغان ئەرەپ جىھادچىلىرىنىڭ قورشاۋى ئىچىدە تەمتىرەپ يۈرەتتى. ئەگەر شۇ

تەكلىپ ئۆتتۈرغا قويۇلغاندا مىللىتىق تۆتىدىغانلىرىمىزنىڭ قولى بىر ئاز بوش بولۇپ قالغان بولسا مەسىلەن: تۈرك ئىستىخباراتىنىڭ قورچاق ئەمىرى ماغدۇردا بولغان بولسا ــ دەپ، پەرەز قىلايلى، بەلكى دەرھال تۆتۈش قىلىپ « ھىزبۇللاھ »، ياكى « ھىزبۇتتەھرىر» دېگەندەك بىر « تەشكىلات » نى قۇرۇپ، ئۇلارمۇ باشلىرىغا قارا سەللا ئوراپ مەيدانغا چۈشكەن بولسا، خىتاي قىتئە نېرىدا قېلىپ، ئىككى قۇتۇپلاشقان ــ بىرى ئەرەپ جىھادچىلىرىنىڭ تەسىرى ئاستىدىكى « ۋاھھابى مۇجاھىدلار » يەنە بىرى شىئى ئىستىخباراتىنىڭ تىزگىنىدىكى « ئاللاھ پارتىيەسى » ماركىلىق « شىئە » قالپاقلىق بەتمەزھەپ « ئىمانسىزلار » ئارىسىدا جەڭ راسا ۋايىغا يەتكەن بولاتتى! ئىران « شىئەلىرى » بىلەن ئەرەپ « ۋاھھابىيلىرى » نىڭ مىللىي، تارىخى زىددىيەتلىرى بىر تىللىق، بىر دىنلىق، بىر مەزھەپلىك ئۇيغۇرلارنىڭ قوراللىق ئۇرۇش قىلىپ ۋەتەننى ئازات قىلماقچى بولغان قوشۇنلىرى ئارىسىدا مۇرەسسەسىز قانلىق جەڭ باشلىغان بولاتتى! ــ ياق، ئۇنداق بولمايتتى ــ دېيەلەمسىز!.........( زادى مۇشۇ خەقلەر كوزۇر بولۇشقا قانچىلىك يارار! لېكىن ئۇ تەرەپلىرىنى ئىرانلىق نەدىن بىلسۇن....)

« تۆلكە ئاكاڭ ئۈچ كۈندۈر بېناشتا، بىر بالاسى بولمىسا قۇيرۇق ياتامدۇ تاشتا » ئىرانلىق ئۆزلىرى ئاچ قورساق تۇرۇپ نېمە مەقسەتتە ئۇيغۇرغا نان بەرمەكچى بولۇپ قالدى؟

# 19

« يېتىمنىڭ ئاتىسى تولا، ئاتىسىدىن لاتىسى تولا » ـ دېگەندەك، كۆنلەرنىڭ بىرىدە ئويلىمىغان يەردىن ئۇيغۇرلارغا ئاتىدارچىلىق قىلىدىغانلار شۇنچىلىك كۆپىيىپ كېتىدۇ. بىراق باشقا كۈن چۈشكەندە بىرسىمۇ يوق. جانغا ئەسقاتقۇدەك كىشىنى تاپماق بەسى مۈشكۈل. دىققەت بىلەن ئىنچىكىلەپ قارايدىغان بولساق، تاشلىنىپ قالغان يېتىم بالىدىنمۇ بەكرەك بىچارە ئىكەنلىكىمىزنى كۆرمەك ئانچە قىيىن ئەمەس. بىزگە ئىچ ئاغرىتمىغان كەشمىرلىك، چېچەنلىك، قازاق، قىرغىز، تۈرك قالمىدى. ئۇيغۇرلارنىڭ« مۇستەقىللىق كۈرىشى » گە قول تىقىشقا ئىنتىلمىگەن ھەتتا ئىرانمۇ قالمىسۇن! ھەممىسى بۇ يولنى پېتىقداپ ئۆتسۇن!

بىزنىڭ بېشىمىزنى سىلاپ، ئاتىدارچىلىق قىلىش ئارقىلىق ئىران نېمىگە ئېرىشمەكچى ئىدى؟ ـ دۆلەتلەر ئارا، مىللەتلەر ئارا بولۇدىغان ھەرقانداق ياردەملەر جەزمەنكى « بار تاۋۇقىم، كەل تاۋۇقىم » قائىدىسىدىن سىرت بېھۇدە، خالىسانە بولۇپ كەتمەيدۇ. شۇ نوقتىدا ئالدى بىلەن ئىراننىڭ ئېھتىياجىنى قىسقىچە تونۇپ ئۆتەيلى. ئامېرىكانىڭ تېرورغا قارشى تۇرۇش ۋە تېرورنىڭ قورغىنىنى يىقىتىش باناسىدا ئافغانىستانغا بېسىپ كىرىشى ئەلۋەتتە ئىران چېگراسىغا ئىنتايىن ئېغىر تەھدىت ئىدى. بۇ تەھدىتنى يېنىكلىتىش ئۈچۈن ئىراننىڭ رۇسىيەدىن مۇداپىئە تەلەپ قىلىشى بولسا « بۆرىنى قوتانغا باشلاپ كىرگەن » دەك بولاتتى ۋە 1999 ـ يىلىدىكى بالقان ئۇرۇشىدا رۇسىيەنىڭ باشتا ئۆز قېرىنداشلىرى بولغان سىلاۋىيان سېربىلىرىگە ئىگە بولۇپ كۆكرەك كېرىشى، كېيىن ئۇرۇش رەسمى باشلانغاندا ئۇلارغا كەينىنى قىلغانلىقى ئاشكارە بىر خائىنلىق ئىدى. بۇنداق يۈزسىزلىكنى

ئىرانغىمۇ قىلمايدۇ ــ دەپ پەرەز قىلىش مۇمكىن ئەمەس. شۇنىڭدەك ئامېرىكا ئەسكەرلىرىنىڭ بۇسۇغىغا يېقىنلاپ كېلىشى ئىراننىڭ ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنلا ئاتوم يادرو تېخنىكىسىغا بولغان ئىشتىھاسىنى تېخىمۇ كۈچلەندۈرۈۋەتتى. بۇنداق ئېھتىياجلارنى يىراق شەرقتىكى پالاكەت خىتاينىڭ ياردېمى بىلەن قامدىغاندا ئىككىنچى بىر خەتەرگە دۈچ كېلىش ئېھتىماللىقى كۆرۈلمەيتتى. ھەمدە خىتاي ئامېرىكىغا قارشى تۇرۇشتا مەيدانى ئېنىق ھالدا ئاخىرغىچە پۈت تېرەپ تۇرالايدۇ. بالقان ئۇرۇشىدا بېلگرادتىكى خىتاي ئەلچىخانىسىنىڭ ئامېرىكا بومباردىمانىدا كۆلگە ئايلىنىشىدىن قەتئىنەزەركى خىتاتىينىڭ ئامېرىكىغا تۇتقان دۈشمەنلىك پوزىتسىيەسى قىلچىمۇ تەۋرەپ قالمىدى. خىتاينىڭ بۇنداق ئالاھىدىلىكى ئىراننى بەكلا ئىنتىلدۈرەتتى. بىراق ئىران خىتايدىن ئىبارەت بۇ نازىنىننى ئۆزىگە قانداق جەلىپ قىلىشى، قانداق قىزىقتۇرۇشى كېرەك؟ - بۇنىسى ئىراننىڭ بېشىنى قاتۇرىدىغان بىر سىرلىق تېپىشماق ئىدى. خىتاي ئىسرائىلىيىگە قارشى مەيداندا تۇرۇشتا ئىران بىلەن ئورتاقلىقى بولسىمۇ لېكىن ماھىيەت تامامەن باشقىچە. چۈنكى خىتاي ئىراننىڭ يەنە بىر دۈشمىنى بولغان پۈتۈن ئەرەب ، ئىسلام دۇنياسىنى ئۆزىگە رام قىلىشتا ئىسرائىلىيە كوزۇرنى ئاساس قىلغان. خىتاينىڭ ئىسرائىلىيە بىلەن مىللى، جۇغراپىيەۋى، دىنى توقۇنۇشى يوق. بىراق ئىران ھەم ئەرەپلەر بىلەن، ھەم ئەرەپلەرنىڭ دۈشمىنى بولغان ئىسرائىلىيە بىلەن دۈشمەن. بۇنداق ۋەزىيەت ئاستىدا خىتاينى جەلىپ قىلىدىغان بىر ئەپلىك كوزۇر شۇكى، تەيۋەننىڭ ئايرىم دۆلەت بولۇشىنى قوللاش. ئەمما بۇ ئامېرىكىنىڭ قولىدىكى كوزۇر! تىبەتنى قوللاش! بۇمۇ ئامېرىكىنىڭ قولىدىكى يەمچۈك! بەلكى تەيۋەن بىلەن تىبەت ئىراننىڭ غەمخورلىقىغا ئېھتىياجلىق ئەبگالاردىن ئەمەس. ئۇنداقتا ئىرانغا قالغىنى بىردىن بىر، ئۇستى ئېچىلمىغان كان، ئۇدۇل كەلگەن ساغلىقنىڭ ئارقىسىدىن سۈت قوغلۇشۇپ كېتىۋېرىدىغان

يېتىم قوزا ــ ئۇيغۇر! بۇ قوزىغا سۈت بەرمەي قورۇق ئېمزىكنى چىشلىتىپ قويسىمۇ بولىۋېرىدۇ...... بۇ كاننى خالىغانچە قىزىپ، خالىغانچە سېتىپ خەجلىسە بولىۋېرىدۇ....

ھەي بىچارە ئۇيغۇر! ھەي بىچارە ئۇيغۇر! چىشقاق پاخلاننىڭ ئورنىدا قۇربانلىق بولۇپ تۇرسەن. چىشقاق پاخلانغۇ خالىغان يېرىگە، خالىغان چاغدا ماياقلاپ، چىچىپ، سىيىپ ھاجىتىنى ئادا قىلالايدۇ. سەنچۇ! بىرنى ئوسۇرۇپ قويساڭ نامىڭ تېرورىست! بىراق سەن بۇ بەتنامىدىن پەخىرلىنىسەن! داداڭنى چاناپ ئۆلتۈرۈۋېتىپ ساڭا تېرورىست دەپ قالپاق كەيدۈرۈپ قويسا ئۆزەڭنى قەھرىماندەك چاغلاپ، ئىگىز دۆڭگە چىقىپ ۋارقىرايسەن تېخى. « كۆتۈڭدە ئىشتان يوق، ئېتىڭ مارجان بۇۋى!» كۆتۈڭدىن بىر تال ماياق چۈشمەيتۇرۇپ قالپىقىڭنىڭ ماركىسى تېرورىست! سەندەك مەتوغا بۇ نام قانداقمۇ ياراشقاي!

دېمەك ئىرانلىق قېرىنداشلىرىمىز ئۇيغۇر يېتىمچىلىرىنىڭ بېشىغا پۈتۈن دېموكراتىك ئەللەرنىڭ، پۈتۈن مۇسۇلمان دۇنياسىنىڭ، ئىنسانىيەتنىڭ كۆزىگە پوختەك سەت كۆرۈنىدىغان « ھىزبۇتتەھرىر» ماركىلىق قالپاقنى كەيدۈرۈپ، ئوتتۇرغا چىقارماقچى بولىدى. « ھىزبۇتتەھرىر» دېگەن گەپ ئەسلىدە ئۇلۇق بىر نەرسىمۇ ئەمەس. بىر ئېغىز ئەرەپچە گەپ. ئازاتلىق پارتىيەسى ــ دېگەن بىر ئېغىز گەپ. لېكىن ئۇ سۆز ئىران مەنبەلىك، شىئە مەنبەلىك بولغانلىقتىن، ( لۇبنان ۋە ئىراننىڭ سىرتىدىكى) « ھىزبۇللاھ » قوشۇنلىرىغا ياندىشىش شەكىللەنگەن، ھەلا دېسە يەھۇدى ۋە غەرپ ئەللىرىگە دۈشمەنلىك تىغ ئۇچىنى قاراتقان ئېقىمدىن كەلگەن بولغاچقا ھدمىدە خۇددى بىنلادەن ئەپەندىنىڭ « ئەلقائىدە » تەشكىلاتىدەكلا سىياسى مۇددىئاسى بولمىغان بىر ئېقىم بولغانلىقتىن بۇ نام بىلەن ئاتىلىپ قالغان ھەرقانداق گورۇھ، ھەرقانداق رايوندا خەتەرلىك ــ دەپ قارىلاتتى. شۇنداق بولغاندا بۇ قالپاقنى كەيگەن ئۇيغۇر پەقەتلا ئىراننىڭ يېتەكلىشىدىن ئاجراپ

چىقالمايتتى. چەتئەلدە تېنەپ يۈرگەن، ئالدىنقى ئىككى لاگىردىن سىرتتا قالغان ئەمما خىتايغا نىسبەتەن يوشۇرۇن تەھدىتكە ئىگە ئۇيغۇرلارنىڭ شۇنداق بىر ئېقىم ئاستىدا غەرپكىمۇ، ئىسلام ئەللىرىگىمۇ ھەتتا سۈنئىي مەزھىپىدىكى ئۆز ۋەتەن قېرىنداشلىرىغىمۇ يېقىن يولاتمايدىغان ھالەتتە تۇتۇپ تۇرۇلۇشى ئەلۋەتتە خىتاينىمۇ مەمنۇن قىلاتتى. مانا بۇ كوزۇرنى ئىران بارلىققا كەلتۈرەلەيتتى.

بۇ نوقتىدا ئادەم شۇنچىلىك ھەيران قالىدىغان بىر تۈگۈن باركى، ئىراننىڭ ( ئالدىنقى باپتا ئېيتىلغىنىدەك) مەزكۇر تەكلىپىنى سۇنغان چاغدىكى ئاگاھلاندۇرۇشى، يەنى ئۇيغۇرلارنىڭ غەرپكە باغلىنىپ قېلىشى، غەرپ ۋاستىلىك يەھۇدى تەسىرىگە كىرىپ قېلىشى قاتارلىق ئاگاھلاندۇرۇش شۇنچىلىك سىرلىقكى، ئۇيغۇرلار بۇ چاغدا ( 2002 ـ يىللىرى) تەشكىلى جەھەتتىن تېخى تۈزۈك مەركەزلىشىپ بولالمىغان، نە ئامېرىكا بىلەن، نە ياۋرۇپا بىلەن ئالاقە ئورناتقۇدەك ئىمتىيازغىمۇ ئىگە بولمىغان، تارقاق تەشكىلات رەئىسلىرى بىرەر قوغۇر چاچ، چىقىر كۆز يېزا باشلىقىنى ئۇچۇرتۇپ قالسا دەرھال رەسىمگە چۈشۈۋېلىپ، شاتلىقتا ئاغىزى قۇلاقىچە يېتىپ كېتىدىغان چاغلار ئىدى. شۇنىڭدىن قاق تۆت يېرىم يىل كېيىن ـ يەنى رابىيە قادىر خانىم د ئۇ ق نىڭ رەئىسى بولۇپ سايلانغان يىغىندا بىر يەھۇدى پروففېسسور مېھمان سۈپىتىدە نۇتۇق سۆزلىگەن بولدى. نۇتۇقنىڭ مەزمۇنى ـ ئۇيغۇرلار مىللى مەۋجۇتلىقىنى ساخلاپ تۇرۇشى ئۈچۈن يەھۇدى خەلقىنىڭ بېسىپ ئۆتكەن ئىش ئىزلىرىدىن ئۆرنەك ئېلىشلىرى، كۆنلەرنىڭ بىرىدە دۇنيا ۋەزىيىتى ئۆزگۈرۈپ ئۇيغۇرغا دۆلەت قۇرۇش پۇرسىتى كەلگىچە مىللى مەۋجۇتلىقلىرىنى ساخلىشى كېرەك. بۇ يەھۇدى خەلقى بېسىپ ئۆتكەن يول.....ۋاھاكازا. دېمەك « ئۇيغۇر مەسىلىسىنىڭ غەرپكە باغلىنىپ قېلىشى، شۇ ئارقىلىق يەھۇدىنىڭ سىرتمىقىغا چۈشۈپ قېلىشى » توغرىسىدىكى ۋەھىمىنى ئىرانلىق

دىپلوماتلار ئوتتۇرغا قويغان چاغدا بۇ دەۋانى شۇ پەللىگە يەتكۈزىدىغان كىشى تېخى خىتاي تۈرمىسىدە ئازاپ چېكىۋاتاتتى. ئۇ شۇنىڭدىن ئۈچ يىل كېيىن ئەركىن دۇنياغا چىقتى. ئۇنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئۇيغۇر دەۋاسى غەرپلەشتى. بۇ يەردىكى تۈگۈن شۇكى : « رابىيە قادىر خانىمنى ئامېرىكا خىتاي تۈرمىسىدىن چىقىرىپ، ئۇيغۇر دەۋاسىغا رەھبەر قىلىدىغانلىقى، شۇ ئارقىلىق ئۇيغۇرلار غەرپكە باغلىنىپ قالىدىغانلىقى » توغرىسىدىكى پىلاننى ئىران موسكۋا ك گ ب لىرى ئارقىلىق بىلگەنمۇ؟ ياكى ئىراننىڭ ئىستىخباراتى شۇنچىلىك ئىمكانىيەتكە ئىگىمۇ؟ ياكى بولمىسا خىتاينىڭ دېموكراتىك غەرپ ئالدىدا تىل قىسلىق تارتقىچە ، زادى مۇشۇ ئايالنى تالاشقانلارغا بېرىۋېتىپ ئارام تاپمايلىمۇ ـ دېگەندەك بىر خۇپىيانە پىلانلىرىنى ئىرانلىق ئاڭلاپ قالغانمۇ؟ ـ بۇنىمۇ كەلگۈسىدىكىلەرگە ئامانەت قىلىپ ئۆتۈپ كېتەيلى. بۇ بىز ئۈچۈن بەك مۇھىم تېما ئەمەس. مۇھىم بولغىنى بىزنى كىملەر خەجلىدى، كىملەر خەجلىمەكچى، كىملەرگە خەجتلەتسەك بولىدۇ، كىملەر بىز بىلەن پايدا ـ زىيانغا شىرىك بولالايدۇ؟ ـ دېگەن مۇنازىرىدە توختۇلۇشتۇر.

ئىران خىتاينى جەلىپ قىلىش كوزۇرىنى ياساپ چىقالمىدى. خىتاينىمۇ ئۆزىگە سايۋەن قىلالمىدى. ئىراق ئامېرىكا ئافغانىستاندىن بىر سەكرەپ باغداتنى ئالدى. ئىراققا كىرگەن ئامېرىكا ئەسكەرلىرى ئىراننى ئۈچ قېتىم ئىشغال قىلىشقا يېتەتتى. ئىران چالا بوغۇزلانغان تۆگىدەك ھەر تەرەپكە باش ئۇرۇپ نەر تارتاتتى. بىردە ئىسرائىلىيەگە ئۇرۇش تەھدىدى قىلسا، بىردە ياۋروپاغا خىرس قىلاتتى. بەزىدە ئىچكى سىياسەتلىرىدە قىسمەن ئىسلاھات يۈرگۈزۈپمۇ قوياتتى. شۇنىڭدەك « شاڭخەي ئىتتىپاقى» غا ئەزالىق ئىلتىماسىنىمۇ سۇنغان بولدى. لېكىن ئاخىرىدا كوزۇر ئىراننىڭ ئۆزىدىن كەشىپ قىلىنىدى. ئەسىرلەر بويى ئەڭگىلىيە بىلەن رۇسىيەنى ئىشقى ئوتىدا كۆيدۈرۈپ، ۋەسلىگە ئىنتىزار

قىلىپ كەلگەن ئەمما دىدارلىششقا زادىلا نەسىپ بولمىغان « ئىسسىق دېڭىز» غا ئامېرىكىنىڭ بىر پۇتى تىزغىچە كىرىپ بولغاندىن كېيىن كۈندەشلىكى تۇتقان رۇسلار ئىرانغا ساداقەت بىلەن يېقىنلاشتى. شۇنىڭ بىلەن ۋۇجۇدى ئىسسىق دېڭىزنىڭ ھارارىتىدە قىزىپ كېتىۋاتقان ئامېرىكا مۇزدەك سوغاق سۇغا بىر چۆمۈلۈپ چىقىپ ئازراق سەگىۋالغاندىن كېيىن پىلاننى قايتا تۈزمەكچى بولدى. ئامېرىكا ئىسسىق دېڭىزغا يەنە بىر پۇتىنى تىقسا قارا پاتقاققا پېتىپ قالىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتكەندەك بىر ئەندىكىپ ئۆزىگە كەلدى ــ دە، ئىراقتىكى ئەسكەرلەرنىڭ كۆپ قىسمىنىڭ مۇشۇ قونالغۇدا پىنسىيەگە چىقىشى، بەلكى سۆڭەكلىرى مۇشۇ ئىسسىق تۇپراقتا قېلىشى لازىملىقىنى قارارلاشتۇردى. شۇنىڭ بىلەن ئەڭ تېز، ئاز چىقىم بىلەن ئېلىنغان ئىراق « ئەل قائىدە تېرورىستلىرىنىڭ ئارقا بازىسى » ــ دەپ ئېلان قىلىندى. « سادداm ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ، دېموكراتىك دۆلەت قۇرۇپ بەرمەكچى » بولغان ئامېرىكا « ئىراقتىكى بىنلادەن ئەپەندىنىڭ تېرور شايكىلىرىنى تازىلىماقچى، بۇ كۆرەشنىڭ تولىمۇ ئۇزۇنغا سوزۇلىدىغانلىقى » توغرىسىدا يېڭى ستراتېگىيە ئېلان قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئامېرىكا تېرورىستلارنى يوقاتقاچ كۇردىستان نېفىت رايونىنى قوغداشنى ئاساس قىلدى. ئىراقتىكى ئىچكى ماجىرا كۈنسېرى تەرەققىي قىلىپ، مۇرەسسە قىلىنغۇسىز شەكىلدە سۈننىي ــ شىئە توقۇنۇشى باشلىنىپ كەتتى. كۈندە يۈزلىگەن جانلار قۇشقاچ، پاختەكنىڭ نەرقىدە بىر تەرەپ قىلىنىۋەردى. بۇ ھال ئامېرىكا پىرېزىدېنتى بۇش ئەپەندىنىڭ تەبىرىچە « ئىراق خەلقىنىڭ ئۆزلىرى كۈتكەن دېموكراتىيەگە ئۆتۈش قەدەملىرى » ــ دەپ ئىزاھات بېرىلدى. سىرتتىن كۆرۈنۈشىچە، ياكى سىرتتىن تەھلىل قىلىنىشىچە « ئامېرىكا ئىراق ئۇرۇشىدىن چىقالمىدى » بولۇپ داۋراڭ قىلىندى. لېكىن ئەمەلىيەتتە بولسا ئىراقتىكى ئىچكى ماجىرا ئامېرىكىنىڭ باش ئاغرىقىغا بېرىلىۋاتقان

ئاسپىرىن ئىدى. ئەگەر ئامېرىكىنىڭ ئىراق ئۇرۇشىدىن شۇنچىلىك تېز چىقىپ كېتىش پىلانى بولغان بولسا، بەلكى ئۇرۇش قوزغىماس ئىدى. بەلكى سىرتتا تۇرۇپلا باشقا ئۇسۇل بىلەن ساددام ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇشقا ياردەملىشىپ، ئىراقتا يېڭى بىر دۆلەت سىستېمى بەرپا قىلغان بولاتتى. بىراق ئامېرىكىنىڭ ئەسلىدىكى ئوتتۇرا شەرق ستراتېگىيەسى باشقىچە بولغاچقا ئىراق ئۇرۇشى ئارقىلىق بىر پۈتىنى ئىسسىق دېڭىزغا تىققان بولدى.

ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن چوڭ دۆلەتلەرنىڭ قىزغىنىش نوقتىسىغا ئايلىنىپ قالغان ئىران ئاستا، ئاستا ئەنگلىيەنىڭ خىرىس قىلىش چەمبىرىكىدىن يىراقلىشىپ، 1960 ـ يىللىرىدىن باشلاپ ئۆز ئايىقى بىلەن سوۋېيىت تەسىرى ئاستىغا كىرىپ قېلىۋاتاتتى. بۇ لوقمىنىڭ رۇسلارغا يەم بولۇپ كېتىشىگە قاراپ تۇرالمىغان ئامېرىكا، ئەنگلىيە، فىرانسىيە ۋە ئامېرىكىنىڭ ياۋرۇپادىكى ئەڭ ئىشەنچلىك ئۈكىسى غەربى گېرمانىيە قاتارلىق دۆلەتلەر فىرانسىيەدە سۈرگۈندە تۇرىۋاتقان ئايەتۇللاھ ھۇمەينى ھەزرەتلىرىنى بارلىق كۈچ بىلەن قوللاپ، ئىران شاھى مۇھەممەد رىزا شاھ پەھلەۋىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى ئىسيان قىلدۇردى. ئىككى ئايغا يەتمىگەن ئىچكى كۆتۈرۈلۈش نەتىجىسىدە 2500 يىللىق ئىران ئىمپېراتورلىقى يىقىلىپ 1979 ـ يىلى 1 ـ ئاپرىل « ئىران ئىسلام جۇمھۇرىيتى » قۇرۇلدى. ئاردىن يىگىرمە بەش يىلچە ئۆتۈپ ئىران يەنە رۇس تەسىرىدە ئۆز مەۋجۇتلىقىنى ساخلاپ قېلىشنى تاللىدى. ئامېرىكىنىڭ 2003 ـ يىلى مارت ئىراققا كىرىشىنى « سادداملىڭ دېكتاتورلۇق ھاكىمىيتىنى ئاغدۇرۇش ھەرىكىتى » ـ دەپ، قىسمەن تەخمىن قىلغان رۇسلار بۇش ئەپەندىنىڭ ئىككىنچى قېتىم پىرېزىدېنتلىقتا سايلىنىشىغىچە كۈتكەن بولدى. لېكىن ئامېرىكىنىڭ ئىراقتا قىلغۇدەك باشقا ئىشى قالمىسىمۇ يەنە

ھەدەپ ئەسكەر يۆتكەشلىرى رۇسلارنى چۆچۈتۈپ قويدى. نەتىجىدە ئىران رۇسنىڭ قولى بىلەن ئاتوم ئېنىرگىيە تېخنىكىسىغا ــ ئاتوم يادروسىغا ئىگە بولدى.

ئىراننىڭ قىسمىتىدىكى مۇھىم نوقتا شۇكى ئۇ ئۆزىنى يۈتۈۋېلىشقا دائىم خىرىس قىلىپ تۇرىدىغان ئىككى چوڭ كۈچنىڭ رىقابىتى ئارقىسىدىلا ئۆز مەۋجۇتلىقىنى داۋام ئەتتۈرەلەيدۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە رۇسيە تامامەن مۇنقەرز بولۇپ يىقىلسا ئامېرىكا ئىراننى بىر يالماپ يۈتۈپ كېتىدۇ. شۇنىڭدەك ئامېرىكا ئۆز كۈچىنى يوقاتسا، ياكى ئىسسىق دېڭىزغا بولغان قىزىقىشىدىن يالتايسا، رۇسىيە ئىراننى سۈمۈرۈپ كېتىدۇ. ئەگەر ئامېرىكا ئىراققا كىرمىگەن بولسا، ياكى ئۇرۇشنى ئاخىرلاشتۇرۇپ قايتىپ چىقىپ كەتكەن بولسا رۇسىيە ئىراننى ھەرگىزمۇ ئاتوملاشتۇرمىغان بولاتتى.

ئەمدى ئۆز گېپىمىزگە كېلەيلى. بىر مىللەتنى يېتەكلەش، ۋەتەننى قۇتقۇزۇش، دۆلەت قۇرۇش، دۆلەتنىڭ مەۋجۇتلىقىنى داۋاملاشتۇرۇش قاتارلىق سىياسى ھادىسىلەر نوقۇل كۈچ بىلەنلا كاپالەتلىنىشى مۇمكىن ئەمەس. ئەلۋەتتە كۈچ چەتكە قېقىلمايدىغان مۇھىم ئامىل. لېكىن ھەل قىلغۇچ يادرو ئەقلى ئامىلدۇر، سىياسى سېزىمدۇر ۋە ئەقىل بىلەن سىياسەتنىڭ يۇغۇرۇلمىسىدىن تەركىپ تاپقان دېپلوماتىك مۇناسىۋەتتۇر! ئىران ئاشۇ دېپلوماتىيەنى ئەڭ ۋايىغا يەتكۈزۈپ قوللىنالىغان دۆلەت تەرىقىسىدە بەكمۇ ئويغۇن مىسال بولالايدۇ. ئىران خىتاي بىلەن بولىدىغان دېپلوماتىك مۇناسىۋەتنى قورغاش ئۈچۈن ھەتتا ئۇيغۇر يېتىمچىلىرىنى كورزۇر قىلىپ مەقسەتكە يېتىشنىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلىۋەتمىگەن ئىدى.

# 20

: «هايۋاناتلارنىڭ ھەر بىر تۈرىگە ئۆزلىرى بىلەن بىرگە ياشاش ئۈچۈن ھەمراھ تاللاش ئىجازىتى بېرىلگىنىدە بەزەن ھايۋانلار ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل ياشىيالايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشۈپتۇ. بەزەن ھايۋانلار ئۆز جىنسلىرى بىلەن توپلۇشۇپ ياشاش ئىختىيارلىقىنى بىلدۈرۈشۈپتۇ. بەزەن ھايۋانلار تەبىئى خىلقەتلىرىگە مۇناسىپ يات جىنسلاردىن ھەمراھ تاللىشىپتۇ. ئاخىرىدا مۈشۈك يەككە ـ يىگانە تىكەندەك قاپتۇ. ئۇنىڭ كۆرۈنۈشى قاپلان ـ يولۋاسقا ئوخشاپ كەتكەنلىكتىن كۆپلىگەن يۇمشاق تەبىئەتلىك ھايۋانلار ئۈركۈپ قاچىدىكەن. بىراق ئۇنىڭ جۇغى بەك كىچىك يۇمران بولغاچقا ئىشتقا ئوخشاش غالجىر، گۆشخور ھايۋانلاردىن ئۆلگۈدەك قورقىدىكەن. شۇڭا ئۆزىگە مۇناسىپ، قوغدىنىشقا لاياقەتلىك بىر كۈچلۈك ھەمراھقا ئېھتىياجى بارلىقىنى ئىزھار قىلىپتۇ ھەمدە ھەمراھ تاللاش ئىجازىتىنى قايتىدىن ئېلىپ يولغا چىقىپتۇ. ئۇ كۆپ تىرىشچانلىق كۆرسۈتۈپ ئىزدىنىپتۇ. ھايۋانلارنىڭ ھەرتۈرىدىن ئۆزىگە ھەمراھ بولۇشنى تەلەپ قىلىپتۇ ۋە سەۋەبىنى چۈشەندۈرۈپتۇ. لېكىن ھەر بىر ھايۋان قورقىدىغان يەنە بىر كۈشەندىسى بارلىقىنى ئېيتىپ مۈشۈكنىڭ ئېھتىياجىدىن چىقالمايدىغانلىقىنى، ئۆزىدىن كۈچلۈك بولغان يەنە بىر ھايۋاننىڭ يېنىغا بېرىپ بېقىشنى تەۋسىيە قىلىدىكەن. ئۇ شۇنداق ئارىلاپ شىرنىڭ يېنىغا بېرىپ ھال ئېيتىپتۇ. شىر ئۆزىنىڭ كۈچ، قۇدرەتتە كامىل بولغىنى بىلەن ئەقىل جەھەتتە تۈلكىنىڭ قۇۋۋلىقىغا تەڭ كېلەلمەيدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ مۈشۈكنى تۈلكىنىڭ يېنىغا يوللاپتۇ. تۈلكە ئۆزىنىڭ شۇنچىلىك پاراسەتلىك بولغانلىقىدىن پەخىرلەنسىمۇ ئاخىرقى ھېساپتا تۇزاقتىن قورقىدىغانلىقىنى

بىلدۈرۈپتۇ. مۇشۇك تۇزاقنىڭ يېنىغا كېلىپ ھال ئېيتقان ئىكەن بىچارە تۇزاق زار يىغلاپ تۇرۇپ ئۆزىنىڭ كۇشەندىسى بارلىقىنى ئېيتىپتۇ ـ ئادەملەر ئۇنىڭ ئاغىزىنى يىرىپ ئىككى جاۋغىيىنى گەجگىسىگىچە كېرىپ باغلاپ نەلەرگىدۇر كۆمۈپ قويىدىغانلىقىنى، بىرەر جانلىق كېلىپ ئۇنىڭ پوكىنىغا قەدەم باسمىغىچە شۇنداق كۆمۈكتە ياتىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ ئادەملەر بىلەن گەپلىشىپ بېقىشىنى تەۋسىيە قىلىپتۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئەقىللىق مۇشۇك ئۆزىگە باش پانا ۋە قوغدىغۇچى سۈپىتىدە ئادەملەرنىڭ يېنىدىن ئورۇن ئالغان ئىكەن....»

يوقۇرقى مەسەل شەكىللىك ئەپسانە گەرچە كىچىك باللارغا سۆزلەپ بېرىلىدىغان ئاددى ساۋاتلاردىن بولسىمۇ لېكىن ئەقىل كۆزى بىلەن قارىغاندا ئۇنىڭ ئارقىسىدا قىممەتلىك سىياسى چۈشەنچە يوشۇرۇنغانلىقىنى كۆرىمىز. بىز ئۆزىمىزنىڭ تاللىشى بىلەن مۇشۇكنىڭ تاللىشىنى سېلىشتۇرىدىغان بولساق مىللى قوغدىنىشىمىز توغرىسىدا مۇشۈكچىلىك بولسىمۇ تىرىشچانلىق كۆرسەتمىگەنلىكىمىز نامايەن بولۇدۇ . يېقىن تارىخلاردىكى خىتايغا قارشى جەڭلەردە تاللىغان ئىتتىپاقداشلىرىمىز، كېيىنكى تولۇق مۇستەملىكە دەۋرىدە پەقەتلا ھېسسىياتىمىزغا يۆلۈنۈپ تىرىكىشلىرىمىز بىزنى ئىلگىرلەشكە ئەمەس بەلكى بۈگۈنكى ھالىمىزغا يەتكۈزۈپ كەلدى. بىز ئۆزىمىزنىڭ ھەرىكەتلىرىمىزنى ھەقلىق، قانۇنلۇق ھەرىكەت ـ دەپ بىلىمىز. بىزنىڭ ئىمانىمىز، ئېتىقادىمىز بىزگە نىسبەتەن مۇستەھكەم قورغان بولۇپ بىزنى قوغداپ كەلدى. ئۇنىڭدىن باشقا نېمىمىز بار؟ ـ خىتايغا قارشى تۇرۇشتا ئەزەلدىن ئۆز كۈچىمىزگە تايىنىپ ئۇرۇش قىلدۇق، تىرىكىشىپ كەلدۇق. يېقىن تارىخلاردىكى مەغلۇبىيەتلىرىمىزنى شۇ ئىنقىلاپلارغا رەھبەرلىك قىلغان دانالىرىمىز

ۋەتىنىمىزنىڭ جۇغراپىيەلىك ئورنىدىن بولسا كېرەك ـ دېگەن قاراشقىمۇ ئىتىبار بەرگەن بولدى. چۈنكى « بىزنىڭ ۋەتىنىمىز كۆككە تاقاشقان ئىگىز تاغلارنىڭ، پايانسىز قۇملارنىڭ قورشاۋىدا ئىكەن. دېڭىز قاتنىشى بىلەن تۇتاشمايدىكەن. مەدەنىيەتلىك غەرپ ئەللىرى بىلەن چىگرالانمايدىكەن..... مۇشۇنداق بىر قاتار بەختسىزلىكلەر تۈپەيلى بىزگە يىراق يېقىندىكى كۈچلۈك مەدەنىيەتلىك مىللەتلەر قىزىقمايدىكەن. شۇڭا بىز خىتايغا ئەسىر بولۇپ قالغان ۋە ئىنقىلاۋىمىز غەلىبىگە ئېرىشىلمىگەن.....» ـ بۇ قاراش زامان مۇناسىۋىتى بىلەن كۈچىدىن قېلىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ھازىرقى ئومۇمى دۇنيانىڭ پۈتۈنلۈشۈپ، تاغلاردىن، دېڭىزلاردىن، قۇملاردىن ئېلېكترونلۇق ئۈسكىنىلەر بىلەن نۇر تېزلىكىدە ھالقىپ ئۆتۈۋاتقان دەۋرىدىمۇ بىز نېمىشكە ئىنقىلاۋىمىزنى قورشاۋدىن بوشىتالمىدۇق؟ بىز نېمىشكە ئۆزىمىزنى ئۆزىمىز سىرتتىن، كۈچلۈك مەدەنىيەتلىك ئەللەردىن يىراق تۇتۇشقا ئىنتىلىمىز؟ ـ بىزدىكى « ئىككى نان تاپسا بىرنى يەپ، قورسىقى تويغاندىن كېيىن يەنە بىرنى داپ چالىدىغان» كىشىلىك خارەكتېرىمىز ئۆز پېتىچە ئىنقىلاۋى ھەرىكەتلىرىمىزگىچە، ھەرىكەتلەرنى يېتەكلەش ئىقتىدارىمىزغىچە سىڭىپ، ئۆز خۇسۇسىيىتىنى كۆرسۈتۈپ كەلگەن. زىيالىلىرىمىز ـ ۋەتەن ئىچىدىكىلىرى ئەمەس ۋەتەن سىرتىدىكىلىرىمۇ تېخى مەدەنىيەتلىك، كۈچلۈك غەرپ ئەللىرى بىلەن تىلغا ئالغۇدەك مۇناسىۋەت ئورناتقانلىرى يوق. بار دېيىلگەنلىرىنىڭ مۇناسىۋەت ئوبيېكتلىرى بىزدىن پەرقلەنمەيدىغان، بېكىنمە، ئاجىز، ئۆز دەرت ھەسرەتلىرىنى بىزگە داتلايدىغان مىللەتلەرنىڭ ۋەكىللىرى بىلەن مۇناسىۋەتتە. دىندارلىرىمىز تېخى تۈزۈك قانات قۇيرۇقلىرىنى تەڭشەپ بولالمىدى. ئۇلارنىڭ كۆپۈنچىسى « دۇنيا كاپىرلىرىغا قارشى » جەدۋەلىدىكى تىزىملىكلەرگە ئۆزلىرىنى ئەنگە ئالدۇرۇشتىن ئارتۇق بىر نەرسىنى

چۈشۈنۈپ كېتەلمەيدۇ. بىزنىڭ دەردىمىز زەرداپقا ئايلىنىپ يۈرەك باغرىمىزنى ئىچىمىزدىنلا چىرىتىپ تۈگۈتىدۇركى، تېخى دەردىمىزنى « ئاھ » دەپ سىرتقا نەپەسلەنگۈدەك بوشلۇققا چىقىرالمىدۇق. بىز نېمىشكە شۇ قەدەر دەرتمەن، نېمىشكە دەردىمىز تۈگىمەسمۇ يەڭگىللىمەيدۇ؟ ـ تەكرار، تەكرار تىلغا ئېلىش زۆرۈركى، بىز سىرتقى دۇنيانى ياخشى كۆزەتمىگەن ۋە ھازىرمۇ كۆزىتەلمەيمىز. سىرىت بىلەن مۇناسىۋەت قۇرۇشنى « نامەرتلىك، بىچارىلىك، بويۇن قىسقانلىق » ـ دەپ قارايدىغان ئادەت بىزدە بەك كۈچلۈك. « نامەرتنىڭ كۆۋرۈكىدىن ئۆتكىچە دەريادا غەرق بول » بۇ گەرچە كىشىلىك ئەخلاقتا، كىشىلىك تۇرمۇشتا پەزىلەتلىك بولۇشقا قارىتىلغان تەربىيە بولغان بولسىمۇ، شۇ كىشىلىك خۇسۇسىيىتىمىز بىلەن بىرگە مىللى مەسىلىمىزدىمۇ ئۆز تەسىرىنى كۆرسەتمەي قالمايدۇ. ئۆتكەن ئەسىرنىڭ دەسلىۋىدىكى ئىنقىلاۋى رەھبەرلىرىمىز مەغلۇبىيىتىمىزنى ۋەتىنىمىزنىڭ تەبىئى قورشاۋدىكى بەختسىزلىكىگە باغلىغان بولسا، بىز بۈگۈن شۇنى ئېتىراپ قىلىشىمىز كېرەككى، بىزنىڭ مىللى خارەكتېرىمىز كىشىلىك پىسخىكىلىق قورشاۋنىڭ بېكىنمىسىدە بوغۇلماقتا. بىز شۇ ھالىتىمىزنى ئىسلاھ قىلمىغۇچە مىللى تەقدىرىمىزدە يېڭىلىق، ئىلگىرلەش ھاسىل قىلالىشىمىز قىيىن گەپ.

ئەمدى ھېلىقى مۈشۈك بىلەن ئۆزىمىزنى ۋە باشقىلارنى سېلىشتۇرۇپ باقايلى. ئەقىللىق مۈشۈك ئۆزىگە ئىنساندىن ئىبارەت ئەڭ قابىلىيەتلىك، جاسارەتلىك، قورقۇمسىز ھىمايىچىنى تاللىدى. ئۇمۇ ئۆزىگە تېگىشلىك مۇھىم بىر ۋەزىپىنى ئادا قىلىپ ئۆز قىممىتىنى نامايەند قىلىدۇ. مۈشۈكنى ئىنسان قوغدىسا، مۈشۈك چاشقان تۇتۇش ئارقىلىق ئىنسان قىلالمايدىغان مۇھىم بىر ئېھتىياجىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىدۇ. ئەقىللىق ئىرانلىق ئەتراپىدىكى

دۈشمەنلىرىنىڭ سىياسى قورشاۋىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ دۇنيادىكى ئىككى چوڭ جاھانگىرلارنى ئۆزىگە ھىمايىچى، مۇداپىئە قورغانى قىلىپ تاللىغان. ئەقىللىق ئەرمەنلەر كىلاسسىك شىئە ۋە ئەرەپ قىرغىنىدىن پانالىنىش ئۈچۈن ئوسمانلىنى ئۆزلىرىگە ھامى قىلغان. ئۇلار ئۆز دىنداشلىرى بولغان باشقا ئاجىزلارنىڭ ياردەملىرىگە دوم چۈشمىگەن. كېيىنچە رۇسلارنىڭ كۈشكۈرتۈشلىرى بىلەن ئوسمانلىغا ئىسيان قىلىپ جازاغا مەھكۇم بولغاندىن كېيىن ئوسمانلىنىڭ يەنە بىر كۈشەندىسى بولغان فرانسۇزلاردىن ۋە « دۇنيانىڭ يىراق كەلگۈسىنى ئىدارە قىلىدىغان » ئامېرىكىدىن پانالىق ئىزدىگەن ئىدى. تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ ياۋرۇپا ئورتاق گەۋدىسىگە ئەزا بولۇپ كىرىشىگە فرانسىيە قارشى تەرەپتە تۇردى. فرانسىيەنىڭ قارشىلىقى دىپلوماتىيە، سۈلھى يوللىرى بىلەن ھەل بولىدىغان دەرىجىدىكى مەسىلە بولماستىن بەلكى فرانسىيە دۆلىتىنىڭ ئاساسى قانۇنلىرىغا كىرگۈزۈلۈپ دۆلەتنىڭ ئىچكى ۋە تۈپ مەسىلىسىگە ئايلاندى. فرانسۇزلارنىڭ قولىدىكى كوزۇر ئوسمانلى دەۋرىدە قىرغىن قىلىنغان ئەرمەنلەرنىڭ تۆلەم مەسىلىسى ۋە ئىرقى قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى تۈركىيە ئۈستىگە ئېلىش شەرتلىرىدۇر. تۈركىيەنىڭ ياۋرۇپا گەۋدىسىگە كىرىش ئۈچۈن 40 يىل كۈرەشكەن تىرىشچانلىقى 2007 ـ يىلى فرانسىيەنىڭ توسقۇنلىقى بىلەن سۇغا چىلىشىپ بارلىق ئارزۇ، ئارمانلار توزغاقتەك توزۇپ كەتتى. بۇ رولنى ئۆز ۋاقتىدا فرانسىيەگە قاچقان ئەرمەنلەرنىڭ ئەۋلاتلىرى ئوينىدى. بۇ نوقتىدا يەھۇدىلارنى مىسالغا ئېلىش ئارتۇقچە! چۈنكى ئۇلار تەبئى خىلقىتىنى ( گېن ئالاھىدىلىكىنى ) بۇزمىغان، ئۆزگەرمىگەن مىللەت. ئۇلار ئەڭ ئاجىز بولغىنى بىلەن دۇنيانىڭ ئەڭ كۈچلۈك دۆلەتلىرىنى، كۈچلۈك مىللەتلەرنى ئۆزىگە خىزمەت قىلدۇرالايدىغان قابىلىيەتكە ئىگە مىللەتتۇر. ئۇلارنى ئاندولۇس ـ ئىسپانىيە قىرغىن قىلغاندا ئوسمانلىدىن پانالىق تىلىگەن. گېرمانىيە قىرغىن قىلغاندا

ئامېرىكىدىن پانالىق تىلىگەن. يەھۇدىلارنى كۆچلۈكلەر ۋە تەرەققى تاپقان، تەرەققى تاپىدىغانلار ئاسانلا ياقتۇرۇپ قالىدۇ. چۈنكى يەھۇدىلار زېرەك خەلق! ئۇلار ئېلىشنى بىلگىنىدەك بېرىشنىمۇ بىلىدۇ. بىر ئالسا ۋاقتى كەلگەندە ئونلاپ بېرىدۇ. ئۇلار ئامېرىكىغا جان ساقلاش ئۈچۈن قېچىپ بېرىپ ئارقىدىنلا ئامېرىكىنى ئاتوملاشتۇردى! ئىسرائىلىيە دۆلىتىنى باشقىلارغا قۇردۇرۇپ چىقتى. ئۇلار شۇنداق خەلقكى پۈتۈن ئىنسانىيەت نان ئۈچۈن بۇرنى قانىغۇدەك تەر ئاققۇزىۋاتسا ئۇلار ئەقلىنىڭ يەنىمۇ ئىشلىتىشكە بولىدىغان، بوش قېلىۋاتقان يوشۇرۇن ھۆجەيرىلىرىنى قېزىپ چىقىشنى ئىزدىنىدۇ.....

بىز ئۇيغۇرلار« دۇنياغا مەدەنىيەت تارقاتقان » ـ بىزلەر بېشىمىزغا كۈن چۈشكەندە كىملەرنى تاللىغان ۋە كىملەرنى تاللايمىز! ـ كىم بېشىمىزنى سىلىسا، كىم ئاتىدارچىلىق قىلسا، كىم قارنىمىزغا نان بەرسە شۇنى تاللايمىز. « كۆڭلۈڭنى كىم ئالسا چىرايلىقىڭ شۇ، بېشىڭنى كىم سىلىسا ماشايىخىڭ شۇ » ـ بۇ پەلسەپە كىشىلىك تۇرمۇشتىن باشلاپ مىللىي خۇسۇسىيىتىمىزگىچە سىڭىپ كەتكەن. ھەتتا ئىنقىلاۋى ھەرىكەتلىرىمىزدىمۇ شۇنداق ئاسانلا ئەگىشىپ كېتىۋېرىمىز. خۇسۇسىيىتىمىزگە بېرىلگەن بۇ ھۆكۈمنى كىم ئىنكار قىلالايدۇ! بەك كونىراپ كەتكەنلىرىنى قويۇپ، بۇنىڭدىن يىگىرمە يىل بۇرۇنقى ئوقۇغۇچىلار نامايىشلىرىنىڭ قوزغۇلۇش سەۋەبلىرىگە قارىساقمۇ قوزغاتقۇچى ئامىل خىتايلارنىڭ بىر پارچە خەتلىرى ئىدى. دىنى ئوقۇغۇچىلار تەشكىللىگەن نامايىشمۇ تۇڭگانلارنىڭ قۇترىتىشى بىلەن يۈز بەرگەنىغۇ! ھەتتا بىزنىڭ دىنى ساھەدىن تېخى ئەمدىلا يېتىشىۋاتقان ياشلارنى خىتايغا قارشى كۈشكۈرتۈش ئۈچۈن مۇڭغۇلىيەدىكى كۆچمەن تۇڭگانلار « ئارقا تېرەك بولماقچى » ئىدىغۇ.....

مەن ئۇيغۇرنى كەمسىتىۋاتقىنىم يوق! ئەمەلىيىتىمىزنى، بايقىغانلىرىمنى ئوتتۇرغا قويدۇم. ئەلۋەتتە مىللىتىمىزنىڭ بۈگۈنگىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىدا تۆلىگەن بەدەللەر، كۆرسۈتۈلگەن پىداكارلىقلار ئاز ئەمەس. ئەمما بۇنىڭدىن كېيىن يەنە بۇرۇنقىدەكلا داۋاملاشساق يېقىن كەلگۈسىدىكى خىتاي تىللىق، ئۇيغۇر تەنلىك، شاتلغۇت ئەۋلاتلىرىمىز مەۋجۇتلىقىمىزنى كىتاپتىن، موزىيخانىلاردىكى يادىكارلىقلاردىن كۆرۈدىغان رېئاللىققا دۇچ كېلىدۇ. ئويلاپ باقايلى، بىزنىڭ ئاتا، ئانىلىرىمىز مۇستەقىل شەرقى تۈركىستاندا ياشىغان ئىدى. بىز ئەسىر ۋەتەندە تۇغۇلدۇق. ئەۋلاتلىرىمىز قۇل نەرقىدە خىتاي ئۆلكىلىرىگە يۆتكۈلۈۋاتىدۇ. تېنىنى سېتىپ، قېنىنى سېتىپ، بىر تال بۆرىكىنى سېتىپ جان بېقىۋاتقانلارنى كۆرگىنىڭىزدە يەنىلا : بىز قەھرىمان مىللەت! بىز مەدەنىيەت ياراتقان مىللەت! بىز يوقالماس مىللەت! خىتاي بىزنى ئۆلتۈرۈپ تۈگىتەلمەيدۇ! بىز مۇسۇلمان مىللەت! بىز كاپىرلارغا بويۇن قىسمايدىغان، قارشى جىھاد قىلىدىغان مىللەت! ــ دېيەلەمسىز؟

ئەيسا گوروھى ۋەتەندىن چىققاندا ئۇلارغا ئەگىشىپ مىڭلارچە پۇخرا بىرگە چىققان ئىكەن. ئۇلار ھىندىستاندا، پاكىستاندا، كەشمىردە، ئافغانىستاندا تەمتىرەپ يۈرۈشكەن بولۇپ، يىللاردىن كېيىن تۈركىيە ھۆكۈمىتى ئالاھىدە غەمخورلۇق قىلىپ تۈركىيەگە يۆتكەپ كەتكەن ئىكەن. ئۇلارنى تۈركىيە ئېلىپ كەتكەنمۇ ياكى تۈركىيەنى ئۇلار تاللىغانمىدى؟ ــ چايخانا پاراڭلىرىدا، كوچا پاراڭلىرىدا يەيلەپ يۈرگەن ئەپقاشتى گەپلەرچە ئۇلارغا تۈركىيە قېرىنداشلىق كۆرسۈتۈپ غەمخورلۇق قىلغانمىش. ياقەي، ئۇلار تۈركىيەنى مۇسۇلمان، قېرىنداش دەپ ئۆزلىرى تاللىغانمىش.... شۇنىڭدەك مىش، مىش گەپلەرگە ھازىرغىچە قۇلاق بېرىپ كەلدۇقكى، دۆلەتلەر ئوتتۇرسىدىكى مۇناسىۋەتلەر توغرىسىدا تىلغا

ئالغۇدەك بىر نەرسە يوروۇق كۆرمىدى. شۇ چاغدىكى مۇھاجىرلارنىڭ ئومۇمى ئەھۋاللىرىدىن قارىساقىز ئۇنچىۋالا ( ھەسەن مەخسۇملاردەك ) دىندار بولۇپ كەتكەن، شۇ سەۋەپتىن تۈركىيەنى تاللىغان ــ دىگۈدەك دەرىجىدىكى دىندار كىشىلەرمۇ ئەمەس ئىدى. ھەم تۈركىيە دۆلىتىمۇ دىنى دۆلەت بولماستىن بەلكى دىندارلار جازاغا تارتىلىۋاتقان، سولچىلار ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان دۆلەت ئىدى. شۇنىڭدەك تۈركىيە خەلقى ئۇيغۇرلار بىلەن ئۇنچىۋالا قېرىنداش بولۇپ كەتكۇدەك دەرىجىدە تونۇشلۇقى بولغان خەلقمۇ ئەمەس ئىدى. ئۇيغۇرلارمۇ ئۇلارنى بەك تونۇپ كەتمەيتتى. بۇ يەردىكى تۈپ مەسىلە شۇ چاغدىكى گومىنداڭ ــ شەرقى تۈركىستان مۇناسىۋتى، خىتاي ــ تۈركىيە مۇناسىۋتى، خىتاي ــ ھىندىستان مۇناسىۋتى .. قاتارلىق سەزگۈر سىياسى مۇناسىۋەتلەر ئىدى. ئىشنىڭ ئارقا پىلانلىرىنى يوقۇرى دەرىجىلىكلەر بىلەتتى. خەلق پادىسى نىمىنى بىلسۇن!

# 21

كىشىلىك تۇرمۇشتا قەدەم خاتا بېسىلسا ئوڭشىۋېلىش پۇرسىتى بولىدۇ. مىللى مەسىلىدە، بولۇپمۇ ئۇرۇش، ئىنقىلاپ مەسىلىسىدە قەدەم خاتا بېسىلسا ئوڭشىۋېلىش پۇرسىتى بەلكى بىر قانچە ئەۋلات كەلمەسلىكى مۇمكىن. شۇڭا ئەجداتلارنىڭ خاتالىقلىرىنىڭ ئۇۋالىغا ئەۋلاتلار قالىدىغان گەپ.

1933 ــ يىلدىكى « شەرقى تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى » نى ئاغدۇرۇپ خىتايغا قايتا مۇستەملىكە قىلىپ بەرگەن رۇس ھۆكۈمرانلىرى

قىسقىلا بىرقانچە يىل پىلان تۈزۈپ، قورال ياردەم قىلىپ يەنە بىر قېتىم « شەرقى تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى » نى قۇردۇرغان بولدى. ئۇن يىل ئاۋالقى مۇستەقىل جۇمھۇرىيەتنى ئاغدۇرۇپ، قانلىق باستۇرۇپ خىتايغا تۇتۇپ بەرگەن رۇسلار نېمىشكە يەنە شۇ ئۇيغۇرلارنى قوراللاندۇرۇپ مۇستەقىل دۆلەتتىن بىرنى قۇردۇردى؟ بۇلارنىڭ ھەممىسى رۇس ھۆكۈمرانلىرىنىڭ تاكتىكا ـ قىسقا مەزگىللىك سىياسى پىلانلىرىمىدى ياكى ئۇيغۇرلارنى تۈرلۈك ئۇسۇل چارە بىلەن قىرىش، يوقۇتۇش ستراتېگىيەسىنىڭ باسقۇچلۇق ئىجرائاتلىرىمىدى؟ ـ بۇ ھادىسىلەرنىڭ تارىخى جەريانلىرىغا كىرىپ ۋاقىت ئۆتكۈزمەستىن شۇ چاغدىكى ئۆز ئەھۋالىمىزغا نەزەر سېلىپ باقايلى. 1933 ـ يىلىدىكى بىر قېتىملىق جۇمھۇرىيىتىمىز قۇرۇلغاندا پۈتۈن ئۇيغۇرستان خەلقى ئاساسەن بىر مەقسەتتە، بىر سەپتە بولغانلىقى ئېنىق. ئەمما تالىشىدىغان نەرسە ئىچكى مەسىلە، ھوقۇق ۋە ئىجرائاتلاردىكى ئوخشاشمىغان تەكلىپ ۋە تەلەپلەر ئۈستىدە ئىدى. 1944 ـ يىلى جۇمھۇرىيەت قۇرۇلغاندا بولسا تالىشىدىغان نەرسە تاشقى مەسىلە بولۇپ قالدى. بەلكى ئۇيغۇرلار ئۆزلىرى تالاشماستىن تاشقى كۈچلەر تەرىپىدىن تاشقى مەسىلىلەر تالاشتۇرۇلدى. سوۋېيت ئىتتىپاقىنىڭ كوممۇنىستىك ئىدىئولوگىيە، تۈزۈملىرىنى ئۇيغۇرلار تالاشمايتتى. شۇنىڭدەك خىتاينىڭ گومىنداڭ داشقاللىق مۇستەملىكىسىنىمۇ ئۇيغۇرلار تالاشمايتتى. لېكىن ئىككى تەرەپتىكى خوجايىنلىرى تىل بېرىكتۈرۈپ ئوتتۇردا ئۇيغۇرنى ئىككى ياققا ئايرىدى ۋە ئىتنىڭ نەرقىدە تالاشتۇردى. بىر تەرەپتىكى ئۇيغۇرلارغا « گومىنداڭچى، خىتاي پەرەست، ۋەتەن خائىنلىرى » داملىق قالپاق كەيدۈرۈلدى. بۇ قالپاقنىڭ ئاستىدا مەسئۇت سەبرى بايقوزى، مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا، ئەيسا بەگ قاتارلىق خىتاي گومىنداڭ پارتىيەسىنىڭ سادىق ئەزالىرى بار ئىدى. يەنە بىر تەرەپتىكى ئۇيغۇرلارغا « كوممۇنىستلار، رۇسلارنىڭ ئاپشاركا

گوماشتىلىرى، ۋەتەن ساتقۇچى خائىنلار » ناملىق قالپاق كەيدۈرۈلگەن بولۇپ، بۇ سەپتىكىلەر رەھىمجان سەبىرى ھاجى بايقوزى، ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق ئىنقىلاۋى ئەرباپلار ئىدى. بىر تەرەپنىڭ خوجايىنى موسكۋالىقلار، يەنە بىر تەرەپنىڭ خوجايىنى چوڭ چىڭلىقلار ئىدى. خوجايىنلار ئۆز- ئارا مۇزاكىرلىشىپ، پۈتۈشۈپ بولۇپ ئاندىن چاكارلارنى پىلان بويىچە ئۇر- چاپقا سالاتتى. « بىزنىڭ داھىلىرىمىز» ئىككى قاشتا تۇرۇپ ئاۋام خەلقنىڭ تۇمۇرىنى، مېڭىسىنى، يۈرىكىنى تىزگىنلەيتتى. بۇ ھال ئۇلارنىڭ خوجايىنلىرىغا بەك ياراپ كەتكەن بەزەن پەسىللەردە چاكارلىرىنى ئۆز- ئارا ياراشتۇرۇپ قويۇشۇپ ئۆزلىرى ئارام ئېلىۋېلىشاتتى. بۇنى ئوچۇقراق دېمىسەم چۈشەنمەيدىغانلار كۆپ بولۇشى مۇمكىن!

ئىلى، ئالتاي، تارباغاتاي قاتارلىق شىمالدىكى ئۈچ ۋىلايەتتە 1944 ـ يىلى مۇستەقىل شەرقى تۈركىستان جۇمھۇرىيتى قۇرۇلدى. خوتەن، ياركەنت، قەشقەر، ئاقسۇ، تۇرپان، قۇمۇل، ئۈرۈمچى قاتارلىق يەتتە شەھەر ۋىلايەتلەرنى ئۇيغۇر رەھبەرلىكىدىكى خىتاي گومىنداڭ پارتىيە ھۆكۈمرانلىقى بېسىپ ياتتى. بۇنىڭدىن بۇرۇنقى ئەپيۇنكەش ئەمەلدار خىتايلار ئەمەللىرىنى تاشلاپ، چىرىك ئەسكەرلەر مىلتىقلىرىنى تاشلاپ، قولىغا چىققاننى ئېلىپ، ئەپكەشكە ئارتىپ جان قايغۇسىدا ئاللىبۇرۇن ئىچكىرىگە تىكىۋېتىشكەن ئىدى. مۇستەقىل شەرقى تۈركىستان تەرەپتە ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى ئاساسەن ئۇيغۇر ئىدى. مۇنتىزىم 30 مىڭ كىشىلىك دۆلەت ئارمىيەسىمۇ ئاساسەن ئۇيغۇر ئىدى. خىتاي مۇستەملىكىسى ئاستىدا تۇرۇۋاتقان مەزكۇر يەتتە ۋىلايەتنىڭ رەھبەرى ھوقۇقلىرى مۇتلەق كۆپ ساندا ئۇيغۇرلارنىڭ قولىدا، ھاكىميەت ئارمىيەسىمۇ ئاساسەن ئۇيغۇرلاردىن تەشكىل تاپاتتى. پەقەت ئۇلارنىڭ بېشىدىكى يېتەكچىلەرلار( ـ مەسئۇت، ئەيسا، مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا قاتارلىقلار) خىتايغا مەنسۇپ كىشىلەر ئىدى. بىر ۋەتەن ئىككىگە

ئايرىلىپ چىگرالاندى. بىر مىللەت ئىككىگە ئايرىلىپ دۈشمەنلەشتۈرۈلدى.

تارىختا باھا بەرگەنلەر، تەتقىقاتچىلار، سىياسى تەھلىلچىلەر شۇ دەۋردىكى پاجىئەلەرنى « ئىدىئولوگىيەنىڭ قۇربانلىرى » دەپ پەرەز قىلىشقا، ھەتتا جەزىملەشتۈرۈشكە ئالدىراپ كېتىدۇ. ( ھەتتا بەزەنلەرنىڭ نەزىرىدە « چوڭ شاخمات تاختىسىدىكى ئويۇنلار» بولۇپ سىرلىقلاشتۇرىۋېتىلىدۇ.... ) دەرھال قارىماققا ئىككى ياققا بۆلۈنگەن بۇ سۈنئى بۆلۈنۈشلەر راستىنلا ئىدىئولوگىيەلىك سەۋەپلەر تۈپەيلى كېلىپ چىققاندەك كۆرۈنىدۇ. لېكىن شۇ چاغدىكى ئومۇمى ئوبيېكتىپ جەريان، ۋەزىيەت، نەتىجە، تۈرلۈك ئۆزگۈرۈپ تۇرغان سىياسى ھادىسىلەرنى ئىنچىكىلەپ كۈزەتكەندە، ئۇلارنى بۆلۈپ تۇرغان ھەقىقى ئامىل ھەرگىزمۇ ئىدىئولوگىيە بولماستىن بەلكى شۇ تارىختا مۇھىم رول ئالغان ۋە شۇ دەۋرگە كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەن ئىنتايىن ئاز ساندىكى رەھبەرى ئەرباپلارنىڭ بوينىغا خوجايىنلىرى تەرىپىدىن سېلىنغان بويۇنتۇرۇق ۋە تىزگىنلەر ئىدى. ئەمما سىرتقا كۆرۈنۈپ تۇرغان ئىدىئولوگىيەلىك كۆرۈنۈشلەر بولسا، ئۇلارنىڭ بېشىغا خوجايىنلىرى تەرىپىدىن زورلاپ كەيدۈرۈلۈپ قويۇلغان ساختا قالپاقلار ئىدى. ئۇلار خوجايىنلىرىغا ساداقەت بىلدۈرۈشتە قۇللاردىنمۇ بەكرەك ئىتائەتچان ئىدى. خوجايىنلىرىنىڭ سىزىقلىرىدىن بىر قەدەم نېرىغا ئۆتەلمەيتتى. بۇ توغرىسىدا كىچىك بىر مىسالغا مۇراجىئەت قىلىپ ئۆتەيلى : شەرقى تۈركىستان ئارمىيەسى ئىككى چوڭ يۆنۈلۈشتە مۇستەملىكە رايۇنغا قاراپ جەڭگە ئاتلىنىدۇ. بىرىنچى يۆنۈلۈش تەڭرىتاغنىڭ ئورتا قاتلىمىدىن ئاتلاپ ئىككى گورۇپ بويىچە ئاقسۇ كونا شەھەرگە بىر گورۇپ، باي ناھىيەسىدىن كېسىپ ئۆتۈپ كۇچارغا بىر گورۇپ سەپەرگە ئاتلىنىدۇ. شۇنىڭدەك ئىككىنچى يۆنۈلۈش بويىچە تەلكە تاغلىرىدىن ھالقىغان بىر قوشۇن ئۈرۈمچىگە قاراپ يولغا چىقىپ ماناسقا يېتىپ كېلىدۇ. شۇنىڭ

بىلەن مۇستەملىكە رايونلاردىكى خىتاي ئەمەلدارلىرى، خىتاي چېرىكلىرى قېچىشقا ئۈلگۈرتۈپ بولالماي ئۆزلىرىنى ئۆلتۈرۈپ قۇتۇلۇشقا باشلايدۇ. بۇ چاغدا جەنۇپتىكى ۋىلايەتلەردە مۇستەقىلچى پارتىزان كۈچلەر خىتايلارنى ئاللىبۇرۇن ھالسىرىتىپ قويغان بولۇپ بىر قېتىملىق مۇنتىزىم ھەربى يۈرۈشى بىلەن پۈتۈن جەنۇپ داۋانچىڭغىچە تەل تۆكۈس ئازات بولاتتى. لېكىن ئىش ئۇنداق بولمىدى. « ئالغا! » بۇيرىقى كۈتۈپ تىك تۇرغان جەنۇپ قوماندانلىق شىتابىغا چېكىنىش بۇيرىقى كەلدى. كۈچارنىڭ شىمالى تاغ ئېتىكىدىكى قىزىل داۋانىدا پەستە ئىگراپ ياتقان كۈچارغا قاراپ قوراللىرىنى بەتلەپ تۇرغان ئەسكەرلەرنىڭ بىر قىسمى قوماندانلىق شىتابىغا ئىسيان قىلىپ ئۆزلىرىنى ئېتىۋېلىشتى. ئاقسۇ كونا شەھەردە بۇيرۇق كۈتۈپ تۇرغان غازىلار سۇپاخۇن پولكوۋنىككە بوي سۇنۇپ قورال تاشلىدى. ماناس دەرياسى بويىدا توختىتىلغان شىمالى قوماندانلىق شىتابىدىكى پىدائىلارنىڭ سەرخىللىرى قولغا ئېلىندى. بۇمۇ ئاتالمىش ئىدىئولوگىيەلىك مەسىلە بولاتتىمۇ؟ ـ ئۇلارنىڭ خوجايىنى بولغان موسكۋا ئۇلارغا توختاش بۇيرىقى بەرگەن ئىدى.

موسكۋانىڭ بۇيرىقنى بېجانىدىل ئىجرا قىلىدىغان رەھبەرلەردىن بىر قانچىسىنى قىسقىچە تونۇپ ئۆتۈش ئارتۇقچە بولۇپ كەتمەس.

1 ـ ئەلىخان تۆرە ساغۇنى. بۇ زات شۇ چاغدىكى ئوقۇش، مائارىپ قائىدىسى بويىچە دىنى ۋە تىببى ساھەدە ئوقۇغان، شۇنداقلا يوقۇرى ئىلىم تەھسىل قىلغان كىشى ئىدى. ئۇ 1916 ـ يىللىرى پۈتۈن تۈركىستان ( ھازىرقى ئۇيغۇرىستاندىن سىرت ئوتتۇر ئاسىيا) رايونلىرىدا بىر تۇتاش قوزغالغان چار پادىشالىقىغا قارشى ئىنقىلاپقا قاتناشقان، ئىنقىلاپ قانلىق باستۇرۇلغاندىن كېيىن 1922 ـ يىلىغىچە مۆكۈنۈپ يۈرۈپ ئاخىرى سوۋېيت كوممۇنىستلىرى تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ 10

يىللىق قاماق جازاسىغا هۆكۈم قىلىنىدۇ. كېيىن تۈرمىدە ستالىننىڭ بۇيرىقى بىلەن يوشۇرۇن ئۆلۈمگە هۆكۈم قىلىنىپ، غەيرى رەسمى يوللار بىلەن ئۇيغۇرستان تەرەپكە قاچۇرىلىۋېتىلىدۇ.

2 ـ ئەخمەتجان قاسىمى، 1936 ـ يىلى موسكۋا ــ شەرق كوممۇنىست مېھنەتكەشلىرى ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇغان. ئۇ سوۋېيىت ئىتتىپاقى كوممۇنىستلار پارتىيەسىنىڭ ئەزاسى ئىدى. ئەخمەتجان قاسىمى، شۇ دەۋردە ستالىننىڭ « مەركەزلىك تازىلاش، مەركەزلىك تەرتىپكە سېلىش » پىلانى بويىچە يوشۇرۇن قۇردۇرۇلغان « تۈركىستان كوممۇنىستلار پارتىيەسى» نى تەشكىللەشكە ئاكتىپ قاتنىشىدۇ. پارتىيە ئەزالىرىنىڭ تىزىملىكلىرى رەسمى تۈرغۇزۇلۇپ، يوشۇرۇن هالدا تەشكىلى خىزمەتلەر يۈرۈشۈشكە تولۇق قەدەم قويغاندىن كېيىن ك گ ب تەرىپىدىن پاش قىلىنىپ بىر تۈركۈم كۈچلۈك مىللەتچى « ئۇنسۇرلار » باستۇرلۇپ، « لازىملىق » دەپ قارالغان يەنە بىر تۈركۈملىرى تۈرمىگە قاملىدۇ. ياش مۇنەۋۋەر كوممۇنىست ئەخمەتجان قاسىمى ئىككى يىلچە ك گ ب نىڭ يەر ئاستى تۈرمىسىدە ئازاپلىنىپ جازا ئۆتەيدۇ. ئۇنىڭ تەنلىرى ئىششىپ، يىرىڭداپ سېسىغىچە كۈن نۇرىدىن مەھرۇم بولىدۇ. تۈرلۈك جازا، ئىسكەنج ئۆتكەللىرىدىن ئۆتۈپ هايات قالغان ئەخمەتجان قاسىمى ستالىننىڭ مەرھەمىتى بىلەن ئومۇمى كەچۈرۈمگە ئېرىشىپ تۈرمىدىن سالامەت چىقىدۇ. ئۇنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن بۇ ئېغىر جازالار ئۇنى جازالاش ئۈچۈن ئەمەس بەلكى تاۋلاش ئۈچۈن بېرىلگەن « دەرس » ئىكەنلىكىنى كېيىن ئۇ ئۆزى شىڭشىسەي تۈرمىسىدە « سوۋېيىت ئىشپىيونى » تەرىقىسىدە بالداقا ئولتۇرغۇزغۇلغاندا، بۇرنىغا قاينىتىلغان لازا سۈيى قۇيۇلغاندا، ئارقا سۆڭىدىن تۈزغا بېسىلغان لازا سۈيى قۇيۇلغاندا تولۇق هېس قىلىدۇ. ئۇ ھەممىگە چىداشلىق بېرىپ هېچنېمىنى ئىقرار قىلماي، ئۆز كىملىكىنى ــ ئۈستىدىكى ۋەزىپىنى مەڭگۈ يوشۇرۇن ساخلايدۇ. ئۇنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن بۇ پاجىئەلىك

تەقدىرگە قارىغاندا  ئەلىخان تۆرەمنىڭ بېشىدىن ئۆتكىنى قانچە ھەسسە قورقۇنچلۇق ئىدى..... شۇڭا ئۇلار « داھىنىڭ بۇيرىقى » غا بىجاندىل بويسۇناتتى. « داھى » ــ ستالىن: خىتايچىلار بىلەن بىرلىشىڭلار ــ دېگەن ھامان ئۇلار شەرتسىز بىرلىشەتتى. : ئەمدى بىرلىكنى توختۇتۇپ قارشى ھەرىكەت قىلىڭلار ــ دېگەن زامان ھېچ كېچىكتۈرمەي قارشى جەڭ ئاچاتتى!

يوقىرىقىلار مۇستەقىل شەرقى تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى رەھبەرلىرىنىڭ قىسقىچە ئىنجالىرىدۇر. ئەمدى گومىنداڭ پارتىيەسىدىكى سادىق ئەزالاردىن بىر قانچىسىنى كۆرۈپ ئۆتەيلى:

1 ــ مەسئۇت سەبرى بايقوزى، ئۇ يىگىرمىنچى ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا كۆرۈلگەن ئۇيغۇرىستاندىكى ساناقلىق زىيالىلارنىڭ بىرى، مەرىپەتچى، تۈركىزىم مىللەتچىسى، چەتئەلدە ئوقۇپ يېتىلگەن، غەرپكە مايىل زات ئىدى. ئۇنىڭ مۇستەقىللىق ئۇمۇدى دەسلەپتە گېرمانىيەنىڭ سوۋىيېت كوممۇنىزمىنى يېڭىشىگە باغلانغان بولۇپ، گېرمان ئۇرۇشتا يېڭىلگەندىن كېيىن ئۇمۇدىنى ئامېرىكىغا يۆزلەندۈرگەن. ئۇ گومىنداڭ مەركىزى سىياسى كېڭەش ئەزالىقىغا كىرىشتىمۇ ئامېرىكىلىق مەسلەھەتچىلەرنىڭ تەۋسىيەسىنى قوبۇل قىلغان. ئۇ چۇڭچىڭدىكى ئامېرىكا ئەلچىخانىسى بىلەن ئىش قويۇن ــ تاش قويۇن يېقىن مۇناسىۋەتتە بولغان، سوۋىيېت پەرەست، جاللات شىڭ شىسەينىڭ ئۇيغۇرىستاندىكى ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇش ھەرىكىتىگە ئاكتىپ قاتناشقانلارنىڭ بىرى ئىدى. قانۇنسىز « يالتا شەرتنامىسى » دىن كېيىن مەسئۇت سەبرى ئامېرىكىدىنمۇ ئۇمۇتسىزلىنىدۇ. ئۇنىڭ كېيىنكى بىردىنبىر ئۇمۇدى چۇڭچىڭ گومىنداڭ مەركىزى ھۆكۈمىتىگە باغلىنىدۇ. خىتايدا ئىچكى ئۇرۇش توختاپ، گومىنداڭچىلار ھاكىميەتنى ئىدارە قىلسا، ياكى ھېچ بولمىغاندا خىتاي

كوممۇنىستلىرى بىلەن مۇشتەرەك ھاكىمىيەت قۇرۇپ، پۈت تىرەپ تۇرالىسا شەرقى تۈركىستان مەسىلىسىنى ئەڭ تۈۋەن بولغاندىمۇ مۇختارىيات شەكلىدىكى مىللى ھوقۇق تۈزۈمى بىلەن ھەل قىلىش مۇمكىن ـ دەپ قارايدۇ. ئۇ شۇ مەقسەتتە 1947 ـ يىلى ئۆلكە رەئىسى جاللات، ھەربى ئەمەلدار جاڭجىجۇڭ تاكتىكىلىق ۋاستە قوللۇنۇپ ۋەزىپىسىدىن چىكىنگەندە ئۆلكۆلۈك ھۆكۈمەتكە رەئىس بولغان ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ قورچاق رەئىس ئىكەنلىكىنى ياخشى بىلەتتى. شۇنداقتىمۇ ئاخىرقى ئۈمۈدى بولغان چۆچەكتىن يۈز ئۆرۈمىگەن. شۇنىڭ ئۈچۈنلا گومىنداڭ تولۇق مەغلۇپ بولغاندىن كىيىن ئۇ، جاڭ كەيشىنىڭ چەتكە قىچىش بۇيرىقىنى رەت قىلىپ ئۆلۈمگە تەن بەرگەن ئىدى.

2 ـ مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا، بۇ زات 1934 ـ يىلى شەرقى تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيتىنىڭ قالدۇق كۈچلىرىنى رۇسلار باستۇرغاندىن كىيىنمۇ توختاپ قالماستىن مۇستەقىللىق ئۈچۈن ئىزچىل كۈرەش قىلىدۇ. تا 1937 ـ يىلى رۇسلار ھاۋادىن خىمىيەلىك قورال بىلەن قارا قۇيۇق باستۇرغانغا قەدەر باش ئەگمىگەن. ئۇ شۇنىڭدىن كىيىن كەشمىرگە چىكىنىپ نەشرىيات، تەشۋىقات خىزمىتى ئارقىلىق خىتاي ۋە رۇسقا قارشى قەلەم كۈرىشى باشلايدۇ. 1940 ـ يىلى جاڭكەيشى مۇھەممەد ئەمىن بۇغرانى چوڭچىڭغا قايتۇرۇپ كىلىش ئۈچۈن ئەيسا بەگنى ئافغانىستانغا ئىۋەتىدۇ. ئۇ رەت قىلغاندىن كىيىنلا ئەڭگىلىيە تۇتقۇن قىلىپ، خىتاينىڭ ئىشپىيونى دىگەن تۆھمەت بىلەن قولغا ئالىدۇ. ئەركىن بوشلۇقتا تۇزاققا چۈشمىگەن بۈركۈت ئەڭ ئىغىر تۈرمە شارائىتىدا يۇمشىغان بولسا كىرەك...... 1942 ـ يىلى گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن بۇ مۇستەقىللىق جەڭچىسى، ئەركىنلىك سىمۋولى ئەڭگىلىز تۇتقۇنىدىن بوشۇتۇلۇپ، ئەيسا بەگكە تاپشۇرىلىدۇ. ئەيسا ئۇنى ئۇدۇل چوڭچىڭغا يالاپ ئىلىپ كىلىدۇ! ئۇمۇ گومىنداڭ مەركىزى سىياسى كىڭەشكە ئەزا بولۇپ، مۇسۇلمانلار

ۋەكىلى نامىدا خىزمەت قىلىشقا باشلايدۇ. مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا كېيىن ئۆلكۈلۈك ھۆكۈمەتتە مائارىپ نازىرى، مۇئاۋىن ئۆلكە باشلىقى قاتارلىق قورچاق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن.

3 ـ ئەيسا بەگ، ئۇ كىچىك چېغىدىلا دادىسىنىڭ بېكىتىشى بىلەن خىتاي مەكتىۋىدە ئوقۇغان بولۇپ، 15 ياشلاردىن باشلاپ يېڭىسار ناھىيەسىنىڭ ئامبىلىغا تەرجىمان بولۇپ ئىشلىگەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا ـ « يېڭىسار ئامبىلىنىڭ خىزمىتى ئۆستۈرۈلۈپ تاشكەنتتىكى خىتاي ئەلچىخانىسىغا يۆتكۈلىدۇ. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ياش ئەيسا تاشكەنت خىتاي ئەلچىخانىسىدا تەرجىمانلىق ۋەزىپىسىگە تەيىنلىنىپ باشلىقى بىلەن بىرگە كېتىدۇ. بەختكە يارىشا بىر قانچە يىلدىن كېيىن خىتاي كوڭسۇل تاشكەنتتە ئۆلۈپ كېتىدۇ. تېخى ئوتتۇز ياشقىمۇ يەتمىگەن ئەيسا بەگ باشلىقىنىڭ ئۆلۈكىنى ساندۇققا قاچىلاپ ئىشەككە ئارتىپ، تاغ ـ داۋان ئېشىپ گەنسۇغىچە سالامەت ئېلىپ بېرىپ ئائىلىسىگە تاپشۇرىدۇ. ئەيسا بەگنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتى ۋە ساداقىتىگە قايىل بولغان جاڭ كەيشى ئۇنى نەنجىڭغا چاقىرتىپ گومىنداڭ مەركىزى ھۆكۈمىتىدىن لايىق ۋەزىپىگە تەيىنلىگەن. » ئۇمۇ گومىنداڭ پارتىيەسىدىكى باشقا ئاكتىپ ئۇيغۇر مۆتىبەر سىياسەتچىلىرىدەك شىڭ شىسەيگە قارشى پائالىيەت قىلغانلارنىڭ بىرىدۇر. ئۇ 1939 ـ يىلى ما فۇلىياڭ بىلەن بىرگە ئوتتۇر شەرق ۋە ئىسلام ئەللىرىگە سەپەر قىلىپ مىسىر، تۈركىيە، سۈرىيە قاتارلىق كۆچلۈك دۆلەتلەردە زىيارەتتە بولۇپ، ياپۇنغا قارشى گومىنداڭ ھۆكۈمىتىگە ياردەمچى، ئىتتىپاقداش تېپىش ئۈچۈن لوبىچىلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن. مەلۇماتلارغا قارىغاندا ئەيسا بەگنى شىمالدىكى رۇس كوممۇنىست تەسىرىدە قۇرۇلغان مۇستەقىل شەرقى تۈركىستان ھۆكۈمىتىگە قارشى ھەرىكەت ئويۇشتۇرۇشقا جاڭ كەيشى ۋەزىپىلەندۈرگەن بولۇپ، ئۇ ۋەزىپىسىنى ئۈنۈملۈك ئادا قىلىشنىڭ

بىردىن بىر ئۇسۇلى ئون يىل ئاۋال باستۇرۇلغان « شەرقى تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى » نى قايتىدىن تەشكىللەپ، گومىنداڭ مۇستەملىكىسى ئاستىدىكى جەنۇپ ۋە شەرق رايونلاردا ئىسلامى شەكىل ئارقىلىق شىمالدىكى كوممۇنىست تەسىرىدىكى ھۆكۈمەتكە زەربە بېرىشنى كەشىپ قىلغان. ئۇ ئۆزىنىڭ لاھىيەسىنى دەسلەپ جاڭجىجۇڭغا، گېنېرال ما بۇفاڭغا يوللايدۇ. كېيىن جاڭ كەيشىگىمۇ يوللىغان. لېكىن بۇ ئۇسۇلنى خوجايىنلار تازا مۇۋاپىق كۆرمىگەنلىكتىن ئېتىبارسىز قالدۇرغان.

( 1946 – يىلى خوجايىن جاڭ كەيشى ۋە خوجايىن ستالىن لارنىڭ بۇيرىقى بىلەن ئىككى قانات ئۇيغۇر چاكارلار ئۆز – ئارا ئۇرۇش توختۇتۇشقا مەجبۇرلىنىدۇ. ھەمدە خوجايىنلار ئۇلارنى دەرھال « شىنجاڭ ئۆلكۈلۈك بىرلەشمە ھۆكۈمىتى» تەشكىللەشكە قىستايدۇ. گومىنداڭ تەرەپتە جاڭجىجۇڭ، مەسئۇت سەبرى، ئەيسا يۇسۇپ، مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا، بۇرھان قاتارلىقلار، مۇستەقىل شەرقى تۈركىستان تەرەپتىن ئەخمەتجان قاسىمى، رەھىمجان سەبرى ھاجى، ئابدۇكېرىم ئابباس قاتارلىقلار ئۆلكۈلۈك بىرلەشمە ھۆكۈمىتىنى قۇرۇپ تېنچلىق شەرتنامىسىنى ئەمەللەشتۈرىدۇ. جاڭ باش رەئىس، ئەخمەتجان مۇئاۋىن رەئىس، ئەيسا بەگ باش كاتىپ بولۇپ تەيىنلىنىدۇ. ئەخمەتجان شەرقى تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ تارقىلىپ كەتكەنلىكىنى جاكالايدۇ. ) 1949 – يىلى ئاۋغۇست جاڭ كەيشى مەغلوپ بولغانلىقىنى جاكارلاپ، ئۆزىنىڭ سادىق خىزمەتچىلىرىنى تەيۋەنگە بىرگە قېچىشقا ئەمىر قىلىدۇ. بۇ چاغدا ئۇيغۇرستاندىن تەيۋەنگە كېتىشنىڭ ئىمكانى بولمىغاچقا ئىسا بەگ، مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا باشچىلىقىدىكى گومىنداڭ تەرەپ ئۇيغۇر ئەمەلدارلار ۋە مىڭلىغان ئەگەشكۈچى پۇخرالار ھىندىستانغا قاچىدۇ. 1954 – يىلى جاڭ كەيشى باشچىلىقىدىكى تەيۋەن ھۆكۈمىتى بىلەن ئادنان مەندەرەس باشچىلىقىدىكى تۈركىيە ھۆكۈمىتى توختاملىشىپ

ئەيسا بەگنىڭ پۈخرالىرىنى بىخەتەر جاي تۈركىيەگە يۆتكەپ كېتىدۇ. بۇ كۆچۈشتە رولنى ئەيسا بەگ ئىنتايىن مۇكەممەل ئوينىغان.

ئاتمىش يىل بۇرۇنقى« ئەجداتلار» ئۆتكۈزگەن خاتالىقلارنىڭ ئۇۋالىنى بۈگۈنگىچە تارتىۋاتىمىز. لېكىن بىزمۇ ( ئەلۋەتتە ۋەتەن سىرتىدىكىلەر) كەلگۈسىدىكى ئەۋلاتلارنىڭ تەقدىرىگە تون پىچىدىغان دەرىجىدە ئىمكانىيەتلەرگە ئىگە بولمىساقمۇ، قىلغان ھەر بىر خاتا ئىشلىرىمىز توپلۇشۇپ بىر كۈنلەردە يوغان توقۇناق بولۇپ قېلىشىدا گەپ يوق. ئەينىۋاقىتتىكى ھىندىستان، كەشمىر، ئافغانىستان قاتارلىق ۋەتىنىمىزنىڭ چىگرا ياقىلىرىدا تېنەپ يۈرگەن ئۇيغۇرلارنى جاڭ كەيشى تەيۋەننىڭ ب د ت دىكى نوپۇزىدىن پايدىلىنىپ تۈركىيەگە يۆتكىۋېتىشى ھەرگىزمۇ ئۇيغۇرلارغا غەمخورلۇق قىلغانلىقىدىن بولماستىن بەلكى چىگرا ياقىسىنى خەتەرسىزلەشتۈرۈش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان مۇھىم سىياسەت ئىدى. شۇنىڭدىن توپتوغرا 18 يىل كېيىن خىتاي رەسمى دۆلەت بولۇپ قوبۇل قىلىندى. خىتاي كوممۇنىستلىرىغا قارشى يىگىرمە يىلدىن ئارتۇق قانلىق كۈرەش قىلغان گومىنداڭ ئىدىئولوگىيەسىنىڭ قەھرىمانى جاڭ كەيشى ئۆزىنىڭ ب د ت دىكى ئورنىنى ماۋ زې دۇڭغا سالامەت ئۆتكۈزۈپ بەردى. ئۇلار ياپۇنغا قارشى ئۇرۇشتا بىرلىككە كەلگەن، مۇستەملىكە تۇپراقنى قولدىن بەرمەسلىكتىمۇ بىرلىككە كەلگەن. ئەمما بىزنىڭ « ۋەتەن پەرۋەرلىرىمىز » نېمە قىلغان بولدى؟

# 22

« ئابدۇراھمان مۇلجەم ئوغلى ئەلى كۆرۈنەر،
كارۋان توسۇپ چۆلدە ياتقان ۋەلى كۆرۈنەر»

ھەزرىتى ئەلى ( ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) « ئىسلام يولۋىسى» نامى بىلەن ئەتراپقا تونۇلغان ئىكەن. ئۇنىڭ سىرتىدىن تارقالغان تۈرلۈك مەدھىيە، قەسىدىلەر تىللاردا داستان بولۇپ، كېيىنچە ئۇنىڭ ئوبرازىمۇ ئەپسانىلەشتۈرۈۋېتىلگەچكە ئەلىنى كۆرمىز ـ دەپ، يىراق ـ يېقىندىن كەلگەن زىيارەتچىلەرنىڭ كۆپۈنچىسى ئۆز قەلبىگە ئورۇنلاشقان سىمانى ئىزدەيدىكەندە، ئۇنىڭدىن يانداپ ئۆتۈپ كېتىپ قالىدىكەن. زىيارەتچىلەرنىڭ نەزىرىدىكى ئەلى « بەستىلىك، قەددى قامىتى ئادەتتىكى ئادەملەردىن پەۋقۇلئاددە چوڭ، سالاپەتلىك بولۇشى كېرەك » ئىكەن. شۇڭا زىيارەتچىلەر كۆپۈنچە ھاللاردا ئابدۇراھمان مۇلجەم ئوغلىنى ـ ئەلى بولسا كېرەك ـ دەپ پەرەز قىلىشىپ دەرھال ئۆزلىرىنىڭ بەيئەت قىلغانلىقلىرىنى بىلدۈرۈشىدىكەن. چۈنكى مۇلجەم ئوغلى تىللاردا داستان بولۇپ كەتكەن ئەلىنىڭ ئوبرازىدەك كۆرۈنىدىكەن. بۇھالدىن بىئارام بولغان مۇلجەم ئوغلىدا ئەلىگە نىسبەتەن ھەسەت، ئۆچ ـ ئاداۋەت كۆچۈيۈپ بارىدىكەن. ئاشۇ ھەسەت تۈپەيلى كېيىنكى سۈيقەستچىلەر ئارىسىغا ئۆزىنى تىزىملاتقان مۇلجەم ئوغلى ئەلىنى ئۆلتۈرۈش ۋەزىپىسىنى ئۆزى تەلەپ قىلغان ئىكەن. قىزىق گەپ بۇ. ئەلىنىڭ

بولغۇسى قاتىلى يايلاقلاردىن، يىراق سەھرا، قىشلاقلاردىن كەلگەن بەدبۇي ئەرەپلەرگە ئەلى بولۇپ كۆرۈنەتتىكەن. شۇنىڭدەكلا « كارۋانلار ئۆتۈپ قالسا ..» ـ دەپ، قاقاس چۆللەردە مارلاپ ياتقان قىرىق قاراقچىلار يولدىن ئادىشىپ قالغان كارۋانلارغا خۇددى تەركى دۇنيا بولۇپ، چۆلدە ئىبادەت قىلىپ ياتقان دەرۋىش، ۋەلى ـ ئەۋلىيالاردەك كۆرۈنۈدىكەندە، بىچارە كارۋانلار ئۇلارنىڭ يېنىدا چۈشكۈن قىلىپ قونۇپ قېلىشىدىكەن. ھېرىپ ئاچقان كارۋانلار كېچىسى تازا خورەك تارتىپ ئۇيقىغا كېتىشكەنلىرىدە، قىرىق قاراقچىلار ئۇلارنى ئۆلتۈرۈپ، مال، مۈلۈكلىرىنى ئولجا ئېلىشىدىكەن. توۋا! مەيلى مۇلجەم ۋەقەسى بولسۇن، مەيلى قىرق قاراقچى ۋەقەلىكى بولسۇن بۇھادىسىلەر ئىنسانلارنىڭ نادان، ساددا، قالاق جەمئىيەتلىرىدىكى ئىشلار ئىدى. بىراق ئىنسانلارنىڭ چۈشەنچىلىرى بېيىپ، دۇنيانى، مۇھىتنى، ياخشى بىلەن ياماننى بەش قولدەك بىلىپ تۇرىدىغان ـ غەرپتىكى بىر تال تۇخۇم شەرىققە كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان زاماندىمۇ يوقۇرقىدەك ئەھۋاللار يۈز بېرىپ تۇرسا چۈشۈنۈش بەك قىيىن بولۇپ قالىدىكىنا ئاغىنىلەر!

1949- يىلدىن 1999 ـ يىلىغىچە بولغان ئەللىك يىل ـ قاق يېرىم ئەسىر تۈركىيەدىكى ۋە باشقا غەرپ ـ ئەركىن دۇنيادىكى ئۇيغۇرلار تەشكىلى جەھەتتىن، ۋەتەن مىللەت ئۈچۈن نېمە قىلىش كېرەكلىكى جەھەتتىن ئاساسەن تېڭىرقىدى ياكى قايمۇقتۇرۇلدى. بەزەنلىرى گەرچە ئۆزى بىلمىسىمۇ ئۆتمۈشتىكى داستانلارنىڭ قەھرىمانلىرىنى قايتا رېئاللىققا ئايلاندۇرۇش نىيتىدە قورالغا مۇراجىئەت قىلىشقان بولدى. بۇ يولدا يەنە يېرىم ئەسىر داۋالىسىمۇ ساقايمىغۇدەك يارا ئىزى، سەت تاتۇقلار قالدى. بەزەنلەر تەشكىلسىز، ئۆز بېشىچە ئۇيغۇرلارنى دۇنياغا تونۇتۇش ئۈچۈن ئۇزۇن يىللىق مېھنەت سەرپ قىلغان بولدى ۋە ئۇيغۇرلارغا ئىتتىپاقچى كۈچ ئىزدىدى. بۇ يولدىمۇ ئاخىرىدا ئۈستى - بېشىغا

قونغان چاغ توزان، قىرووۋدەك ئاقارغان ساقالدىن باشقا بىر نەتىجە ھاسىل بولمىدى. ھە راست شۇ يولدا كېتىۋېتىپ مۇھىم ئەرباپلار بىلەن چۈشكەن بىر قانچە چامادان « خاتىرە سۆرەتلەر» مۇ ئىنكار قىلىنمايدۇ. يەنە مۇتلەق كۆپۈنچىسىنىڭ نەزىرىدە « بىزنىڭ دۈشمىنىمىز خىتاي كوممۇنىستلىرىدۇر، بىزدە كۈچ يوق، شۇڭا كوممۇنىست خىتايغا قارشى ئىتتىپاقلىششقا بولىدىغان بارلىق كۈچلەر بىلەن ئىتتىپاقلىق ئورنۇتۇپ، ئۈستىمىزدىكى كوممۇنىزىمنى ئاغدۇرساق، كېيىن بىر گەپ بولار» ــ دېگەن قاراش بەك كۈچلۈك ئىدى. شۇڭا ئۇلار « دېموكراتچى » قالپىقىنى كىيىۋالغان ھەرقانداق خىتايلار بىلەن « ھەمكارلىق ئورنۇتۇش» قا قىزىقاتتى. بۇ يولنى 2004 ــ يىلى قۇم باستى. چۈنكى چوڭ ، كىچىك ئىككى قۇرۇلتېيىمىز ( ــ چوڭى ۋەتەن دەۋاسى قىلىدىغان چوڭلارنىڭ، كىچىكى « ھېچ بولمىسا ۋەتەن دەۋاسى قىلىدىغان ئەۋلاتلارنى بولسىمۇ يېتىشتۈرەيمىز، بۇمۇ چوڭ خىزمەت » ــ دەپ يولغا چىققان « ياشلار» نىڭ .. قاتارلىق ئىككى تەشكىلات ) بىرلىشىپ، بۇ بىرلىككە بۇرۇنقىدەك تەۋەككۈلچى، « يا بايدىن چىقار، يا سايرامدىن » دەپ قارامىلارچە ئىش قىلىدىغان كىشىلەر باش بولماستىن ئەكسىچە تولىمۇ ئېھتىياتچان، « يەتتە ئۆلچەپ بىر كەس » ئەمەس، بەلكى « يەتمىش ئۆلچەپ بىر كەس » قىلىدىغان ئالىپتېكىن ئەپەندى باش بولۇپ قالغانلىقتىن خىتايلار دېموكراتىك قالپاق كىيىپ ئۇيغۇرلارنىڭ ئارىسىغا كېلەلمەيدىغان بولۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن قانداقلا بولمىسۇن ئۇيغۇرلار بىر سىياسى مەركەزگە ئىگە بولغان بولدى. بۇمۇ بىر چوڭ يول ئىدى. بۇ يول رابىيە قادىر خانىمغا ئېچىلغان چوڭ بىر قانال بولدى. بۇ يولنىڭ ئەسلى مەنبەسىنى ئىزدىگەندە 1992 ــ يىلى ئىستانبۇلدا تەشكىللىنىپ، ئۆز تەشكىللىگۈچىلىرى بولغان ئەرباپلار تەرىپىدىن تاشلىۋېتىلگەن، مەنسىتىلمىگەن، ھەتتا ۋەيران قىلىۋېتىلگەن « خەلقئارا شەرقى تۈركىستان مىللى قۇرۇلتېيى » ئىدى. مەزكۇر

قۇرۇلتايىدا ئالغان قارارلاردا، كېيىنكى رېمونت قىلىنغان داۋامىدا ئېلىنغان قارارلاردا، كۈنىمىزدىكى  ئۆزگەرتىپ تەشكىللەنگەن داۋامىدا ئېلىنغان قارارلاردا « تەشكىلاتىمىز شەرقى تۈركىستان دەۋاسىنى دۇنياغا ئاڭلىتىدۇ » دېگەن ماددىلار ئىزچىل ھىمايە قىلىنغان ۋە كۈچكە ئىگە بولۇپ كەلگەن ئىدى. بۇ مەقسەت رابىيە قادىر خانىمنىڭ داڭقى، شۆھرىتى، پىداكارلىقى ئارقىسىدا تولۇق ئەمەلگە ئېشىپ ماڭماقتا ئىدى.

لېكىن « 5- ئىيۇل » پاجىئەسى رابىيە قادىر خانىمنىڭ قەددىنى پۈكلىدى. تېگى تەكتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا  بۇ پاجىئە بىلەن ۋەتەن سىرتىدىكى ھېچقانداق شەخس ۋە تەشكىلاتلارنىڭ باغلىنىشى يوق بولۇپ بارلىق جاۋابكارلىق خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۈستىدە ئىدى. بۇ تەرىپىنى بىز ئەمەس ھەتتا پۈتۈن دۇنيا ئەھلى ياخشى بىلەتتى. بىراق مۇتىھەم خىتاي مۇستەملىكىچىلىرى چەتئەلدىكى بارلىق « مىللى بۆلگۈنچى، تېرورىست» لارنىڭ باش مەركىزى بولغان  رابىيە قادىر خانىمنى جاۋابكارلىققا تارتتى. ئۇنىڭ سۆزلىرىنى كېسىپ ئۇلاپ، كىرىشتۈرۈپ، ۋەتەندە گۆرۆدە تۇرىۋاتقان بالىلىرىنى، قېرىنداشلىرىنى مەجبۇرى گۇۋالىق بەرگۈزۈپ « پاكىت » ئويدۇرۇپ چىقتى. شۇنىڭ بىلەن پاجىئە يۈز بېرىپ كېيىنكى 3 ئاي خەلقئارا مۇناسىۋەتلەردە رابىيە قادىر خانىم ئۆزىنى ئىسپاتلاشقا، ئەسلى جاۋابكار خىتاي ئىكەنلىكىگە پاكىت كۆرسۈتۈشكە ۋاقىت، كۈچ سەرپ قىلدى. خىتاينىڭ چەتئەلدە تۇرۇشلۇق ئاخباراتلىرى پۈتۈن ئىمكانىيەتنى ئىشقا سېلىپ رابىيە قادىر خانىمنى « بىر تېيىنگە ئەرزىمەس » قىلىۋېتىش ئۈچۈن جەڭ ئېلان قىلدى. خىتاي دۆلىتى بىر كۈچلۈك دۆلەت بولۇش سۈپىتى بىلەن بارلىق دىپلوماتىك مۇناسىۋەتلىرىنى ئىشقا سېلىپ، دۆلەتلەر بىلەن بولغان ئىقتىسادى كوزۇرنى تۇتقا قىلغان ھالدا رابىيە قادىر خانىمنىڭ يولىنى توسۇش، پۈتۈنلەي ئۇجۇقتۇرۇش تەدبىرلىرىنى يۈرگۈزۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا

بارلىق ئاخبارات ۋاستىلىرىنىمۇ تولۇق ھەرىكەتلەندۈرۈپ يالغۇز بىر ئايالغا قارشى جەڭ ئېلان قىلدى. لېكىن رابىيە قادىر خانىمنىڭ 3 ئايلىق قايتارما زەربەر بېرىش كۈرۈشى نەتىجە بەردى. دۇنيا ئەھلى ئەسلى جاۋاپكارنى ئىسپاتلىق تونۇپ يەتتى. پۈتۈن تەشۋىقات ۋاستىلىرىنىڭ پوزتسىيەلىرى ئۆزگەردى. ئەمما بۇ چاغدا « تۆمۈر سوۋۇپ بولغان »، ياكى « جان چىقىپ تەن سوۋۇپ بولغان » ئىدى. يەنى دېموكراتىك غەرپ ئەللىرىنىڭ ئۇيغۇرلارغا بولغان ھېسسىداشلىق خاھىشلىرى كېچىككەن بولدى. نەتىجىدە رابىيە قادىر خانىمنىڭ ۋەتەن دەۋاسىنى غەرپكە ئاڭلىتىمىز، شۇ ئارقىلىق مەسىلىمىزنى ئەڭ ياخشى، ئەڭ پايدىلىق شەكىلدە ھەل قىلىش يولى ئېچىلىدۇ ــ دېگەن شۇئارى ۋە كۈرەش ئۇسۇلى« مىۋە بەرمىدى » . « غەرپ ئۇيغۇرلارغا ھېچنەرسە قىلىپ بەرمىدى ». بۇ ھال مۇھاجىر ئۇيغۇرلار ئارىسىدا كۆڭۈل تەۋرىنىشى پەيدا قىلدى. ئىشەنچسىزلىك، ئۈمۈتسىزلىك كەيپىياتىنى بىخلاندۇردى. ھەتتا « ھەممە كاپىرلار ئوخشاش بىر كاپىردۇر» ، « دۇنيا كاپىرلىرى خىتاينى قوللايدۇ، بىز مۇسۇلمان بولغاچقا كۆز يۇمۇشتى»، « كاپىرلاردىن ئۈمۈت كۈتكەن ئىمانسىز، مۇشرىك تەشكىلاتلىرىمىز تويە!» شۇئارلىرى ياڭراشقىمۇ سورۇن چىقتى. ئاۋام خەلقتە نېمە گۇنا بولسۇن. بولۇپمۇ مۇلجەم ئوغلىنىڭ ھېكايىلىرىدىن مىڭ بەش يۈزيىل كېيىنمۇ بەدىۋى ئەرەپلەرچىلىك بولسىمۇ تەجرىبىگە، ئەقىل كۆزىگە ئىگە بولالمىغان، ئۆز قاتىللىرىنىڭ كانارىسىغا يېتىلەپ بارىدىغان سەركىلەرنىڭ ئارقىسىدىن چاپىدىغان بۇ قوي مىجەزلىك خەلقىمىزدە نېمە گۇنا بولسۇن! رابىيە قادىر خانىم ئاۋام خەلقتىن ھەرگىز يامانلىمىدى. ئۇ بىر ئانا بولۇپ قېلىۋەردى. ئانا شۇنداق بولىدۇ. ئەڭ ئەسكى بالىسىنىمۇ يەنىلا بالام دەيدۇ ئەمەسمۇ! ئەمما بىزچە بولغاندا « 5 ـ ئىيۇل » نىڭ دەل ئۆزىدە بولمىسىمۇ، كېيىنكى ھەپتىلەردە بولسىمۇ مەيلىتى رابىيە قادىرخانىم پۈتۈن غەرپ دۆلەتلىرىنى خىتايغا قارشى سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرۈشى

كېرەك ئىدى. ئۇ ناتو ئارمىيەسىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ خىتاينىڭ ئۈستىدىن باستۇرۇپ بېرىشى كېرەك ئىدى! لېكىن ئۇ ئۇنداق قىلالمىدى. كارغا كەلمىدى! خەلقىمىز ئۈرۈمچىدە قانغا مىلىنىپ ياتسا، ئۇ ئۆزىنى ئاقلاش بىلەن ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈۋەتتى. « تۆمۈر سوۋۇپ كەتتى»! قىزىقىدا سوقالمىدى! شۇڭا رابىيە قادىر يوقۇلۇشى كېرەك! مانا بۇ بىزنىڭ ئىنجايىمىز ئىدى.

ئەجەپلىنەرلىك يېرى شۇكى بۇ پاجىئەگە ئۇلاپلا خىتاي بارلىق كۈچلىرىنى ئىشقا سېلىپ رابىيە قادىر خانىمنى ئەيىپلىدى. ئۇنىڭ يولىنى توستى. ئۇنى « تېرورىست » دەپ جاۋاپكارلىقىنى سۈرۈشتۈردى. ئۇ ــ ياق، مەن قىلمىدىم، مەن دېمىدىم ــ دەپ، شۇنچىلىك تىپىرلاپ تۇرسىمۇ خىتاي ئۇنىڭ ياقىسىنى قويۇپ بەرمىدى. ئەمما « بۇ ئىشنى مانا مەن، ئاكاڭ قارغاي قىلدى! » ــ دەپ، ئۆزىنىڭ قىلمىشلىرىنى دۆڭگە چىقىپ تۇرۇپ ئېلان قىلغان م. ئازات ئەپەندى بىلەن خىتاينىڭ كارى بولمىدى. ئۇنىڭ بېشىدا خىتاي كەيدۈرۈپ قويغان « چىرايلىق » قالپاق بار ئىدىغۇ! شۇ قالپاقنىڭ ئۈستىگە يەنە بىر قالپاقنى كەيدۈرسە بولىۋېرەتتىغۇ! لېكىن خىتاي ئۇنداق قىلمىدى..... ئۆزىنىڭ دوپپىسىمۇ توختىمايدىغان كىچىككىنە بېشى بار بىر ئانىنىڭ ياقىسىنى قويۇپ بەرمىدى. بۇ زادى نېمە ئۈچۈن؟ ــ م . ئازات ئەپەندى خاپا بولمىسۇن بۇ قۇرلارنى ئوقۇپ. قەھرىمانلىق ئۇنداق ئاسان بولۇپ قالىدىغان بىر كۈنلۈك، بىر سائەتلىك، ياكى بىر مىنۇتلۇق ئىش ئەمەس! ھەر بىر ئېغىز گەپنىڭ ئارقىدىسىن يىللاپ جاۋاپ بېرىدىغان دۇنيا بۇ! م . ئازات ئەپەندى چەتئەلدىكى« ۋەتىنىم » توردا، بېجىندىكى « ئۇيغۇر بىز» توردا شۇ يىلى مارت ئايلىرىدىن باشلاپ ئېيۇن ئېيىنىڭ ئاخىرىغىچە جەمى يۈز پارچىدىن ئارتۇق ئەسەر ئېلان قىلغانمىش! ئۇ « جۇڭگو قانۇنىدا بەلگىلەنگەن مىللىي ھوقۇق » ، « شىنجاڭ ئۆلكۈلۈك قانۇنلاردا

بەلگۈلەنگەن يەرلىك ھوقۇق » لارنى تەلەپ قىلىشنى ئاشۇ توردا يازغان « ئۆلمەس ئەسەرلەر » ى ئارقىلىق ئۇيغۇرلارغا بىلدۈرۈپ قويغانمىش. شۇنىڭ تۈرتكىسىدە « ئۇيغۇرلار ئۆزىنىڭ جۇڭگو پۇخراسىلىق سالاھىيىتى بىلەن بەش يۇلتۇزلۇق قىزىل بايراقنى كۆتۈرۈپ چىقىپ ـ شاۋگۇئان ـ دە ئۆلتۈرۈلگەن قېرىنداشلىرىنىڭ دەۋاسىنى قىلغان » مىش! « بۇ ئىشتا ئۇنىڭ بىلەن ماسلاشقان يۈزلىگەن ئوت يۈرەك يىگىتلەر ئۇنىڭ بىلەن چېتىشلىقى بارلىقىنى ئىقرار قىلماي خىتاي تۈرمىسىدە جىم تۇرۇۋاتىپتۇ » مىش.

ـ بەلكى خىتاي بۇ كونا چوپقىتىنى بىئارام قىلىشنى خالىمىغاندۇر. چۈنكى ئۇنىڭ بېشىغا يەنە بىر قالپاقنى كەيدۈرۈپ قويسا ئۇ قوشقالپاقنى كۆتۈرۈپ مېڭىپ بولالماي بەزەن« مۇھىم چاغلار» دا پالاكەتلىشىپ قالىدىغان گەپ.... ياكى بۇ كونا دۈشمەننىڭ ئىززىتى قالمىغاندۇر. چۈنكى ئۇ « ئۇيغۇر مەسىلىسىنى غەرپ بىلەن ئەمەس، بەلكى- جۇڭگو ـ بىلەن گەپلىشىپ، قىسمەن ئەپلىشىپ ھەل قىلىش ياخشى » نەزەرىيەسىنى ئالغا سۈرگەن ئەمەسمۇ! ياكى بۇ ھېچنەرسىگە يارىماس بىر داشقالدۇر. چۈنكى ئۇ ئاران تاپقان مىلتىقنى بالدۇرلا تاشلىۋېتىپ كومپىتۇرنى چۇخچۇلاپ يۈردى ئەمەسمۇ.... ئەمما مېنىڭ نەزىرىمدە سىرلار يەنىمۇ كېيىن ئېچىلىدۇ! ياكى ئەرەپ چۆللۈكلىرىدىكى ھېلىقى قىرىق قاراقچىلار « ئەۋلىيا » كۆرۈنگەندەك، بىزنىڭ دەۋرىمىز شۇنداق ئۆتۈپ كېتىشى مۇمكىن.

« 5- ئىيۇل » پاجىئەسىدىكى تېخىمۇ ئەجەپلىنەرلىك يەنە بىر ۋەقە شۇكى، م. ئازات سەپەرۋەرلىكىدە رابىيە قادىر خانىمغا ھۇجۇم قوزغاپ، كەڭ دائىرىلىك « جامائەت پىكرى » شەكىللەندۈرۈلگىنىدۇر.. قىزىق گەپ بۇ. خىتاي 9- ئىيۇلدىن باشلاپلا ئۈرۈمچىدىكى قانلىق توقۇنۇشنىڭ باشلامچىسى، قوتراتقۇچىسى ۋە بۇيرۇق چۈشۈرۈپ رەھبەرلىك قىلغۇچىسى رابىيە قادىر ـ دەپ، دۇنياغا جار سالدى. ئۇنىڭ ئۈستىدىن «

تېرور» دەۋاسى ئاچتى. قاق ئۈچ ئاي تاشقى ھۆجۇم ئارقىلىق بېئارام قىلدى. ئەمما خىتاي ۋاقىتلىق ئاۋارە قىلغان بولسىمۇ لېكىن ئۇنىڭ يولىنى توسىيالمىدى. ئۇنىڭدىن كېيىنلا « 5 ـ ئىيۇل ھەرىكىتىگە ئاكتىپ قاتناشقان 22 نەپەر سىياسى قاچقۇن » دىلوسى د ئۇ ق غا چېتىلدۇرۇلۇپ، ئاندىن رابىيە قادىر خانىمغا « ئادەم قاچاقچىلىقى بىلەن شۇغۇللاندى، ئەتكەسچى » قالپىقى كەيدۇرۇلمەكچى بولغان ئىدى. ئەمما بۇ سۈيقەست ب د ت مۇساپىرلار ئالى كومىمسارىياتى ۋە ياۋروپا پارلامېنتى مۇھاجىرلار كومىمسسارىياتى قاتارلىق ئالى ئورگانلار تەرىپىدىن بىت ـ چىت قىلىنىپ، 22 نەپەر قاچقۇنلارنىڭ تەقدىرى سىياسى پانالىق ئۈلچىمى بىلەن بەلگۈلەندى. بۇ دەۋادا خىتاي يېڭىلگەندىن كېيىن ئىككىنچى نومۇرلۇق يەنە بىر ئويۇن باشلاندى. يەنى بىر پەردىلىك ئويۇننى ئاخىرلاشتۇرۇپ، پەردە يېپىلدى. سەھنىدە قايتىدىن كۆرۈنۇش باشلاندى ـ خىتاي بارلىق چارىلىرىنى ئىشقا سېلىپ مەزكۇر قاچقۇنلارنى كامبودجادىن قايتۇرۇپ كەتتى. بۇ نۆۋەت خىتاي كۆتۈلمىگەن زور مۇۋەپپىقىيەت قازانغان بولدى. بىرىنچى مۇۋەپپىقىيەت : ۋەتەن ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئۇيغۇرلارغا ئۆزىنىڭ قانچىلىك غالىپ ئىكەنلىكىنى تونۇتتى. ئىككىنچى مۇۋەپپىقىيەت: ئۇيغۇرلارنى « خەلقئارالىق جەمئىيەت، ب د ت ، ياۋروپا ئىتتىپاقى ۋاھا كازا» دېگەن ئالىلىقانداق ئورگانلاردىن ئۈمۈتسىزلەندۈرۈپ، « يا ئۆلۇم، يا كۆرۈم » دىن ئىبارەت تۈيۇق يولغا باشلىيالىدى. ئۈچىنچى مۇۋەپپىقىيەت: بۇ ھەممىدىن چوڭ بولدى. ئۇ بولسىمۇ ئەركىن مۇنازىرە، ئەركىن پىكىر ئەۋزەللىكىدىن پايدىلىنىپ چەتئەلدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قىسمىنى رابىيە قادىر خانىمدىن يۈز ئۆرۈتەلىدى! بۇ خىل ئەركىن پىكىر شارائىتىنى ۋەتىنىم تورى تەمىن ئەتكەن بولدى. ئوخشىمىغان ئىسىم، ئوخشىمىغان تەخەللۇسلارنى ئىشقا سېلىپ ئىنتايىن ئازساندىكى يازارمەنلەر « پىكىرداشلار قوشۇنى» شەكىللەندۈردى. ئەركىن

پىكىر قىلىش ئارقىلىق « توغرىنى، ئادالەتنى، ھەقىقى ئىنقىلاۋى يولنى رابىيە قادىر خانىمغا كۆرسۈتۈش، ئۇنىڭ خاتالىقلىرىنى دەل ۋاقتىدا پاش قىلىپ، تېخىمۇ چوڭ خاتالىق سادىر قىلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشىغا ۋەسىلە بولۇش » نىقاۋى ئاستىدا ئۇنىڭ ئەڭ ئاجىز نوقتىسىغا ھۇجۇم قىلىشتى. خىتاي ئۇچ ئاي سىرتتىن ھۇجۇم قىلىپ ئۇنى ئۇپرىتالمىغان ئىدى. ئەمما ئۇيغۇرلار ــ « ئىنقىلاۋى سەپتىكى ئىنقىلاۋى سەپداشلار» ئۇچ ئايغا يېقىن ھۇجۇم قىلىپ ئۇنى ئوتتۇز يىللىق كۇچىدىن ئايرىدى. ئۇنىڭغا قارىتىلغان ئەمما ئىگىسى زادىلا نامەلۇم لېكىن قەبىھ خارەكتېرغا ئىگە يازمىلارنى ئاز ساندىكى سۇخەنچىلەر ئۇنىڭغا شەرھىلەپ چۇشەندۇرۇش ئارقىلىق ياخشى كىشىلەرگە دۆڭگەپ، پىلانلىق ھالدا ئۇنىڭ ئەڭ يېقىن قوللىغۇچىلىرىنى يامان كۆرسەتتى ھەم ئۇنىڭدىن ئايرىۋەتتى..... ئۇ ئۆزىنى يالغۇز قېلىۋاتقاندەك ھېس قىلىدىغان، ئۆزىنى يېتىم بالىدەك كۆرىدىغان، ئۆزىدىن ئاغرىنىدىغان بولۇپ قالدى. بۇ ئەھۋالنى مۇنداق چۇشۇنۇشكە بولىدۇ : دۇشمەن سىرتتىن ھۇجۇم قىلىپ شەھەر قەلئەسىنى ئالالمىغاندا، قەلئەنىڭ ئىچىدىن ئۆزىگە ئىتتىپاقداش، ئۆزى ئۇچۇن ئىشلەيدىغان سادىق غالچا تېپىپ ئۇنىڭ قولى بىلەن قەلئەنىڭ ئىچىدە پاراكەندىچىلىك، ئوت ئاپىتى پەيدا قىلىدۇ. ھەتتا قەلئەنىڭ دەرۋازىسىنى پاچاقلاتقۇزۇپ ئاندىن سىرتتىن بىر ھۇجۇم بىلەن شەھەرنى ئالىدۇ. ھادىسە شۇنداق يۈز بەردى. « 5 ــ ئىيۇل » پاجىئەسىدە رابىيە قادىر خانىمغا قارىتىلغان ئۇچ ئايلىق تاشقى ھۇجۇم، 22 نەپەر قاچقۇنلارنىڭ تەقدىرى سەۋەپلىك يەنە ئۇچ ئايلىق ئىچكى ۋە تاشقى ھۇجۇم نەتىجىسىدە رابىيە قادىر خانىمنى روھى، ئەقلى، جاسارەتلىرىدىن ئۇپراتتى ۋە ئۆزىگە ئىشىنىش، تەۋەككۇلچىلىك قابىلىيەتلىرىدىن خېلە بەكلا چېكىندۇردى. ئاخىرىدا بىرلا ھۇجۇم بىلەن د ئۇ ق نىڭ رەئىسلىك سالاھىيتىدىن ئايرىشقا، بۇۋرنقى كونا ھارۋۇنى يەنە كونا كېسىككە چۇشۇرۇشكە تەرەددۇت قىلىندى. بۇ ھادىسىلەر شۇنداق

ئاددى، يول يولىغا، گۈل گۈلىگە تەسادىپى كېلىپ قېلىشىمۇ ياكى«رەقىپلەرنىڭ ئىتتىپاقداشلىقى » مۇناسىۋەتلىرىمۇ!

شۇنداق قىلىپ ئەمدى بىر ئاز سەكرەپ قالدۇق. 1949 ـ يىلى ئەيسا گوروھىنىڭ سېپىدە چەتكە چىقىپ، ۋەتەن چىگراسىنىڭ يېنىدىن ئورۇن ئالغان، كۆنلەرنىڭ بىرىدە كۆچلۈك بىر دۆلەتنىڭ ياردىمى بىلەن خىتايغا قوراللىق ھۇجۇم قوزغاش ئېھتىمالى ئەڭ يوقۇرى بولغان ئۇيغۇر مۇھاجىرلىرىنى 1954 ـ يىلى تەيۋەندە ياتقان جاڭكەيشى تولىمۇ يىراق بولغان تۈركىيەگە سۈرگۈن قىلدۇرىۋەتتى. چىگرا ياقىسى خەتەرسىزلانغان بولدى. بۇ ھال جاڭ كەيشى بىلەن ماۋ زېدۇڭ ئوتتۇرسىدىكى « رەقىپلەرنىڭ ئىتتىپاقداشلىقى » مۇناسىۋىتى ئىدى. ئۇ ئىككىسى ئۆز ئارا ئىچكى مۇخالىپەتچى، ئىچكى دۈشمەنلەردىن ئىدى. ئۇلارنىڭ ئورتاق ھالدا ھەقىقى دۈشمىنى ئۇيغۇرلار ئىدى. گومىنداڭ خىتايلىرى بىلەن گۇڭشەنداڭ خىتايلىرى مىللى مەنپەئەت نوقتىسىدا ئىتتىپاقلىشىپ ئۇيغۇرلارنى يوقاتمىغان تەقدىردە ئۇيغۇرستاننى خىتاينىڭ ھېچقايسىسى بېسىۋالالمايتتى. شۇنىڭدىن كېيىن چەتئەلدە 50 يىل بېخۇتلاشتۇرۇلغان ئۇيغۇرلار گەرچە بېخۇت بولغان بولسىمۇ ئويغۇنۇش ئىقتىدارى بار ئىدى. ئەمما ئاشۇ ئەللىك يىلدىن كېيىن چىگرا ياقىسى يەنە بىر قېتىم خەتەرسىزلەشتۈرۈلگەن بولدى. لېكىن چىگرا ياقىسىنى خەتەرسىز ھالغا كەلتۈرۈشتە مۇھىم رول ئوينىغان كىشىلەرنىڭ قانداقتۇر ئۇيغۇر مەسىلىسىنىڭ غەرپلىشىشىگە رازىلىقى يوقتەك..... شۇڭلىمىكىن غەرپنىڭ دەرۋازىسىنى قېقىپ دات ئېيتىۋاتقان بىر ۋىجىك ئانىغا تەتۈر قاراۋاتقانۇر....

# خاتىمە

« ئەينەك ئۆيدە ئولتۇرغانلار قوشنىسىغا تاش ئاتمىسۇن » دەيدىغان بىر گەپ باركەن باشقا خەلقلەر تىلىدا. بۇ بىزنىڭ تىلىمىزدىكى « پىشانەڭنى سىلاپ باق » ، « ئەينەككە قاراپ بېقىپ ئاندىن بىر نەرسە دەرسەن » دېگەندەك تەنە سۆزلەرگە ئوخشاش مەناغا ئىگە سۆز بولۇپ، ئۆزىنى بىلمىگەن، ئۆزىدە بەش كۆتۈرۈم تۇرسىمۇ باشقىلارنىڭ تېرىقچىلىك نۇقسانىنى تۆگىدەك كۆرسۈتۈشكە، تاتىلاپ چاۋىسىنى چىتقا يېيىشقا ئالدىرايدىغان كىشىلەرگە بېرىلگەن ئاگاالاندۇرۇش بولسا كېرەك. ئەينەك ئۆينىڭ ئىچىدىكىلەر قوشنىسىغا تاش ئاتسا، ئەگەر قوشنىلار بىزدەك « بولدىلا » دەيدىغان، ياخشىلىقنىمۇ، يامانلىقنىمۇ ئۈچ كۈندىن كېيىن ئۇنتۇپ كېتىدىغان يۇۋاشلاردىن بولسىغۇ باشقا ۋەقە يۈز بەرمەس. ناۋادا قىلنى قىرىق يارىدىغان قوشنىلارنىڭ ھويلىسىغا تاش ئېتىپ قالغاندا ، ئاتقان تاش قاڭقىپ كېلىپ ئۆز ئۆيىنىڭ ئەينەك تېمىغا تەگسە ئىشلار قانداق بولۇپ كېتەر!

ئۇيغۇر دەۋاسىدا داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان شۇنداق بىر « دەۋا پىسخىكىسى » باركى، ئۇ « تاغ يۆتكەلسە يۆتكىلىدۇ، مىجەز يۆتكەلمەيدۇ

» ــ دېگەنىدەك، دەۋاگەرلەرنىڭ ئۆزگەرتىش مۇمكىن بولمايدىغان كىشىلىك خارەكتېرىگە قول قىلىۋېتىلگەن بەختسىز بىر دەۋا كەيپىياتىدۇر. ئەسلىدە ئۇيغۇر دەۋاسى، ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەتەن دەۋاسى پۈتۈنلەي جاپا مۇشەققەت، ھالاكەت، بەختسىزلىك، بالا قازا، تاپا، تەنە ۋە ئاچچىق ئاقىبەتتىن باشقا ھېچقانداق ھالاۋىتى يوق بىر ئېقىم. ئۇيغۇر دەۋاسى باشقا مىللەتلەرنىڭ دەۋاسىغا زادىلا ئوخشىمايدۇ. ئۇنىڭ ماددى ۋە نوپۇز جەھەتتىن دەۋاگەرلەرگە قىلچىمۇ مەنپەئەتى بولمىغان بىر دەۋادۇر. ئۇنى تالاشقۇدەك، قىزغانغۇدەك ھېچ ئالاھىدىلىكى يوق. شۇنداق بولىشىغا قارىماي، ئۆزىنىڭ قولىدىن بىر نەرسە كەلمەيدىغانلىقىغا قارىماي بۇ دەۋانىڭ ياقىسىدىن قول چۇشۇرمەيدىغانلارغا ھەتتا غەرىپلىكمۇ ھەيران قالىدىكەن. ئاندىن گۇمانلىنىپمۇ قالىدىكەن. چۈنكى ھېچقانداق مەنپەئەتى بولمىغان، ئۆزى ھەم قاملاشتۇرۇپ قىلالمايدىغان بىر ئىشقا نېمە ئۈچۈن شۇ قەدەر يېپىشىۋالىدۇ؟ ئۇنى بىر كىم شۇنداق قىلىشقا مەجبۇرلاۋاتامدۇ؟ ئەگەر شۇنداق يېپىشىپ تۇرمىسا ئۇنىڭ بىر ئېغىر ئاقىۋەتكە قېلىشى ياكى بىر جازاغا يولۇقۇشى مۇقەررەرمۇ؟ ــ شۇنداق بىر قاتار گۇمانى سوئاللار جاۋاپسىز قالىدۇ. سۆيگۈ باشقا گەپ! ۋەتەن سۆيۈش، كىشىلىك، ئۇيغۇرلۇق مەجبۇرىيەت باشقا گەپ. ئەمما ۋەتەن دەۋاسىنى ئۆزىنىڭ كىشىلىك خارەكتېرىگە بېقىندۇرۇپ، ئۇنى ئارامخۇدا نەپەسلەنگىلى قويماي « دات » دېگۈزىۋېتىشنىڭ ئۆزى چۈشۈنۈش قىيىن بولغان تەرەپتۇر.

ۋەتەن دەۋاسى قىلىش، ۋەتەن ئۈچۈن ئىنقىلاپ قىلىش سىناق قىلىپ كۆرۈپ باقىدىغان تەجرىبە خانا ئەمەس. كىشىلەر قىلىپ يۈرۈپ ئۆگىنىۋالىدىغان ھۈنەرمۇ ئەمەس. بەلكى ئۇ ئەمەلىيەتنىڭ يىغىندىسىدۇر. مۇكەممەل ئۇستقۇرۇلمىدۇر. تارىخى خۇلاسىدۇر. بۇ يولدا ماڭىدىغان كىشىنىڭ بىر كۆزى ئۆتمۈشتە، بىر كۆزى كەلگۈسىدە بولالىشى كېرەك. ئالدىنقىلارنىڭ خاتا باسقان ھەر بىر قەدەم ئىزلىرىنى

بايقىيالىغۇدەك يۇكسەك سەزگۈرلىكى، كەلگۈسىگە قانداق قەدەم بېسىشنى پىلانلىيالىغۇدەك پاراسىتى بولىشى لازىم. ئۆزى ھېچنەرسە قىلالمىغان لېكىن باشقىلارنىڭ نەزىرىدە « بەك چوڭ ئىش قىلدى » دەپ ئاتىلىپ قالغانلار بىزنىڭ كوچىلىرىمىزدا تولۇپ تېشىپ ياتىدۇ. ياتسىغۇ مەيلىتى بىراق پۈتشۈلۈشىپ، تاقىشىپ باشقىلارنىمۇ بىزار قىلىدۇ.

بىزدە قەھرىمانلارنى ھۆرمەتلەيدىغان بىر ئالىجاناپ خىسلەت بار! شۇ خىسلەت تۈپەيلى شەكىللەنگەن يەنە بىر ئادەتمۇ بار. ــ دۈشمەن بىلەن ئېلىشىپ ئۆلگەن كىشى ئەڭ قەدىرلىك، بىرىنچى نومۇرلۇق قەھرىمان، دۈشمەننىڭ قولىغا چۈشۈپ قېلىپ تۈرمىدە ئەڭ ئۇزۇن يېتىپ قالغان كىشى بىر دەرىجە تۆۋەنرەك ئەمما بەك باتۇر قەھرىمان، ئەگەر ئۇ دۈشمەننىڭ تۈرمىسىدە ۋەھشى ئازاپقا تارتىلىپ ئۆلتۈرۈلسە ئۇنىڭ دەرىجىسى ھەممىدىن ئەلا قەھرىمان، شۇ تەرىقىدە يىگىرمە يىل، ئون بەش يىل، ئۇنىڭدىن تۆۋەنلەپ كەتسە دەرىجىسى كىچىكلەپ قالىدۇ، تا ــ ئەڭ ئاز بىر يىل ياتمىغان كىشى دەۋادا سالاھىيەت يارىتالمىغان بولىدۇ. قانداقكەنمىز؟ ــ بىزدىن باشقا مىللەتلەردە ئىنقىلاۋى قەھرىمان دەپ نەتىجە ياراتقاننى دەيدۇ. ئۆلتۈرگەن دۈشمەننى ساناپ دەرىجىسىنى بەلگۈلەيدۇ. بىز بولساق دۆڭگە چىقىپ دۈشمەننىڭ غايىپ ئوقىدا ئۆلگەننى قەھرىمان دەيمىز. بىزدىكى قەھرىماننىڭ دەرىجىسى شۇنداق بەلگۈلىنىدۇ. تاكتىكا ئىشلىتىپ دۈشمەننى قايمۇقتۇرۇپ قۇتۇلغاننى خائىن دەيمىز. چەتئەلدە قىزىق بىر ئىش قەھرىمانلىقنىڭ قالپىقى بولۇپ قالغىلى تاسلا قالغان ئىدى. بۇ قالپاقنى كەيدۈرۈۋېرىشتىن خىتاي ئۆزى ھېيىقىپ قالدىمىكىن تاڭ خېلە يىللاردۇر بىزنىڭكىلەرنىڭ بېشى ئوچۇق قېلىۋاتىدۇ. « تېرورىست » ! بۇ قالپاقنى كېيەلمىگەن، ئاززۇ قىلىپ تېلىپ قالغانلار ئاز ئەمەستۇر ھەقاچان. شۇ قالپاقنىڭ ماركىسى شۇنچىلىك ساختا بولسىمۇ ئۇنى كىيىۋالغان كىشىدىن غەرپ دۆلەتلىرى

ئۇركۇپ يېقىن يولاتمايدىكەن. ئەمما بىزنىڭ ئادەملىرىمىز بۇ قالپاقنى چۆكۈرۈپ كېيىۋېلىپ، ئاندىن غەرپلىكنى قاغاپ يۈرىدىكەن ئەمەسمۇ! بۇمۇ خەلقىمىزنىڭ قەھرىمان چۈشەنچىسىگە باغلىق ئىش بولسا كېرەك. ۋەتەندىنغۇ خىتاي تۈرمىگە سولاپ، بىكاردىن قىيناپ ئۆلتۈرۈپ قەھرىمان پەيدا قىلىپ بېرەتتى. ۋەتەن سىرتىدا ئۇنداق قىلىش چارىسى بولمىغانكىن، شۇنداق قالپاق بولسىمۇ بولىۋېرىدىكەنغۇ...ـ 2001 ـ يىلى ياۋرۇپا پارلامېنتى يىغىن زالىدا بىر قېتىملىق « شەرقى تۈركىستان مەسىلىسىنى مۇھاكىمە قىلىش » يىغىنى چاقىرىلماقچى بولۇپ، شۇ چاغدىكى « خەلقئارا شەرقى تۈركىستان ( ئۇيغۇرىستان ) مىللى قۇرۇلتىيى » ئۆزىنىڭ ئومۇمى يىغىنىنىمۇ بىرگە ئۆتكۈزۈۋېلىش پىلانى بويىچە ۋەكىللەرگە دەۋەت يوللايدۇ. لېكىن قۇرۇلتاينىڭ ئوتتۇر ئاسىيادىكى ۋەكىللىرىنىڭ ئىسىم تىزىملىكىنى خىتاي ھۆكۈمىتى بىر ئەپلىك تېرور قالپىقىنىڭ ئاستىغا كىرگۈزۈپ بېلگىيە ھۆكۈمىتىگە تاپشۇرغان ئىكەن، ئۇلارغا تەستىقلاپ بولغان ۋىزا بېكار قىلىنىپ، دېپلوماتىيەدە خىتاي غەلبە قىلغان ئىدى. ك گ ب دېگەن گەپنى ئاڭلاپ بولغىچە تامبالنىڭ ئىغى يۆل بولۇپ كېتىدىغان شۇ قەدەر ئېھتىياتچان قېرى چۆرى ۋەكىللەرنىڭ شۇنىڭدىن ئۈچ يىل ئىلگىرى ئوتتۇر ئاسىيادا يۈز بەرگەن « ئۇيغۇر تېرورلىقى » بىلەن چېتىشلىقى بار ـ دېگەن بىر ئويدۇرما بىلەن خىتاي غەلبە قىلدى دېگەن گەپ.

ئۇيغۇرلار ئۆلتۈرۈلسە قەھرىمان! ئۆلتۈرسە قاتىل. ئۇيغۇرلار ھېچنەرسە قىلالمىسا مۆتىبەر مۇھىم شەخس، قانچىكى كۆپ ئۇتۇق ياراتسا ساتقۇن، خائىن. ئۇيغۇرلار مىللەتنى خانە ۋەيران قىلىدىغان ئىشقا تۇتۇش قىلسا يولى داغدام، مىللەتكە ئۇتۇق، نەتىجە ئېلىپ كەلسە قارا يۈز. بۇ بىزنىڭ دەۋا خارەكتېرىمىز. بۇ نوقتىدا ۋەتەن ئىچى، سىرتى دەپ ئايرىلمايدۇ. بىز نەدە بولىدىكەنمىز خۇسۇسىيتىمىز شۇ يەردە بار. شۇنىڭ ئۈچۈن بېشىغا ئاشۇنداق قالپاقنى ئىزدەپ تېپىپ كىيىۋالىدىغان لېكىن

يولىمۇ يوق، قىلىدىغان ئىشىمۇ يوق، ئىشىنىمۇ ئەپلەپ قىلالمايدىغان كىشىلەر مىللەتنىڭ ئىگىنى ئۆزىنىڭ ئەبگا خارەكتىرىغا بېقىندۇرۇپ يېتەكلەيدۇ. مۇشۇ يەردىن قايتارما قىلىپ بىر ئاز پىچىرلىشىپ باقايلى. « ئەينەك ئۆيدە ئولتۇرغانلار » زامانىمىزدا كىملەردۇر؟ ــ ئىسىم ساناشنىڭ ئۆزى ئۇخلاپ ياتقان شۇم چايانلارنىڭ ئۇۋىسىنى چۇخچىلىغاندەك بىر خاتالىق بولۇپ قالار. شۇڭا مۇجمەللەشتۇرۇپراق كۆرۈپ ئۆتەيلى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى « ۋەتەن سىرتىدىكى ئۇيغۇرلارنى بىر چوڭ مەركىزى تەشكىلاتقا توپلاپ، ئالدى بىلەن ئىقتىسادى مەسىلىنى هەل قىلىشماقچى » بولۇشتى. لېكىن ئەپلەشتۇرەلمىدى. ئىش ئويلىغاندەك ئاسان ئەمەسكەن. بەزىلىرى « قۇماندانلىق شتابىنى ۋەتەن سىرتىدا قۇرۇپ، ۋەتەن ئىچىگە پىدائى كىرگۈزۈپ ئىز چىل ماجرا پەيدا قىلىش ، خىتاينى پاراكەندە قىلىش ئارقىلىق هالسىرىتىپ ۋەتەننىڭ ئازاتلىقىنى قولغا كەلتۇرمەكچى » بولۇشتى. بىراق بۇمۇ بالىلارچە خىيال بولۇپ چىقتى. بەزىلىرى « ئالدى بىلەن ۋەتەن دەۋاسىنى دۇنياغا ئاڭلىتىپ، غەرپ ئەللىرىدىن خىتايغا قارشى ئىتتىپاقچى تېپىش، ئاندىن تېنچ، سىياسى يول بىلەن ۋەتەننى ئازات قىلىش » ماقچى بولۇشتى. بۇمۇ ئىغىزدا دەپ قويغان بىلەن بولۇپ قالىدىغان ئىش ئەمەسكەن. چۈنكى بىر نەپەر غەرپلىكنىڭ ئارقىسىدىن كىچىك بالىدەك دىڭىلداپ يۈگۈرۈپ يۈرمىسە، كۆزىگە قادىلىپ، يولىغا پۈتلۈشۈپ تۇرمىسا غەرپلىك ئۇنتۇپ قالىدىغان خەقكەن ئەمەسمۇ! ئۇمۇ قاملاشمىدى. ــ قانداق بولدى؟ ــ قانداق بولاتتى « خىتاي پۈتۈن دۇنيانى ئالداپ كەتتى، پۈتۈن دۇنيا خىتايغا سېتىلىپ كەتتى، بىزنىڭ دەردىمىزنى بىر ئاللاھ ئىگەم هەل قىلىپ بەرمىسە باشقا ئىلاجىمىز يوق! » دېيىلىپ، ئۈمۈتسىزلىك هۆكۈم سۈرگەن بولدى. بىراق خەلقىمىز بۇ ئەهۋالدىن قىلچىمۇ خەۋەرسىز ئىدى. يەنىلا شۇلاردىن چوڭ ئۈمۈتلەرنى كۈتەتتى. لېكىن بىزنىڭ ئەرباپلىرىمىز دەرنەكلەردە يىتىمچى، مۇساپىر

ئۇيغۇرلاردىن ئۇن تەڭگە ئەزالىق بەدەل پۇلى يىغىش، شۇ ئارقىلىق رەسمگە چۈشۈپ، جورناللارغا چاپلاپ باشقا ئەللەردىكى ئۇيغۇرلارغا كۆز-كۆز قىلىدىغان ئېھتىياجلارنى قامداشنىڭ چارىلىرىنى قىلىپ يۈرگەن شۇ ئۇمۇتسىز يىللاردا شەرقى تېمۇر ھىندۇنوزىيەدىن سۆكۈلۈپ چىقىپ مۇستەقىل دۆلەت بولدى. كوسوۋا سېربىيەدىن قوتۇلۇپ مۇستەقىل دۆلەت بولدى. مونتەنەگرو سېربىيەدىن ئايرىلىپ مۇستەقىل دۆلەت بولدى. بۇ بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزدىكى ئىشلار ئىدى. شۇ يىللاردا بىز نېمە ئىشلارنى قىلالىدۇق؟ ـ شۇ چاغلاردا نەشىر قىلىنىپ كەتكەن « گېزىت، جورناللار » نى ۋاراقلاپ باقىدىغان بولساق ۋە ھازىرقى ئۇيغۇر دەۋاسىنىڭ نەتىجىلىرىگە سېلىشتۇرۇپ دەڭسەپ باقساق نېمە ئىشلارنى قىلىپ يۈرگەنلىكىمىزنى ئېكراندا كۆرگەندەك كۆرەلەيمىز. ۋەتەن دەۋاسى دېگەن ئىشنى ھەممە كىشى ئىشتىن سىرتتقى، قوشۇمچە ۋە دەم ئېلىش ۋاقىتلىرىدا قىلاتتى. ئەسلىدە ئاجىرتىلغان بۇ ۋاقىتلار بىر دوقمۇشقا توپلۇشۇپ ياكى بىرلىرىنىڭ ئۆيىگە يىغىلىشىپ دامكا، شاخمات، قارت ئويىنىسا بولىدىغان قوشۇمچە ۋاقىتلار ئىدى. بىراق كېيىۋالغان قالپاقلار، كۆتۈرۈۋالغان ئۇنۋان تاختىلار بەك چوڭ بولغاچقا، شۇ تاختايلارغا پۈتۈن بىر مىللەت ئۇمۇتلىرىنى باغلىۋەتكەن بولغاچقا، بارغانلىرىدا، كەلگەنلىرىدە بېشىدا كۆتۈرۈپ دېگەندەك ئوينۇتۇپ ئەتىۋارلاپ يولغا سالىدىغان بولغاچقا ئۇلار ئەشۇ كىچىككىنەك قوشۇمچە ۋاقىتلىرىنى « ۋەتەن دەۋاسى ئۈچۈن » باش قاتۇرۇپ ئىسراپ قىلىۋېتىشەتتى. بۇ ۋاقىتلارنىڭ سىرتتا شۇنچىلىك داڭقى، ھەشەمىتى باتتى. ئېچىنى كىشىلەر بىلمەيتتى. ھەممە ئادەم جان بېقىش كېرەكتە! پۈتۈن بىر دۆلەتتىكى يىتىمچى، مۇساپىر ئۇيغۇرلار توپلۇشۇپ بىر باشلىقنىڭ مائاشىنى تەمىنلىيەلمەيتتى. باشلىقمۇ ئەزالارغا ئوخشاش ئىشلىشى كېرەك ئىدى. باشلىق بىلەن ئەزالارنىڭ ئوتتۇرسىدىكى پەرق يەرلىك تىلنى بىلىشتە، نامايىش، تۈرلۈك يىغىن، ئولتۇرۇشلارنى تەشكىللەشتە، بوش ۋاقتىنى

سەرپ قىلىپ دەرنەككە كېلىپ ئولتۇرۇشتا كۆرۈلەتتى. باشلىقنىڭ قىلىدىغان باشقا چوڭراق، ئالاھىدە بىر ئىشى، نەتىجىسى بولمىسا ئەزالار ئۇنى نېمىشكە مائاش بېرىپ بېقىشى كېرەك! باشلىقمۇ، ئەزالارمۇ زېرىكىپ، تېرىكىپ، تازا ھاردۇق يېتىپ قالغان، « ئۇھ ھ ھ ھ ھ ھ ھ ھ.......» دەپ چوڭقۇر تىنىپ قېلىۋاتقان تازا يامان بىر پەللىگە كېلىپ قېلىۋاتقاندا ــ « رابىيە قادىر خانىم تۈرمىدىن چىقىپ ئامېرىكىغا كېلىپتۇ!!!!!!! » دېگەن شۇئار ياڭرىدى. قۇلاقلار قىزىدى. يۈزلەر پارلىدى. كۆزلەر جۇلالىنىپ كەتتى. قانلار قىزىپ، ئادەم كەلمەس بولۇپ كەتكەن دەرنەكلەر ئاۋاتلىشىپ، ئەتراپ باھار پەسلىگە كىرگەندەك رەڭلىك كۆرۈنۈشكە باشلىدى. چۈنكى، رابىيە قادىر خانىمنىڭ خىتاي تۈرمىسىدىن چىقىرىلىپ ئۇدۇل ئامېرىكىغا كېلىشىدە قانداق سودا، قانداق كۈنتەرتىپنىڭ بارلىقى ھېچكىمگە ئايان بولمىغان بىر قاراڭغۇلۇق بولسىمۇ، كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە، تەپەككۇرىدا ــ ئامېرىكا ئۇيغۇر مەسىلىسىگە قول تىقىپ ئارلاشتى، ئامېرىكا ئۇيغۇر مەسىلىسىدە خىتايدىن غالىپ كەلدى، ئەمدى غەرپ دۇنياسى ئۇيغۇر مەسىلىسىگە قول تىقىدۇ! ــ دېگەن خۇلاسە ھۆكۈم سۈرەتتى. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئۇيغۇر دەۋاسىنىڭ يولىغا قايتىدىن مەشئەل يېقىلغان بولدى. بىراق ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا يوقۇرىدا ساناپ ئۆتۈلگەن « ئەينەك ئۆيدە ئولتۇرغانلار » قوشنىسىغا بەس بەستە تاش ئېتىشقا باشلىدى. تاش ئېتىۋاتقانلارنىڭ ئارىسىدا ئەلۋەتتە خىتاينىڭ ئەڭ يوشۇرۇن خادىملىرى بولىشى سۆزسىز. لېكىن مۇتلەق كۆپۈنچىسى ھەربىر تاشنى « ۋەتەن ئۈچۈن ئىش قىلىۋاتىمەن! بۇ ئىنقىلاپتۇر » دېگەن ئەقىدىسى بىلەن ئاتقان بولدى. ئۇلار قوشۇمچە ۋاقىتلىرىدا ۋەتەن دەۋاسى قىلىپ ئادەتلىنىپ كەتكەنلەر، « ئىنقىلاپ قىلىپ قالپاق كىيىۋالغان » لار ئىدى. سەۋەپ ئىنتايىن ئېنىق ــ رابىيە قادىر خانىم ۋەتەن دەۋاسىنى ئۇلارنىڭ خارەكتېرىدىن ئازات قىلىپ، دۇنيا سەھنىسىگە ئېلىپ چىقتى. ئەمما رابىيە قادىر

خانىمنى ئاۋام خەلق ئىزچىل قوللاپ كەلدى. چۈنكى خەلق ئاممىسىنىڭ شۇنداق بىر رەھبەرگە بەكمۇ ئېھتىياجى بار ئىدى.

« ئەينەك ئۆيدە ئولتۇرغانلار » بۇنىڭدىن ئىلگىرى ئۆز ـ ئارا ئىت بىلەن مۈشۈكتەك خىرىس قىلىشىپ، غاجىلىشىپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ لېكىن قوشنىسىغا تاش ئېتىشتا ئاجايىپ يېقىنلىشىپ، مەدەتلىشىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ بىر قىسمى « دۈشمەنگە قارشى قوراللىق ئۇرۇش قىلىش » ۋەزىپىسىنى ھۆددىگە ئېلىۋالغان چېغى ـ رابىيە قادىر تېنچلىقنى تەشەببۇس قىلىۋاتىدۇ، ۋەتەن قان تۆكمىگۈچە ئازات بولمايدۇ، ئەگەر ئازات بولۇپ قالسىمۇ ئۇنداق ئازاتلىقنىڭ تەمى بولمايدۇ ـ دېيىشتى. خۇددى گەمىسىگە قورال كۆمۈپ قويۇشقاندەك، كۆمۈكتىكى قوراللىرىنى دات بېسىپ كېتىۋاتقاندەك كايىشىپ. ئۇلارنىڭ بىر قىسمى « ئەجداتلىرىدىن قالغان مۇستەقىللىق بايرىقى » نى كۆتۈرۈشۈپ يۈرۈشكەنلىرىدەك ـ رابىيە قادىر مۇستەقىللىقتىن يۈز ئۆرىدى، بۇ مىللەتكە قىلىنغان خائىنلىق، دەۋاغا قىلىنغان ئاسىلىق ـ دېيىشتى. خۇددى ئۇلارنىڭ قەلئەلىرىدىكى دۆلەت بايرىقىنى رابىيە قادىر خانىم يۇلۇپ ئېلىپ خىتايغا بېرىۋېتىپ بارغىنىدەك چالۋاقىشىپ. ـ رابىيە قادىر خانىم ئۇلار ئېيتقاندەك شۇنداق بىر خاتالىققا قەدەم بېسىۋاتامدۇ؟ ـ ۋەتەن ، مىللەت مەسىلىسىدە، دەۋا مەسىلىسىدە خاتالىق ئۆتكۈزۈش قىيچىنغىلى بولمايدىغان تەبىئى ئەھۋالدۇر. بولۇپمۇ ئۆز مەسىلىسىنى ئۆز كۈچىگە تايىنىپ بىر تەرەپ قىلالمايدىغان ئاجىز مىللەتنىڭ ھەرىكەتلىرىدە خاتالىق قاش بىلەن كىرپىك ئارىسىدىكى مۇساپىدە يېقىندۇر. بۇنىڭدىن بۇرۇن قىلغان ئەتكەنلىرىدىكى خاتالىقلىرىنى ئېتىراپ قىلىشمىغانلار، خاتالىقلىرىدىن ئىبرەتلىك ساۋاق قالدۇرمىغانلار باشقىلارنىڭ ئۈستىدىن « خاتا قىلدىڭ » دېيىشكە قانداقمۇ پېتىنىسۇن! ئۆز ئۈستىدىكى خاتالىقلىرىنى « مەن خاتا قىلمىدىم » ـ دەپ، ئۆزگە قىل قوندۇرمىغانلار باشقىلارنىڭ خاتالىقى

ئۇستىدە توختۇلۇشقا نېمە ھەددى بولسۇن! خاتالاشقانلار ھازىرغىچە ئۆز خاتالىقلىرىنى پاش قىلىدىغان بىر جۈملە خەت يېزىپ باققىنى يوق. خاتالىقلارنى پاش قىلىش كېيىنكىلەرنىڭ خاتالىق سادىر قىلماسلىقىغا، ھېچ بولمىغاندا كۆپ زىيان تارتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا بېرىلگەن سىگنال ۋە قىممەتلىك دەرستۇر. ئەمما خاتالىقنى يوشۇرۇش، خاتالىقنى بويىنغا ئالماسلىق خىيانەتنىڭ بىر تۈرىدۇر.

نۆۋەتتىكى ئەڭ مۇھىم، ئەڭ جىددى مەسىلىگە كەلسەك ۋەتەن سىرتىدىكى سىياسىي، ئىنقىلاۋى ھەرىكەتلىرىمىزنىڭ ئەڭ يوقىرى پەللىسى، جان تومۇرى ھېساپلىنىدىغان « ۋەتەن دەۋاسىنى غەرپكە ئاڭلىتىش » كەسپى ئاساسەن ئۆز قانۇنىيىتى بىلەن پىشىپ يېتىلدى ــ دېسەك مۇبالىغە بولۇپ كەتمەيدۇ. غەرپلىك ئۇيغۇرلارنىڭ نېمىگە ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىنى، نېمە قىلالايدىغانلىقىنى ۋە نېمە تەلەپ قىلىدىغانلىقىنى بىلىپ يەتتى. لېكىن قىلىدىغان ئىشنىڭ قايسى ئۇسۇل بىلەن، قايسى ۋاقىتتا قىلىنىشى كېرەك ئىكەنلىكى مەسىلە بولۇپ قالدى. بىزنىڭ « ئەينەك ئۆيدە ئولتۇرغان » ئەرباپلىرىمىزنىڭ ئارزۇلىرى بىلەن بولغاندا بىر ئىشكىتىن رابىيە قادىر خانىم كىرىپ دەۋا ــ تەلەپلەرنى دەپ چىقسا، يەنە بىر ئىشكىتىن ئاق سارايىنىڭ قوماندانلىرى ئەسكەر باشلاپ ئۈرۈمچىگىلا بېرىپ بولىشى كېرەك ئىدى. رابىيە قادىر خانىمغا بېرىلگەن روھى زەربىلەرمۇ شە ۋەجىدىن بولغان ۋە يوشۇرۇن داۋاملاشماقتا. بىر ئۆمۈر « ئەينەك ئۆيدە ئولتۇرغان » ، ھەتتا سۇلالىسىدىن « تېنچلىق » پەلسەپىسىنى تەشەببۇس قىلىپ كەلگەن « مۇھىم » ئەرباپىمىز « 5 ــ ئىيۇل » شەھىدلىرىگە ئاتاپ بېرىلگەن نەزىردە مۇنداق دېدى : « مەن بىر ئۆمۈر تېنچلىق يولىنى تاللىدىم، تەشەببۇس قىلدىم. غەرپتىن ئۈمۈت كۈتتۈم. بىراق ئىش مېنىڭ كۈتكىنىمدەك بولمىدى. دېموكراتىك غەرپ، ئىنسان ھەقلىرىنى قوغدىغۇچى غەرپ شۇ قەدەر قانلىق پاجىئەنى كۆرمەسكە سالدى. شۇڭا

دېمەنكى، ياش ئالىملىرىمىز، مۇتەخەسسىسلىرىمىز باشقىچە بىر يوللارغىمۇ باش قاتۇرۇپ باقمىسا بولمايدىغان ئوخشايدۇ. بۇنىڭدىن كېيىنكى ۋەتەن تەقدىرىنى ئويلۇشۇش سىلەرگە مەنسۇپ!.....» ئەرباپ شۇنچىلىك ئەقىللىق ئىدىكى بۇنىڭدىن ئىلگىرى غىت قىلىپ ئۇسۇرۇپ قويسىمۇ سۆرەتلىك ئاۋازغا ئېلىنىپ تۇراتتى، بىراق بۇ قېتىم ھەتتا رەسىمگىمۇ تارتىلمىدى. چۈنكى ئۇ بۇ گەپلىرىنىڭ توغرا بولمىغانلىقىنى ياخشى بىلەتتى. كۆنلەرنىڭ بىرىدە جاۋاپكارلىقى سۈرۈشتۈرۈلۈشتىنمۇ ئىھتىيات قىلاتتى. ئەمما ئۇنىڭ ئېيتقانلىرى چاپارمەن، يازارمەنلىرىنىڭ مېڭىسىگە مۆھۈر بولۇپ بېسىلدى. ئۇلار قەلەم كۆرۈشنى شۇ يۆنۈلۈشتە ئېلىپ بېرىشقان بولۇشتى.

پىكرىمنىڭ ئاخىرىدا تەۋەككۈلچى رەھبەر، مەنىۋى ئانىمىز رابىيە قادىر خانىمغا ئىزھار قىلىدىغان قىسقىلا سۆزۈم بار. ــ ئۇيغۇر مەسىلىسى كېيىنكى ئىككى ئەسىردىن ئېتىبارەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچكى ئىشى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزىگە تالىق مىللى مەسىلە دائىرىسىدىن ھالقىپ، جاھانگىر دۆلەتلەرنىڭ، چوڭ قۇتۇپلارنىڭ توقۇنۇش تۈگۈنىگە ئايلانغان مۇرەككەپ دەۋا ئىكەنلىكى شۈبھەسىز. قوپال تىل بىلەن ئېيتقاندا ئۇيغۇر دەۋاسى زەرداپقا تولغان يىرىڭلىق ياردۇر. زىمممىزدىكى ۋەزىپە يارىنى ئېغىز ئالدۇرۇش. ئەمما ئۇنى داۋالاپ ساقايتىش بولسا بىزنىڭ قولىمىزدىن كېلىدىغان ئاددى ئىش ئەمەس. ئۆتكەن ئىككى ئەسىرلىك تەقدىرىمىزنىڭ تارىخى جەريانىدىن قارىغاندا ھەرقېتىم يارىنى دەل پىشىپ يېتىلگەندە ئېغىز ئالدۇرمىغانلىقتىن ياكى ئۆزەم داۋالايمەن ــ دەپ تىببى مۇلازىمەتنى توغرا قوللىنالمىغانلىقتىن كېسىلىمىز شىپا تاپالماي كەلگەنلىكى كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ. كۈنىمىزدە ئۇيغۇر دەۋاسىنى خەلقئارالاشتۇرۇش چارە ـ تەدبىرلىرى يارىنى ئېغىز ئالدۇرۇش ئۈچۈن سۈرتۈلگەن مەلھەم بولىشى مۇمكىن. ئەمما ئۇنى داۋالاپ ساقايتىش بولسا تەقدىرىمىزنىڭ مەلۇم شەكىلدە ھەل قىلىنىشى دېمەكتۇر. لېكىن

ئۆزىمىزدە تەقدىرىمىزنى ھەل قىلالىغۇدەك ئىمكانىيەت بولمىغانلىقى ئۈچۈن سىرىتقى كۈچلەرگە بېقىنىشقا مەجبۇرمىز. مانا مەسىلىنىڭ مۇشۇ تەرىپى تولىمۇ چىگىش، مۇرەككەپ بولغانلىقى ئۈچۈن تارىخلىرىمىزدا بىردە ستالىن ئىمپېرىيەسىگە بېقىنىپ بەختسىزلىككە يولۇققان بولساق، بىردە تارىخى دۈشمىنىمىز بولغان خىتاينىڭ ئۆزىگە ۋاستىلىك ياكى بىۋاستە بېقىنىپ، كېلىشىم ۋە ئىتتىپاق تۈزۈپ پۈتۈنلەي ھالاك بولغان ئىدۇق. نۆۋەتتىكى ۋەزىيىتىمىزدە مەۋھۇم بىر كۆلەڭگە ئەندىشىگە سالماقتا. ئېنىق قىلىپ ئېيتقاندا ئۇيغۇر دەۋاسىنىڭ خەلقئارالىشىشىغا ئەگىشىپ، ئۇيغۇر دەۋاسىنىڭ غەرپلىشىشىگە ياندىشىپ دەۋانىڭ مەۋقەئەسىنى يۈمشۈتۈش، دۈشمەنگە تۈتقان پوزىتسىيەسىنى قىسمەن مۆتىدىللەشتۈرۈش نەتىجىسىدە ۋەتىنىمىزنىڭ كەلگۈسىدىكى ھوقۇق مەسىلىسى ئۈستىدە سۆزدە بولسىمۇ بىر قەدەم ئارقىغا چېكىنىش ئارقىلىق بىزگە « ياردەم قىلىۋاتقان » غەرپلىك ۋاستىچىلەر بىلەن دۈشمىنىمىز خىتاينىڭ ئارىسىدا مەنپەئەت ئۈلاشتۇرىدىغان كۆۋرۈككە ئايلىنىپ قېلىش ئېھتىماللىقى مەۋجۇتلىقىمىزنىڭ خاتىمىسىگە چېلىنغان ئاخىرقى سىگنال بولۇپ قېلىشىنى ئەسكە سالماقتا! دېمەكچى بولغىنىم ـ غەرپلىك بىزدىن نېمە ئۈچۈن ئېنىق مەۋقەئە تەلەپ قىلىدۇ ؟ ـ دېگەن سۇئال ئۈستىدە. چۈنكى ئۇيغۇرلارنىڭ مەۋقەئەسى خىتاينىڭ مۇستەملىكىسىدىن ئايرىلىپ چىقىپ مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇشتۇر. ئەگەر بۇ مەۋقەئەرىمىز تۈپەيلى غەرپلىكلەر بىز توغرۇلۇق خىتاي بىلەن ئوچۇق سۆزلىشەلمەيۋاتقان بولسا، يەنى « مۇستەقىللىق تەلەپ قىلىدىغان ئۇيغۇر بۆلگۈنچىلىرىگە ياردەم قىلدى » ـ دەپ خىتاي نارازى بولۇپ، ئۇلار بىلەن سۆزلۈشۈشنى رەت قىلسا، شۇ سەۋەپتىن غەرپلىك ئۇيغۇر مەسىلىسگە تازا كۆڭۈل بۆلەلمەيۋاتقان بولسا، شۇ نوقتىنى نەزەردە تۇتۇپ ئۇيغۇرلار ھازىرچە مۇستەقىللىق دەپ

تۇرىۋالماسلىقى ئىشىكىنىڭ ئېچىلىشىغا ۋاستە بولاتتى دېيىلىۋاتقان بولسا، ئۇنداقتا خىتاي دۆلىتىنىڭ قىزىل بايرىقنى كۆتۈرۈپ چىقىپ ھەق تەلەپ قىلغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ قانلىق باستۇرۇلىشىغا نېمىشكە تۆت ئېغىز گەپ قىلالمىغاندۇر!

رابىيە قادىر خانىم « ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئۆمرى ئاخىرلىشىپ قېلىۋاتقان » بىر ئەجەللىك پەيتتە يەتكۈزۈلگەن بەك قىممەتلىك، مۇھىم شەخسدۇر. ئەگەر ئۇنى ئەڭگىلىزچە سۆزلەيدىغانلار مەۋقىئەسىدىن ئېغىزدا بولسىمۇ ئېنىق چېكىندۇرسە، ئۇنىڭ خەلق بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى سۇسلىشىپ كېتىشى مۇقەررەر.... ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇيغۇرلار يەنە بىر نوپۇز ئىزدەشتىن يالتىيىپ قېلىشى، ۋاز كېچىشى مۇمكىن. مۇستەقىل جۇمھۇرىيەتنىڭ رەئىسلىكىدىن ۋاز كېچىپ شىڭ شىسەي بىلەن مۇرەسسە قىلغان خوجانىياز شۇ چاغدىكى ئەڭ قۇدرەتلىك كۈچ بولغان سىتالىننىڭ يول يۇرىقىغا ئەگەشكەن ئىدى. ئەيسا گورۇھىدىن ئىبارەت گومىنداڭ ھاكىمىيىتى بىلەن بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرغان، مۇستەقىللىقتىن چېكىنگەن شەرقى تۈركىستان رەھبەرلىرىمۇ سىتالىننىڭ يول يۇرۇقلىرىنى قوبۇل قىلغان. ئەمدى ئاخىرقى ئۆمرىمىزدە قەلبىمىزدە قالغان مۇستەقىللىقتىن سۆزدە چېكىنىپ تۇرساق بەلكى بۇ ئاخىرقى قېتىملىق خاتالىقىمىز بولۇپ قالار... چۈنكى ئۇنىڭدىن كېيىن خاتالىق ئۆتكۈزىدىغان بىر كىممۇ چىقماس.

غەرپلىك بىلەن مەن گەپلىشەلىگەن بولسام ـ بىز شۇنداق قاتتىقراق خەلق. ئىلمىلىكنى بەك چۈشۈنۈپ كەتمەيمىز. شۇڭا سىلەرگە تىرلىيونلۇق بازار مەيدانى ھازىرلاپ بېرىۋاتقان خىتاي دۆلىتىگە تۆت ئېغىز گەپ قىلىپ، ئۇيغۇرلارنى بىھۇدە ئېتىپ ئويناشتىن، بىھۇدە تۈرمىگە سولاپ قىيناشتىن چېكىندۇرۇپ بىر ئاز يۇمشۇتۇپ بەرگەن بولساڭلار، شۇ چاغدا بىزمۇ ئىلمىيلىشىپ يۇمشاپ قالساق ئەجەپ ئەمەس

ــ دەپ باققان بولاتتىم. بەلكى ئانىمىز رابىيە قادىر خانىم بۇنداق گەپلەرنى مىڭ قېتىملاپ دېگەندۇر. لېكىن...... شۇڭا دەيمىنا، ئۇلار نېمىشكە يۇمشاپ ئېزىلىپ كېتىۋاتقان بىزنىلا يۇمشۇتۇشقا كىرىشىپ قالغاندۇر!

ئابدۇرەھىمجان

2011 ــ 5 ــ ئاپرېل مىيونخېن